# قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژورنىلى

AltunOq

1

1984

www.uyghurkitap.com


# قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتوتى ئىلمىي ژۇرنىلى

(ئۈنۋېرسال، پەسىللىك ژۇرنال)

1984-يىل 1-سان

قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتوتى ئىلمىي ژۇرنىلى تەھرىر ھەيئىتى تەرىپىدىن تۈزۈلدى

ئومۇمى 14-سان


## مۇندەرىجە


نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش —مار-
كسىزمنىڭ ئاساسىي پىرىنسىپىدۇر ...... يۈسۈپجان سابىت 2
يولداش دېڭشاۋپىڭ —زىيالىيلارنى، ئىلىم-پەننى ۋە مائارىپنى قەدىرلەشنىڭ
ئۈلگىسىدۇر ...... ھامۇت سابىر 12
مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋىدا پارتىيە ئىچىدىكى 4 قېتىملىق زور كۈرەش
......ئابدىكېرىم پالتۇ، يۈسۈپجان سابىت 29
كاپىتال ۋە سوتسىيالىزىم شارائىتىدىكى تاۋار ئىگىلىكى ...... غېنى ھاجى 45
سىفەن مائارىپىنىڭ ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا ...... سۈنجىڭ 47
قەدىمقى ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى فونېتىكىسى توغرىسىدا ...... يېشاۋجۈن 60
ۋەتەن سۆيۈش- زوزۇڭتاڭ ئىدىيىسىنىڭ يادروسى ...... جۇشۇيشۇن 81
(سەمەت دۇگايلى تەرجىمىسى)
ھونلار جۇڭگودا
— ھونلارنىڭ جۇڭگوغا كۆچۈپ كىرىشى ...... تۇرغۇن ئالماس 90
ماددىنىڭ ئاتوم، مالېكۇلىدىن تۈزۈلگەنلىكىنى ئىسپاتلەيدىغان بىر قانچە
فىزىكىلىق مىقدارلار ...... رەھىم سايىت 143
3- تەرتىپلىك ماترىتسا ۋە ۋېكتورلۇق بوشلۇق ...... ئىسمايىل تالىپ 149



بۇ سان 1983 — يىل نويابىردا زاۋۇتقا ئوتكۇزۇلۇپ، 1984—يىل 30—مايدا باسمىدىن چىقتى

# نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش —ماركسىزمنىڭ ئاساسىي پرىنسىپىدۇر

—«دېڭشياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» نى ئۆگەنگەندىن كېيىن

يۈسۈپجان سابىت

يولداش دېڭشياۋپىڭ تارىخى ئەھمىيەتكە ئىگە پارتىيە 12-قۇرۇلتىيىنى ئېچىش نۇتقىدا «بىز زامانىۋى قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشتا جۇڭگونىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ئاساس قىلىشىمىز كېرەك»، «ماركسىزمنىڭ ئومۇمىي ھەقىقىتىنى ئېلىمىزنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئۆز يولىمىزدا مېڭىش، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش—ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ چىقارغان ئاساسىي خۇلاسىمىز ئەنە شۇ» («دېڭشياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» ئۇيغۇرچە نەشرى 634—بەت) دەپ كۆرسەتتى. يولداش دېڭشياۋپىڭنىڭ ناھايىتى چوڭقۇر مەنىگە ئىگە بۇ سۆزى پارتىيىمىزنىڭ ئېلىمىزدە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىنى توغرا بىرتەرەپ قىلىشتىكى يېتەكچى ئىدىيىدۇر. شۇنداقلا ئۇ 12— قۇرۇلتاينىڭمۇ يېتەكچى ئىدىيىسىدۇر. 12—قۇرۇلتاي ماركسىزم—لېنىنىزم ئىلمىي سوتسىيالىزم نەزەرىيىسىنى جۇڭگونىڭ ئەمەلىي ئەھۋالغا ئىزچىل بىرلەشتۈرۈپ، مۇناسىۋەتلىك قارارلارنى چىقاردى. 12- قۇرۇلتاينىڭ قارارى پىراگرامما، يۇنۇلۇش — سىياسەتلىرى بىزنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشىنى تىزلىتىشىمىزدا غايەت زور كۈچ بېغىشلىماقتا.

يولداش دېڭشياۋپىڭنىڭ 12— قۇرۇلتاينىڭ ئېچىش نۇتقىدا ئوتتۇرىغا قويغان چوڭقۇر مەنىلىك بۇ سۆزى، پارتىيىمىزنىڭ 60 نەچچە يىللىق تارىخى تەجرىبە ساۋاقلىرىنى يەكۈنلەش ئاساسىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

پرولېتارىياتنىڭ ئۇلۇغ ئۇستازى ۋىلادىمىر ئېلىچ لېنىن، ماركسىزمدىكى ئەڭ تۈپ ماھىيەتلىك نەرسە، ماركسىزمنىڭ جانلىق روھى —كونكرېتنى ئەھۋالنى كونكرېت تەھلىل قىلىشتىن ئىبارەت (1) دەپ كۆرسەتكەن ئىدى. بۇ ماركسىزم - لېنىنىزمنىڭ ئومۇمىي ھەقىقىتىنى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتىگە ئىزچىل بىرلەشتۈرۈش، كونكرېتنى ئەھۋالنى كونكرېتنى تەھلىل قىلىش كېرەك دېگەنلىكتۇر. يولدش ماۋزې-

AltunOq

دوڭ 1942-يىلى ئۇلۇق يەنئەن ئىستىل تۈزىتىش ھەركىتىدە، پارتىيىمىزنىڭ جۇڭگو ئىنقىلاۋىغا يېتەكچىلىك قىلىش جەريانىدىكى ئىجابى ۋە سەلبى جەھەتتىكى تەجرىبە-ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ مۇنداق كورسەتكەن ئىدى: ماركسىزىم-لېنىنىزىمنىڭ ئومۇمى ھەقىقىتىنى جۇڭگونىڭ كونكرىت ئەمەلىيىتى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈش كېرەك. ماركسىزىم-لېنىنىزىملىق مەيدان، نوقتىئى نەزەر ۋە ئۇسۇلنى قوللۇنۇپ، جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ ئەمەلىيىتىنى ئىخلاس بىلەن تەتقىق قىلىپ، جۇڭگونىڭ ئېھتىياجىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان نەزەرىيە يارىتىپ بۇ ئارقىلىق جۇڭگو ئىنقىلاۋىغا يېتەكچىلىك قىلىشىمىز لازىم (2) ماۋزېدوڭ ماركسىزىم-لېنىنىزىمنى قورال قىلىپ، جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ مەسىلىلىرىنى ئىلمى ئاساستا تەھلىل قىلىپ، جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ بىر يۈرۈش توغرا نەزەرىيىسىنى ئوتتۇرغا قويۇپ، يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاپنىڭ غەلبىسىنى قولغا كەلتۈرگەن ئىدى.

يولداش دېڭشياۋپىڭنىڭ ئېچىش نوتقىدا ئوتتۇرغا قويغان نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈش، جۇڭگونىڭ ئەھۋالىنى ئاساس قىلىش ئىدىيىسى ماركسىزىم-لېنىنىزىم ۋە ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە زىچ بىرلەشتۈرۈش، كونكرېت مەسىلىنى كونكرېت تەھلىل قىلىش دېگەن تۈپ روھىغا ۋارىسلىق قىلىپلا قالماي، پارتىيىمىزنىڭ ئۇزۇن يىللىق تارىخى تەجرىبىلىرىنى ئەتراپلىق ۋە چوڭقۇر يەكۈنلەش ئاساسىدا ئوتتۇرغا قويۇلغان ئىلمى خۇلاسە.

جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ ئاساسىي تەجرىبە-ساۋىقى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، پارتىيىمىز قاچان ماركسىزىم-لېنىنىزىمنىڭ ئومۇمى ھەقىقىتىنى جۇڭگونىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرگەن، جۇڭگونىڭ ئەمەلى ئەھۋالىنى چىقىش قىلغان بولسا ئىنقىلاپ غەلبىسىرى ئالغا ئىلگىرىلىگەن. قاچان ماركسىزىم-لېنىنىزىمنىڭ ئومۇمى ھەقىقىتىنى جۇڭگونىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرمىگەن، جۇڭگونىڭ ئەھۋالىنى چىقىش قىلمىغان بولسا ئىنقىلاپ ئارقىغا چېكىنگەن ياكى مەغلۇپ بولغان. مەسىلەن، ئالايلى: 1928-يىلىدىن 1935-يىلغىچە ۋاڭمىن قاتارلىق سول ئاغمىچىلار ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىنلار قايتا-قايتا تەكىتلىگەن، ئۇلارنىڭ نەزەرىيىسىنى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈش توغرىسىدىكى تەلىملىرىگە خىلاپلىق قىلىپ، ماركسىزىم-لېنىنىزىمنى جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈشكە قارشى تۇردى. ئۇلار ماركسىزىم-لېنىنىزىمنى قېتىپ قالغان، دوگما نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ قويدى. ئۇلار ماركسچە-لېنىنچە مەيدان، نوقتىئى نەزەر، ئۇسۇلنى قوللۇنۇپ جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشنى بىلمىدى، نەتىجىدە جۇڭگو ئىنقىلاۋىغا ئىنتايىن ئېغىر زىيان يەتكۈزدى. 1-چوڭ ئىنقىلاپ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، پارتىـ

يىمىز تۈلمۇ قىيىن شارائىت ئاستىدا جاپالىق كۈرەش قىلىش، ئارقىلىق بارلىققا
كەلتۈرگەن 10نەچچە ئىنقىلاۋى بازىلار (سوۋېت رايونى) تامامەن قولدىن كەتتى. 300
مىڭ كىشىلىك قىزىل ئارمىيىنىڭ %90ى زىيانغا ئۇچرىدى. گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىق
قىلىۋاتقان رايونلاردىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە ئىشچىلار تەشكىلاتلىرى دىگىدەك
ۋەيران بولدى. پەقەت 1935—يىلى 1—ئايغا كەلگەندە، پارتىيىمىز زۇنيى يىغىنى ئار—
قىلىق "سول" ئاغمىچىلىق لۇشيەندىن ھېساپ ئېلىپ، ماۋزېدۇڭنىڭ پۈتۈن پارتىيىدىكى
رەھبەرلىك ئورنىنى تىكلىگەن ۋە پۈتۈن پارتىيە بويىچە توغرا لۇشيەننى تۇرغۇزغاندىن
كېيىنلا، ئاندىن ئىنقىلاپ توغرا يۈنۈلۈش بويىچە يېڭىۋاشتىن راۋاجلىنىشقا باشلىدى
ۋە مەملىكەت بويىچە غەلىبىنى قولغا كەلتۈردى. ماركسىزم—لېنىنىزمنىڭ ئومۇمى
ھەقىقىتىنى جۇڭگونىڭ كونكرىت ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈشنى ئاساسى بەلگە قىلغان
ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى دەل مۇشۇ مەزگىلدە تولۇق شەكىللەندى. دۆلىتىمىز ئازات بولۇپ
سوتسىيالىزم دەۋرىگە قەدەم قويغاندىن كېيىن 1956—يىلدىكى پارتىيە 8-قۇرۇلتىيىغىچە
پارتىيىمىزنىڭ ئىدىيە لۇشيەنى توغرا بولۇپ، سوتسىيالىزم ئىشلىرى تېز راۋاجلىنىشقا
ئىگە بولدى. ئۇندىن كېيىن پارتىيە ئىچىدە گەرچە سول خاھىش ئۇسۇپ بېرىۋاتقان
بولسىمۇ، لېكىن سوتسىيالىزم ئىشلىرى يەنىلا ئەگرى—توقايلىق ئىچىدە راۋاجلىنىپ
تۇردى. بۇلارنىڭ ھەممىسى پارتىيىمىزنىڭ ماركسىزم-لېنىنىزمنىڭ ئومۇمى ھەقىقىتىنى جۇڭگو-
نىڭ كونكرىت ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ بارغانلىقىنىڭ نەتىجىسى ئىدى. ئەپسۇسكى
1966—يىلدىن 1976—يىلغىچە داۋاملاشقان، دۆلەت، خەلققە بالايى ئاپەت ئېلىپ كەلگەن
«مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋى» دا لىن بياۋ ئەكسىل ئىنقىلاۋى گۇرۇھى ئىنتايىن سولدىن
چىقىپ، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى بۇرمىلاپ، ئۇنى قېتىپ قالغان،
تەرەققى قىلمايدىغان، خۇراپىلەرچە چوقۇنىدىغان ئەقىدىگە ئايلاندۇرۇپ قويدى. ئۇ 70—
يىللارنىڭ ئالدى—كەينىدە قانداقتۇ، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى ماركسىزم—لېنىنىزمنىڭ
يۇقۇرى پەللىسى، «ھەر جۈملىسى ھەقىقەت»، «بىر جۈملىسى ئون مىڭ جۈملىگە تەڭ»
دىگەنگە ئوخشاش خاتا ئىدىيىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، نەزىرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈش،
ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى
ئۆزگەرتىۋەتتى. بۇ ئەمەلىيەتتە ۋاڭمىڭنىڭ دوگما تىزىملىق ئىدىيىسىگە ئوخشاپ كېتى—
دىغان سۇبيېكتىپ ئىدىيالىزم ئىدى. جاڭچىڭ گۇرۇھى ئەمەلىيەتتە بۇنىڭغا ۋارىسلىق
قىلدى. بۇ خىل ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى قېتىپ قالغان ئەقىدىگە ئايلاندۇرۇش ئەمەلىيەتتە
پارتىيىمىزنىڭ توغرا ئىدىيە لۇشيەنىدىن چەتنەش بولۇپ، بۇنىڭ نەتىجىسىدە خاتا
سىياسى لۇشيەن خاتا فاڭجېن، سىياسەت ۋە شوئارلار ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، ۋە تەرغىپ
قىلىنىپ ئەللىمىزنىڭ سوتسىيالىزم ئىشلىرى مىسلىسىز زىيانغا ئۇچرىدى، ئەللىمىزنىڭ

زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى كەم دېگەندە 20 يىل كەينىگە سۈرۈلۈپ كەتتى.

1976‑يىلى ٩‑ئايدا ئۇلۇغ ماركسىزم—لېنىنىزمچى، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ ئاساسلىق ياراتقۇچىسى ماۋزېدۇڭ ئالەمدىن ئۆتتى. پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئالىي ھوقۇقى جاڭچىڭ گۇرۇھىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىشكە تاس قالغاندا، پارتىيىمىزنىڭ بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر رەھبەرلىرى پۈتۈن پارتىيە ۋە خەلقنىڭ ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلىپ، جاڭچىڭ ئەكسىل ئىنقىلابىي گۇرۇھىنى بىر يوللا ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، پارتىيە، دۆلەتنى خەتەردىن قۇتقۇزۇپ قالدى. بۇ چاغدا پارتىيىمىزنىڭ ئاساسىي رەھبىرى خۇاگوفېڭ ئىدى. ئۇ، گەرچە جاڭچىڭ گۇرۇھىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشتا بىر كىشىلىك ھەسسە قوشقان بولسىمۇ ئەپسۇسكى، ئۇ پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپلىق قىلىپ، پارتىيىمىزدە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى ئەقىدىگە ئايلاندۇرۇپ قويۇشنى، داھىغا خۇراپىلارچە چوقۇنۇشنى تۈزىتىشكە كىرىشمىدى، «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» نىڭ ئىنتايىن سول خاتالىقلىرىنى تۈزىتىشكە بەل باغلىمىدى. بەلكى خاتا ھالدا «ئىككى ئومۇمەن» («ئومۇمەن ماۋزېدۇڭ بەلگىلىگەنلىكى سىياسەتنى قەتئىي قوغداش ئومۇمەن ماۋزېدۇڭ كۆرسەتكەنلىكى يوليورۇققا باشتىن—ئاخىر ئەمەل قىلىش») دېگەن بىر نىمىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، يەنە بىر قېتىم ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى قېتىپ قالغان، ئۆزگەرمەيدىغان ئەقىدىگە ئايلاندۇرۇپ قويدى. ئۇ، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ يېڭى تارىخىي شارائىتتا راۋاجلىنىدىغانلىقىنى، بېيىپ بارىدىغانلىقىنى ئىنكار قىلدى. بۇنىڭ بىلەن پارتىيىمىزنىڭ ئۆتكەنكى سول خاتالىقنى، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» كەلتۈرۈپ چىقارغان قالايمىقانچىلىقنى تۈزىتىشكە توسقۇنلۇق قىلدى، بۇ، خۇددى يولداش دېڭشياۋپىڭ كۆرسەتكەندەك «ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ئىدىيىسىگە خىلاپلىق قىلىش، دىئالېكتىكىلىق ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزمنىڭ قائىدىلىرىگە خىلاپلىق قىلىش مەسىلىسى. ئەمەلىيەتتە ئىدىيالىزم بىلەن مېتافىزىكىنىڭ ئىنكاسى.» («دېڭشياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» ئۇيغۇرچە 209‑بەت) 4 كىشىلىك گۇرۇھ تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، شەخسكە خۇراپىلارچە چوقۇنۇپ «ئىككى ئومۇمەن» دە چىڭ تۇرۇپ بىر ئىزدا توختاپ قېلىش كېرەكمۇ ياكى ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ، ماركسىزم—لېنىنىزمنىڭ ئىلمىي سوتسىيالىزم نەزەرىيىسىنى ئىلىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، يېڭى تارىخىي دەۋرگە ئۇيغۇن كېلىدىغان يېڭى نەزەرىيە، فاڭجېن—سىياسەتلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، سوتسىيالىزم ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەكمۇ دېگەن مەسىلە پارتىيىمىز ئالدىغا جىددىي ھالدا قويۇلدى. بۇ مەسىلە—پارتىيىمىز قايسى ئىدىيە لۇشيەندە تۇرۇش كېرەك دېگەن مەسىلە ئىدى. ئەگەر ئالدىنقى خاتا ئىدىيە لۇشيەندە تۇرغاندا پارتىيىمىزدە ئۇزۇن يىللار داۋاملىشىپ كەلگەن «سول» خاتالىقنى ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋەتلىرىنى تۈزىتىپ،

يېڭى ۋەزىيەت يارىتىپ ئىلمىمىزنىڭ سوتسىيالىزم ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. دەل مۇشۇ ھالقىلىق پەيتتە يولداش دېڭشياۋپىڭ ھەقىقىي ماركسىزمچىلارغا خاس ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇش روھى بىلەن ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشنى جىددى ئوتتۇرغا قويۇپ، ماركسچە—لېنىنچە توغرا ئىدىيە لۇشيەننى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى قەتئىي تەلەپ قىلدى. ئۇ، مۇنداق كۆرسەتتى: «ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ نىگىزى —ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، ماركسىزم لېنىنىزمنىڭ ئومۇمى قائىدىلىرىنى جۇڭگو ئىنقىلاۋىنىڭ كونكرېتنى ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈش» «ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش پرولېتارىيات دۇنيا قارشىنىڭ ئاساسى، ماركسىزمنىڭ ئىدىيەۋى ئاساسى، ئىلگىرى ئىنقىلاپتا غەلىبە قىلىشتا ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشكە تايانغان ئىدۇق. ھازىر 4نى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىمۇ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشكە تايىنىشىمىز لازىم.» («دېڭشياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» 206—228بەتلەر) بۇ يەردە يولداش دېڭشياۋپىڭ ماركسىزمنىڭ تۈپ روھى، جەۋھىرى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، بىز ئەنە شۇ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرغاندىلا 4نى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرالايمىز دېگەن چوڭقۇرمەزمۇنغا ئىگە نوقتىئى نەزەرنى ئوتتۇرغا قويۇپ، پارتىيىمىزدە ئىلگىرىدىن ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان ماركسىزم-لېنىنىزىمنىڭ ئومۇمى ھەقىقىتىنى جۇڭگونىڭ كونكرېتنى ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈش كېرەك دېگەن نوقتىئى نەزەرنى تېخىمۇ كونكرېتنىلاشتۇردى ۋە تېخىمۇ ئېنىق ئوتتۇرغا قويدى. بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان ئەمەلىيەت — ئوبيېكتىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ھەممە شەيئىلەردۇر. ھەقىقەت — ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ ئىچكى باغلىنىشىدۇر. ئىزدەش —تەتقىق قىلىش دېمەكتۇر. ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش دېگەننىڭ مەنىسى ماركسىزم —لېنىنىزم نەزەرىيىسىنى قوللىنىپ، جۇڭگونىڭ ئەمەلى ئەھۋالىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ، جۇڭگو ئىنقىلاۋى ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ قانۇنىيىتىنى ئىگەللەش، بۇ ئارقىلىق ئىنقىلاپ ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش كېرەك دېگەنلىكتۇر. بۇ ئاتالغۇنى ماۋزېدۇڭ يەنئەندىكى ۋاقتىدىلا ئوتتۇرغا قويغان ۋە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇنىۋېرسىتېتقا بېغىشلىما سۈپىتىدە يېزىپ بەرگەن. يولداش دېڭشياۋپىڭ ئوتتۇرغا قويغان ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش نوقتىئى نەزىرى قانداقتۇ كونا ئاتالغۇنىڭ يېڭىچە كۆچۈرۈلمىسى ئەمەس، بەلكى يولداش دېڭشياۋپىڭ يېڭى تارىخى دەۋردە سول خاتالىقنىڭ ئاسارىتىنى بۇزۇپ تاشلاپ، يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش، سول خاتالىقنى تۈزىتىپ، ئىلمىمىزنىڭ سوتسىيالىزم ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى ئەينەن ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئوتتۇرغا قويدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش نوقتىئى نەزىرى يېڭى تارىخى شارائىتتا

تامامەن يېڭى ۋە باي مەزمۇنغا ئىگە. يولداش دېڭشياۋپىڭ يېڭى تارىخى دەۋردە ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشنى كۆپ تەكىتلەپ، پۈتۈن پارتىيە ئالدىغا يېڭى تارىخى دەۋردە ماركسىزم — لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى قوللۇنۇپ، ئىلىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ، سوتسىيالىزمنىڭ تەرەققى قىلىش قانۇنىيىتىنى ئىگەللەپ، بۇ ئارقىلىق سوتسىيالىزم ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىپ، 4نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئوتتۇرىغا قويىدى.

يولداش دېڭشياپىڭ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش پىرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا خىلاپ بولغان «ئىككى ئومۇمەن» نى تەنقىت قىلدى. ئۇ مۇنداق كورسەتتى: «بىز ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى بايرىقىنى ئىگىز كوتىرىمىز دېسەك ھەرقانداق ۋاقىتتا تۇرلۇك فاكچىن سىياسەت مەسىلىلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتا ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك» «ئەگەر ماۋزېدۇڭ دېمىگەننى قىلغىلى بولمايدىغان بولسا، ھازىر بىز قانداق قىلاتتۇق؟ ماركسىزم — لېنىنىزم راۋاجلىنىدۇ — دە! ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىمۇ راۋاجلىنىدۇ — دە! ئۇنداق بولمىسا قېتىپ قالىدىغان گەپ» («دېڭشياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» 207 — 209، بەتلەر). بۇ يەردە دېڭشياۋپىڭ ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ جەۋھىرى — ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش پىرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىشنى، يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىشنى، ئەمەلىيەت جەريانىدا ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى بېيىتىشنى، بۇ ئارقىلىق ئىلىمىزنىڭ سوتسىيالىزم ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى ئوتتۇرىغا قويغان. دېڭشياۋپىڭنىڭ قارىشىچە دەل مۇشۇنداق قىلىشلا ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى قىزىل بايرىقىنى ئىگىز كوتەرگەنلىك بولىدۇ، ئەكسىچە بولغاندا ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى بايرىقىنى يالغان ئىگىز كوتۈرۈش بولىدۇ.

يولداش دېڭشياۋپىڭ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، ماركسىزم — لېنىنىزمنىڭ ئومۇمى ھەقىقىتىنى ئىلىمىزنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىگە تۇتۇلغان خاتا پوزىتسىيىنى، ئىدىيىدىكى قاتماللىقنى تۈزىتىشكە كىرىشتى. ئۇ 1977 — يىلى «ئىككى ئومۇمەن» ماركسىزمغا ئۇيغۇن ئەمەس دەپ تەنقىت قىلغاندىن كېيىن 6 — ئايدا ئىلىم — پەن، مائارىپ سېپىدىكى قالايمىقانچىلىقنى تۈگىتىش خىزمىتىنى شەخسەن ئوزى تۇتۇپ «ئىككى مولچەر» (ئوتكەن 17 يىلدا مائارىپقا بۇرژۇئا زىيالىيلىرى ھوكۇمرانلىق قىلدى. زىيالىيلارنىڭ مۇتلەق كوپچۇلۇكىنىڭ دۇنيا قارىشى بۇرژۇئا دۇنيا قارىشى) دىگەن نوقتىنىڭ نەزەرىنىڭ ئاسارىتىنى بۇزۇپ تاشلىدى. 1978 — يىلى باشلانغان ھەقىقەتنىڭ ئولچىمى ئەمەلىيەت توغرىسىدىكى مۇھاكىمىنى 6 — ئايدا ئارمىيە سىياسى خىزمەت يىغىنىدا قەتئى قوللىدى

ۋە يۈكسەك باھالىدى، ئارقا-ئارقىدىن نۇتۇق سۆزلەپ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىز-
دەشتىن ئىبارەت پارتىيىمىزنىڭ ئەسلى ئەنئەنىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەكىتلىدى.
مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى خاتا ئىدىيىۋى لۇشيەننى ئىنكار قىلىپ، پارتىيىنىڭ ماركى-
سىزملىق ئىدىيە لۇشيەنىنى يېڭىۋاشتىن تىكلەشكە نەزىرىيىۋى ئاساس يارىتىپ بەردى.
دەل شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈنلا 1978-يىلى دېكابىردا ئېچىلغان 11-نۆۋەتلىك مەركىزى
كومىتېتنىڭ 3-ئومۇمى يىغىنى تۈغرا ئىدىيىۋى لۇشيەننى تىكلەپ، تارىخى خاراكتېرلىك
بۇرۇلۇشنى ئوتتۇرغا قويدى.

ماركسىزم-لېنىنىزم ئىجتىمائى ئەمەلىيەت تارىخى يۇسۇندا تەرەققى قىلىپ
باردۇ. بۇنىڭغا ئەگىشىپ ئىنسانلارنىڭ دۇنيانى بىلىشىمۇ تارىخى يۇسۇندا تەرەققى قىلىپ
باردۇ -دەپ قارايدۇ. يولداش ماۋزېدۇڭ «ئەمەلىيەت توغرىسىدا» دېگەن پەلسەپە
ئەسىردە مۇنداق كۆرسەتكەن ئىدى: «ئىجتىمائى ئەمەلىيەت تۆۋەن باسقۇچتىن قەدەممۇ-
قەدەم يۇقۇرى باسقۇچقا قاراپ راۋاجلىنىدۇ ۋە ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت ۋە جەمىيەت
توغرىسىدىكى بىلىملىرى، شۇنىڭدەك بۇ ئىككى خىل بىلىمنى ئومۇملاشتۇرىدىغان پەلسە-
پىمۇ تۆۋەن باسقۇچتىن قەدەممۇ-قەدەم يۇقۇرى باسقۇچقا قاراپ يەنى تېيىزلىقتىن
چوڭقۇرلۇققا، بىر تەرەپلىمىلىكتىن تېخىمۇ ئەتراپلىق بولۇشقا قاراپ راۋاجلىنىدۇ» (1)
مۇشۇ نۇقتىئى نەزەرگە ئاساسلانغاندا ماركسىزم- لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى ئۈز-
لۈكسىز راۋاجلىنىپ باردۇ ۋە بېيىپ باردۇ. «سول» چىل خاتالىقتا چىڭ تۇرغۇچىلار
تەشەببۇس قىلغاندەك بىر ئىزدا توختاپ قېلىش -قېتىپ قېلىش مۇمكىن ئەمەس. يول-
داش دېڭشياۋپىڭ ماركسىزم-لېنىنىزمنىڭ تەرەققىيات نەزىرىيىسىدە چىڭ تۇرۇپ
ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش روھىنى جارى قىلىپ ئىلىمىزدە سوتسىيالىزم قۇرۇش-
نى قايسى يول بىلەن ئېلىپ بېرىش مەسىلىسى ئۈستىدە ئۇزۇن ۋاقىت، چوڭ-
قۇر تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزىرىيىسىنى ۋە ئۇنىڭ
فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئوتتۇرغا قويدى. بىز «دېڭشياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»
نىڭ ئالتۇندەك پاقىراپ تۇرغان قۇرلىرىنى بىر-بىردىن ئوقۇپ چىققىنىمىزدا ئۇنىڭ
جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزىرىيىسىنى قانداق ئوتتۇرىغا قويغانلىقىنى كورۈۋالالاي-
مىز. ئۇنىڭ بۇ نەزىرىيىسى جۇڭگودا سوتسىيالىزمنىڭ تەرەققى قىلىش قانۇنىيىتىنى
تولۇق ئەكس ئەتتۈرگەن بولۇپ،سىياسى، ئىقتىسات، ئىلىم-پەن، مائارىپ، ئەدەبىيات
-سەنئەت، پارتىيە قۇرۇلۇشى، ئارمىيە قۇرۇلۇشى ۋە بىرلىكسەپ قاتارلىق كەڭ ساھەنى
ئۆز ئىچىگە ئالغان.

دولىتىمىزنىڭ ھازىرقى دەۋردىكى ئاساسى زىددىيەت توغرىسىدا، يولداش دېڭشياۋ-
پىڭ «سىنىپى كورەش جەمئىيىتىمىزدىكى ئاساسى زىددىيەت» دېگەن خاتا نۇقتىئى نەزەرنى

# تۈزۈتۈش جەدۋىلى

| بەت | قۇر: يۇقۇرىدىن | قۇر: تۆۋەندىن | بېسىلغىنى | توغرىسى |
|---|---|---|---|---|
| 9 | 1 | | كۆچلەر | كۆچلىرى |
| 15 | | 8 | يۈنۈلۈشكە | يۈنۈلۈشىگە |
| 16 | 7 | | ئىنژىتەر | ئىنژىنەر |
| 29 | 6 | | تايىخىغا | تارىخىغا |
| 29 | | 6 | خاتالغىدىن | خاتالىغىدىن |
| 35 | 1 | | شۆشاكچەن | شۆي شاكچەن |
| 40 | | 14 | ...جەھەتتە. تەرىتىپكە... | ...جەھەتتە تەرتىپكە... |
| 59 | | 4 | ...ئىگىلىگىنىڭ... | پايدىلىنىپ تاۋار ئىگىلىگىنىڭ... |
| 73 | | 3 | ربا | بار |
| 78 | 1 | | فونتىكا | فونېتىكا |
| 91 | 9 | | يېتەكچىلىگكە | يېتەكچىلىككە |
| 89 | | 2 | ئىنتىستوتى | ئىنىستىتۇتى |
| 90 | | 1 | بېشى ئوتكەن سانلارا | بېشى ئوتكەن سانلاردا |
| 94 | 10 | | نقى تىسىپ | نى تىقىپ |
| 100 | | 9 | جەمىيەت | ..جەمىيەت.. |
| 100 | | 12 | تۈزۈمېنىڭ | تۈزۈمىنىڭ |
| 102 | | 14 | دەلۇماتلار | مەلۇماتلارغا |
| 105 | | 6 | (باسقىلارنى) | باشقىلارنى |
| 105 | 5 | | تارىخى خاتىرىلەر، ھونلار | تارىخى خاتىرىلەر. ھونلار |
| 111 | | 13 | جەھەتەلرگە | جەھەتلەرگە |
| 121 | | 4 | ...بۆكتەرگىلىك. | ....بۆكتەرگىلىك) |

| بەت | قۇر: يۇقىرىدىن | قۇر: تۆۋەندىن | بېسىلغىنى | توغرىسى |
|---|---|---|---|---|
| 122 | 1 | | ئۇزۇش، ئۇچۇن | ئۇزۇش ئۈچۈن |
| 129 | 1 | | ۋەندەغان | ۋەندەغا |
| 129 | | 6 | چاغلاردا | ئۇچاغلاردا |
| 140 | | 3 | سۇچە.خەن | خەنسۇچە |
| 143 | | 2 | چەكمەت | . |
| 143 | | 3 | بىرقەدەر ئېغىر ئاتوم | ، بىرقەدەر ئېغىر ئادەم، |
| 144 | 11 | | بىرلىگىنى | بىرلىگى |
| 151 | 2 | | بولسۇنW | بولسۇن.W |
| 151 | | 14 | j-يول | i-يول |
| 154 | | 9 | $y_1x^2\lambda_2x+(2y_2+y_3)=x-1$ | $y_1x^2+y_2x+(2y_2+y_3)=x-1$ |
| 154 | | 10 | $\cdots(x+2)+\lambda_2$ | $\cdots(x+2)+y_2$ |
| 155 | | 13 | $\cdots+(y_1+u_2, y_2, 2y_3)$ | $\cdots+(y_1+y_2, 2y_3)$ |
| 156 | | 9 | ئالماشتۇرۇش | φ ئالماشتۇرۇش |
| 159 | | 8 | $[\sigma=(\alpha_1,\alpha_2,\alpha_3)]$ | $=[\sigma(\alpha_1,\alpha_2,\alpha_3)]$ |

تەنقىت قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەنلىكى بىلەن خەلق
ۋە دۆلەتنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالماسلىق ھازىرقى دەۋردىكى ئاساسىي زىددىيەت
دەپ توغرا ئوتتۇرىغا قويدى.

جۇڭگودا سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ يولى توغرىسىدا، ماركسىزم — لېنىنىزمنىڭ
ئىلمىي سوتسىيالىزم توغرىسىدىكى نەزەرىيىسىنى جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ،
ئىلىمىزنىڭ 30 نەچچە يىللىق سوتسىيالىزم قۇرۇش تەجرىبىلىرىنى ئىلمىي ھالدا يەكۈن-
لەپ «ماركسىزم — لېنىنىزمنى جۇڭگونىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئۆز
يولىمىزدا مېڭىش، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش» «دېڭشياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»
634 بەت) نى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ مۇندىن كېيىن سوتسىيالىستىك
ئىنقىلاپ ۋە قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشىمىزغا توغرا يول بەلگىلەپ بەردى. بۇ يۆنىلىشكە
ئاساسەن كونكرېت فاڭجېن — سىياسەتلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. مەسىلەن: مۇشۇ ئەسىر-
نىڭ ئاخىرىغىچە ئىلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش تەرەققىياتى ۋە خەلقنىڭ
ماددىي، مەدەنىي تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئوتتۇراھال سەۋىيىگە يەتكۈزۈش، ئىگىلىك باشقۇ-
رۇش تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش، مەلۇم دائىرىدە رەھبەرلەرنى سايلاش تۈزۈمىنى بارا-بارا
كېڭەيتىش، ھەر خىل شەكىلدىكى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇش، ئەمگەككە قاراپ
تەقسىملەش پرىنسىپىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئاۋۋال بېيىشىغا
يول قويۇپ، كۆپچۈلۈكنى ئورتاق بېيىشقا يېتەكلەش، سىرتقا قارىتا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش
ۋە باشقىلار.

ئىلىم — پەن، مائارىپ توغرىسىدا: ماركسىزم — لېنىنىزمنىڭ ئىلىم — پەن ئىشلەپ-
چىقىرىش كۈچى دېگەن تەلىماتىغا ئاساسلىنىپ، ئىلىم-پەن، مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇش
ئىلىمىزنى 4 دە زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ ھالقىسى، «زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز
پەن — تېخنىكىنىڭ يۈكسىلىشىگە باغلىق» («دېڭشياۋپىڭنىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» 61—
138،—بەتلەر) دەپ ئوتتۇرىغا قويۇپ، بىلىمگە، زىيالىيلارغا، ئىلىم — پەن ئىشلىرىغا ئەھ-
مىيەت بېرىشنى پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئالدىغا ستراتېگىيىلىك
جىددىي ۋەزىپە قىلىپ ئوتتۇرىغا قويدى.

سوتسىيالىزمنىڭ ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش توغرىسىدا: ئىقتىسادىي
جەھەتتە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە تېز سۈرئەت بىلەن تەرەققىي
قىلدۇرۇپ خەلقنىڭ ماددىي، مەنىۋى تۇرمۇشىنى پەيدىن — پەي ياخشىلاش، دېموكراتىيىنى
تولۇق جارى قىلدۇرۇش، قانۇنىي تۈزۈملەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈش قاتارلىقلارنى ئوتتۇرىغا
قويدى.

پارتىيە، دۆلەتنىڭ رەھبەرلىك تۈزۈمى توغرىسىدا: پارتىيە، دۆلەتنىڭ رەھبەرلىك

تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىپ، كادىرلارنىڭ رەھبەرلىك خىزمىتى ئۆتەشتىكى فىئۇدالىق باقىۋەندىلىك تۈزۈمىنى بىكار قىلىپ، ھەقىقى ماركسىزىمچى، بىلىملىك، ئىقتىدارلىقلارنى قويۇش تۈزۈمىنى ئورنۇتۇش قاتارلىقلارنى ئوتتۇرغا قويدى.

سوتسىيالىزىمنىڭ ئاساسى بەلگىسى توغرىسىدا: سوتسىيالىزىم قۇرۇشتا «يۈكسەك ماددى مەدەنىيەتنى بەرپا قىلىش بىلەن بىللە پۈتۈن مىللەتنىڭ پەن—مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۇستۇرۇپ، ئالىجاناپ، مەزمۇنغا باي مەدەنى تۇرمۇشنى راۋاجلاندۇرۇپ، يۈكسەك سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتنى بەرپا قىلىشىمىز لازىم» («دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» 310—311 بەت) دەپ ئوتتۇرىغا قويدى. بۇنىڭ بىلەن ئادەتتە ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان سوتسىيالىزىمنىڭ ئاساسى بەلگۈلىرىگە يۈكسەك مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىشتىن ئىبارەت بىر بەلگىنى قوشتى. بۇ مەسىلىنى ئىلگىرى ماركسىزىمچىلار ئېنىق ئوتتۇرىغا قويمىغان، يولداش دېڭ شياۋپىڭ بۇنى سوتسىيالىزىمنىڭ بىر ئاساسى مەزمۇنى سۈپىتىدە ستىراگىيىلىك ئورۇنغا قويدى. بۇ ماركسىزىم—لېنىنىزىمنىڭ ئىلمى سوتسىيالىزىم تەلىماتىغا قوشۇلغان ئۇلۇق توھپە ۋە يېڭى تەرەققىيات.

ئۇ يەنە پارتىيىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان كۈچلۈك يادرو قىلىپ قۇرۇپ چىقىش، زامانىۋىلاشقان مۇنتىزىم ئارمىيە قۇرۇش، يېڭى تارىخى دەۋردە ئىنقىلاۋى ۋەتەنپەرۋەرلىك بىرلىكسەپى قۇرۇش، ئەدەبىيات—سەنئەتنى خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزىم ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش قاتارلىقلارنى ئوتتۇرغا قويدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى چوڭقۇر تەتقىق قىلىش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، ماركسىزىم—لېنىنىزىمنىڭ ئىلمى سوتسىيالىزىم تەلىماتىنى ئىلىمىزنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈشنىڭ نەتىجىسىنى. شۇنداقلا ئۇ ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى يېڭى تارىخى دەۋردە زور دەرىجىدە راۋاجلاندۇرۇش بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. ئەگەر ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش پىرىنسىپىدا چىڭ تۇرمىغان بولسا، ئىلىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان مۇنداق يېڭى نەزەرىيىنى ئوتتۇرغا قويالمىغان، شۇنداقلا ئىلگىرىكى «سول» خاتالىقنى تۈزۈتۈپ، قالايمىقانچىلىقنى ئوڭشاپ، ئىلىمىزنىڭ سوتسىيالىزىم ئىشلىرىنى بۈگۈنكىدەك ئالغا سىلجىتالمىغان بولاتتى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈشتە شانلىق ئۈلگە تىكلەپ بەردى. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ئىدىيىسى پارتىيىمىزنىڭ توغرا لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى بەلگىلىشىدە يېتەكچى ئىدىيە بولۇپلا قالماي، بەلكى ھەرقايسى ئورۇن، كەسىپلەر بويىچە خىزمەتنى ياخشى ئىشلەشتىمۇ يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە. «يالغۇز مەركىزى كومىتېت، ئۆلكىلىك پارتكوم، ۋىلايەتلىك پارتكوم، ناھىيىلىك پارتكوم ۋە كۆڭشې پارتكوملار ئەمەس، بەلكى ھەر بىر زاۋۇت، ئىدارە، مەكتەپ، ماگىزىن، ئىشـ

Altunoq

لەپچەقمرىش دۆيمەۋ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، ئىدىيىدە ئازات بولۇشى، مەسىلىلەرنى ئويلاش ۋە ئىش ئېلىپ بېرىشتا مېڭىنى ئىشقا سېلىش لازىم.» («دېڭشياۋپىڭنىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» 228-بەت). ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش پىرىنسىپىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى يولغا قويۇش لازىم. ھەردەرىجىلىك رەھبىرى كادىرلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا پىلان تۈزگەندە، خۇلاسە چىقارغاندا، بىرەر ۋەزىپىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا چوقۇم ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىش، چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىق تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشى، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش پىرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇشى لازىم. مەسىلەن: يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش ياكى يېزا ئىگىلىكىنىڭ مەلۇم تارماقلىرىنى گۈللەندۈرۈش پىلانىنى تۈزگەندە خۇددى خېلوڭجاڭ ئۆلكىسى سۇنۇۋ ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مەسئۇللىرىدەك ئەتراپلىق چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئاساسىدا ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن پىلاننى ئوتتۇرىغا قويۇش كېرەك. («قىزىل بايراق» ژۇرنىلى 1983-يىل 9-سانىدىكى «ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش پىرىنسىپىدا چىڭ تۇرايلى» دېگەن ماقالىغا قارالسۇن). بىرەر جامائەت خەۋپسىزلىكىنى ساقلاش خادىمى بىرەر ئەنزىگە ھوكۇم قىلىشتا، ئەتراپلىق چوڭقۇر، قايتا-قايتا تەكشۈرۈش ۋە تەھلىل قىلىش ئاساسىدا ھوكۇم قىلىشى كېرەك. قىسقىسى ھەربىر رەھبىرى خادىم ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش پىرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇشى زۆرۈر. بۇ پىرىنسىپ پەقەت رەھبىرى كادىرلار ئۈچۈنلا يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ قالماي، بەلكى ھەر بىر كەسپى خادىم ئۈچۈنمۇ يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە. مەسىلەن: بىرەر ئوقۇتقۇچى ئوقۇتۇش سۈپىتىنى يۇقۇرى كۆتۈرۈپ، 4نى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا يارىملىق كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈش خىزمىتىدە، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەمەلى سەۋىيىسى، پىكىر قىلىش ئىقتىدارى، شۇ بىر خىل پەننى ئۆگىنىشكە تۇتقان پوزىتسىيىسى قاتارلىقلارنى چۈشەنگەندىلا ئاندىن ئۆزىنىڭ ئوتىدىغان دەرسىنىڭ مەزمۇنى، سەۋىيىسى ۋە قوللىنىدىغان ئوقۇتۇش مېتودىنى ئەمەلى ئاساس ئۈستىگە قويۇپ ئوقۇتۇش ئىشىدا نىسبەتەن ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلالايدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا ھەممەيلەن ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش پىرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى يولغا قويىدىغان بولساق، ئوڭ ۋە سول ئېغىشتىن ساقلىنىپ، كەسپى خىزمىتىمىزنى ياخشى ئىشلەپ 4نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا تېگىشلىك تۆھپە قوشالايدىغانلىقىمىزدا گەپ يوق.

---

(1) قىزىل بايراق ژورنىلى 1083-يىللى 9-ساندا كەلتۈرۈلگەن نەقىل.

(2) ماۋزېدوڭ تاللانما ئەسەرلىرى 3-توم 430-بەت

(3) ماۋزېدوڭ تاللانما ئەسەرلىرى 1-توم 512-بەت.

# يولداش دېڭشياۋپىڭ زىيالىلارنى، ئىلىم - پەننى ۋە مائارىپنى قەدىرلەشنىڭ ئۈلگىسىدۇر

— «دېڭشياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» دىكى 5 پارچە ماقالىنى ئۆگىنىشتىن تەسىرات.

ھامۇت سابىر

زىيالىلارغا ئىلىم — پەنگە ۋە مائارىپ ئىشلىرىغا ھۆرمەت قىلىش ۋە قىزغىن كۆڭۈل بۆلۈش — «دېڭشياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما» دىكى ئاساسى مەزمۇنلارنىڭ بىرىدۇر.

يولداش دېڭشياۋپىڭ 1977— يىلىنىڭ باشلىرىغىچىلىك گەرچە دۆلەت ۋە پارتىيىنىڭ خىزمەتلىرىگە رىياسەتچىلىك قىلىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنغان بولسىمۇ لېكىن يەنىلا دۆلەت، پارتىيە، خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزدە تۇتۇپ، دۆلەت ئىچىدە تەرسالىق بىلەن مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بىلىمگە سەل قارايدىغان، زىيالىلارنى كەمسىتىدىغان خاتا خائىشلارنىڭ دۆلەت بىلەن پارتىيىنىڭ كەلگۈسى ئىشلىرىغا ئېلىپ كېلىدىغان خەۋپىنى ئالدىن مۆلچەرلەپ، دادىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ «پارتىيە ئىچىدە بىلىمگە ھۆرمەت قىلىدىغان، ئىختىساسلىق خادىملارغا ھۆرمەت قىلىدىغان كەيپىياتنى يارىتىش كېرەك. زىيالىلارغا ھۆرمەت قىلمايدىغان خاتا ئىدىيەگە قارشى تۇرۇش كېرەك»، دەپ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى. دۆلەت ۋە پارتىيىنىڭ خىزمەتلىرىگە رىياسەتچىلىك قىلىشقا كىرىشكەندىن كېيىن ئۇ پارتىيە مەركىزى كومىتېتىنىڭ قوشۇلىشى بىلەن ئىلىم -پەن ۋە مائارىپ خىزمىتىنى باشقۇرۇپ كۆپلىگەن مۇھىم نەزەرىيەۋى مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى ۋە بۇ ساھەدە ساقلىنىپ كەلگەن بىر قانچە مۇرەككەپ چىگىش مەسىلىلەرنى ھەل قىلدى. ئۇ «ماركسىزمنىڭ پەن— تېخنىكا ئىشلەپچىقىرىش كۈچىدۇر» دىگەن نوقتىنەزىرىنى ئاساس قىلىپ، پەن— تېخنىكىنىڭ ئىجتىمائى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتا ئوينىغان رولىغا دائىر تارىخى پاكىتلارغا ئاساسەن «ئىلىم— پەن ۋە مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇپ، پەن— تېخنىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىلىمىزدە 4نى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ ھالقىسى» دىگەن ئىدىيىنى ئوتتۇرىغا قويدى. كونا رامكىلارنى بۇزۇپ تاشلاپ نەچچە مىليون زىيالىلارنىڭ

كېيىنى قىلىپ ئۇلارنىڭ يەلكىسىدىن بېسىپ تۇرغان ئاتالمىش «ئىككى مولچەر» نى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى

ئۇ «4 كىشىلىك گوروھ» نىڭ ئەقلى ئەمگەك بىلەن جىسمانى ئەمگەك ئوتتۇرىسىدىكى ئىش تەقسىماتىنى سىنىپى قارمۇ-قارشىلىق دەپ بۇرمىلاپ ئىشچى-دېھقانلار بىلەن زىيالىيلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىققا قارشى تۇرغان جىنايەتلىرىنى تەنقىت قىلىپ، سوتسىيالىزم جەمئىيىتىدە ئەقلى ئەمگەكچىلەرمۇ، جىسمانى ئەمگەكچىلەرمۇ ئوخشاشلا ئەمگەكچىلەر بولۇپ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنىڭ پەقەت ئىجتىمائى ئىش تەقسىماتىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى ئىلمى پاكىتلار بىلەن چۈشەندۈرۈپ بەردى. ئۇ مەركىزى كومىتېتقا ۋاكالىتەن: مۇتلەق كوپ ساندىكى زىيالىيلار ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ۋە ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئۆز زىيالىيلىرى بولۇپ قالدى. شۇڭا ئۇلارنى ئىشچىلار سىنىپىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ قالدى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ دەپ كورسەتتى. ئۇ «قىزىللىشىش» بىلەن «ئىختىساسلىشىش» نىڭ دىئالېكتىك مۇناسىۋىتىنىمۇ شەرھىلەپ بەردى. بۇ مەسىلىلەر زىيالىيلار سىياسىتىنى يەنىمۇ ئوبدان ئەمەللەشتۈرۈپ، ئىلىم-پەن ۋە مائارىپ ئىشلىرىنى ياخشى يولغا قويۇپ زامانىۋىلاشتۇرۇشنى تىزلىتىشتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. مەن ئۇنىڭ رىيالنى ۋە تارىخى ئەھمىيىتىنى توت نوقتىغا بولۇپ ئوتتۇرغا قويماقچىمەن.

1— بىلىمگە ۋە ئىختىساسلىق خادىملارغا ھورمەت قىلىش — زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ ئېھتىياجىدۇر.

يولداش دېڭشياۋپىڭ «پارتىيە ئىچىدە بىلىمگە ھورمەت قىلىدىغان، ئىختىساسلىق خادىملارغا ھورمەت قىلىدىغان كەيپىياتنى يارىتىش كېرەك»، دېگەن ئىدىيىسىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇق نىشاننىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئوتتۇرغا قويۇلغان. ئۇ «زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز، پەن-تېخنىكىنىڭ يوكسۇلۇشىگە باغلىق. پەن تېخنىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۈچۈن مائارىپنى تۇتماي بولمايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن بىلىم بولۇش، ئىقتىساسلىق خادىملار بولۇش كېرەك. بىلىم بولمىسا، ئىختىساسلىق خادىملار بولمىساق قانداقمۇ يوكسەلگىلى بولسۇن؟ پەن-تېخنىكا مۇشۇنداق قالاق تۇرسا قانداق بولىدۇ؟ قالاقلىقنى ئېتىراپ قىلىش كېرەك. قالاقلىقنى ئېتىراپ قىلغان يەردە ئۇمۇت بار دەيدۇ». دېڭ شياۋپىڭنىڭ بۇخىل قارشى جۇڭگونىڭ ھازىرقى ئەھۋالىغا تامامەن ئويغۇن كېلىدۇ. جۇڭگودا سوتسىيالىزم قورۇلغان بولسىمۇ لېكىن ئۇنىڭ دونياغا كەلگەن ۋاقتى قىسقا، ئەمەلىيەت تەجرىبىلىرى چەكلىك. دونيانىڭ توتتىن بىرىنى تەشكىل قىلىدىغان ئاھالىگە ئىگە. تېررىتورىيىسى چوڭ بولسىمۇ تېرىلغۇ يېرى چەكلىك بولۇپ، ئىقتىسادى ئاساسى ئاجىزدۇر. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى پۈتۈن مەملى-

كەت خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ، 30 نەچچە يىلدىن بېرى جاپالىق كۆرەش قىلىش ئارقىلىق ئېكىسپىلاتاتسىيە تۈزۈمىنى يوقۇتۇپ، سوتسىيالىستىك ئومۇمى مۇلۇكچىلىك تۈزۈمىنى تىكلەپ ئەمگەككە قاراپ تەخسىم قىلىش پىرىنسىپىنى يولغا قويدى. سوت- سىيالىزىم تۈزۈمىنىڭ ماددى ئاساسىنى خېلى دەرىجىدە تىكلىۋالدى. بىر مىليارتتىن ئارتۇق خەلقنى يېمەك-ئىچمەك، كېيىم-كېچەك ۋە باشقا تۇرمۇش ۋاستىلىرى بىلەن تەمىنلەپ كەلدى. كېيىنكى ئەھۋال بولسا دۇنيادا ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ. لېكىن شۇنداقتىمۇ يەنىلا تارىخى سەۋەپلەر ۋە ئالغا بېسىش يولىمىزدا يۈز بەرگەن تۇرلۇك خاتالىق ۋە تەكرارلىنىشلار يۈزىسىدىن جۇڭگونىڭ سوتسىيالىزىمى تېخى تەرەققى قىلمىغان سوتسىيالىزىم باسقۇچىدا تۇرماقتا. بۇنى يولداش دېڭشياۋپىڭنىڭ «ھازىر پەن- تېخنىكا ۋە مائارىپ ئىشلىرىمىز تەرەققى تاپقان دۆلەتلەردىن توپ — توغرا 20 يىل ئارقىدا قالغاندەك تۇرىدۇ. پەن- تەتقىقات خادىملىرىدىن ئامېرىكىدا بىر مىليون 200 مىڭى، سوۋېت ئىتتىپاقىدا 900 مىڭى بار ئىكەن. بىزدە قېرى- چۆرى، ئاغرىق سىلاقلارنى قوشقاندا ئاران 200 نەچچە مىڭى بار. ھەقىقى كارغا كېلىدىغىنى ئانچە كوپ ئەمەس» دېگەن سۆزلىرىدىن تولۇق كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. بىر مىليارت ئاھالىگە ئىگە دۆلەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا بۇ سان ھەقىقەتەن چەكلىك بولۇپ، بىز- دىكى ئىلىم — پەن، تېخنىكا ئىشلىرىنىڭ ئىقتىسادى قۇرۇلۇش دولقۇنىغا ئەگىشىپ ماڭال- مايۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ مۇشۇ ئوبېكتىپ ئەمەلىيىتى زامانىۋى- لاشتۇرۇشنى بەلگىلىگەن. زامانىۋىلاشتۇرۇش بولسا ئىلىم— پەن، تېخنىكا ۋە مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئىلىم— پەن، تېخنىكا ۋە مائارىپ ئىش- لىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن ئىلىم— پەن ۋە زىيالىلارغا ھۆرمەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئىلىم— پەن دېگەن كىشىلەرنىڭ تەبىئەت، جەمئىيەت ۋە تەپەككۇرنىڭ تەرەق- قىيات قانۇنلىرى توغرىسىدىكى بىلىش ۋە ئەمەلى تەجرىبىلەرنىڭ سىستېمىلاشقان خۇلاسىسىدۇر. ئىلىم— پەننىڭ خۇسۇسىيىتى بولسا، چۈشەنچە ۋە لوگىكىلىق شەكىللەرى ئارقىلىق دۇنيادىكى ھەرخىل ھادىسىلارنىڭ ماھىيىتىنى ۋە ئومۇمى قانۇنىيىتىنى ئېچىپ بېرىشتىن ئىبارەت. ئىلىم — پەننىڭ ۋەزىپىسى كىشىلەرگە شەيئىلەر تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيىتى بىلەن ھەقىقىتىنى ئېچىپ بېرىپ، كىشىلەرنىڭ ئوبېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىشكە يېتەكچىلىك قىلىشتۇر.

ئىلىم— پەننىڭ تەتقىق قىلىدىغان ئوبېكتى ئوخشاش بولمىغىنى ئۈچۈن تۇرلۇك تارماقلارغا بۆلۈنىدۇ. لېكىن سېستىمىسى جەھەتتىن ئېيتقاندا تەبىئى پەن ۋە ئىجتىمائى پەن دېگەن ئىككى چوڭ تۈرگە ئايرىلىدۇ. تەبىئى پەننىڭ ئاساسى تەتقىقات ئوبېكتى تەبىئەت بولغىنى ئۈچۈن ئۇ ئالاھىدە ئىجتىمائى ئاڭ ھالىتى ھېساپلىنىدۇ ۋە جەمئىيەتنىڭ ماددى تېخنىكا

تەرەپنى ئاساس قىلىدۇ. ئىجتىمائىي پەننىڭ ئاساسىي ئوبيېكتى كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيىتى بىلەن ئىجتىمائىي ئېڭىنىڭ مۇناسىۋىتى مەسىلىسى بولغىنى ئۈچۈن جەمئىيەتنىڭ مەنىۋى تەرىپىنى ئاساس قىلىدۇ ياكى ئۈستىقۇرۇلمىغا مەنسۇپ بولىدۇ. بۇ تەرەپتىن ئېيتقاندا تەبىئىي پەن بىلەن ئىجتىمائىي پەن پۈتۈنلەي پەرقلىنىدۇ. لېكىن يەنە بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرق نىسپىي بولۇپ ئۇلار ئوتتۇرىسىدا بىرلىكمۇ بار. ئۇ خىل پەنلەرنىڭ ھەر ئىككىسى كىشىلەرنىڭ ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيىتىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، ئۇلار يەنە مۇئەييەن ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي تۈزۈم ئۈچۈن ئورتاق خىزمەت قىلىدۇ. ئەمما ئۆتكەنكى قالايمىقانچىلىق ھۆكۈم سۈرگەن 10 نەچچە يىللار ئىچىدە «4 كىشىلىك گورۇھ» تەبىئىي پەنلەر بىلەن ئىجتىمائىي پەنلەرنىڭ پەرقىنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ، قانداقتۇر «تەبىئىي پەننىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسى ماركسىزمنىڭ پەلسەپە، تەبىئەت دىئالېكتىكىسى»، — دەپ جۆيلۈپ تەبىئەت پەنلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، سانائەت يېزا ئىگىلىكىنى يۈكسەلدۈرۈشكە قارشى تۇرۇپ خەلقنى «كونا پېتى» بىلەن ئۆتۈشكە مەجبۇر قىلدى.

ئەمدى پارتىيە خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا يۆتكەلگەندىن كېيىن پۈتۈن جەمئىيەت ۋە پۈتۈن خەلقنىڭ كۈن ساناپ ئۆسۈۋاتقان ماددىي ۋە مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش يۈزىسىدىن تېخنىكا - پەنلىرى، سانائەت پەنلىرى، يېزا ئىگىلىك پەنلىرى، باشقۇرۇش پەنلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش تەكىتلەنگەن شارائىتتا بولسا بەزى كىشىلەر ئۆزىدىن چىقىپ «ئىجتىمائىي پەن بىلەن شۇغۇللىنىپ، يۈز قېتىم غەلىبە قىلىپ ئاخىرىدا بىر قېتىم مەغلۇپ بولساڭ تۈگەشسەن. تەبىئىي پەن بىلەن شۇغۇللىنىپ، بىر قېتىم مەغلۇپ بولۇپ ئاخىرىدا بىر قېتىم غەلىبە قىلساڭ ئىلىم ئەھلى بولىسەن» دېگەننى تەرغىپ قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىۋېرسىتېتلاردا ئىجتىمائىي پەنلەرنى خۇسۇسەن سىياسىي نەزەرىيە دەرسلىرىنى ئۆتۈش قىيىن بولۇپ قالدى. بۇ ئىككى خىل خاھىشنىڭ ھەر ئىككىسى خاتا بولۇپ دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئېيتقانلىرىغا ۋە پارتىيىمىزنىڭ مائارىپ يونۇلۇشىگە خىلاپ كېلىدۇ.

دېڭ شياۋپىڭ «ئىلىم — پەن ۋە مائارىپ خىزمىتى توغرىسىدا بىر قانچە پىكىر» دېگەن ماقالىسىدا ئۇ خىل خاھىشلارغا دىققەت قىلىپ «ئىلىم — پەن ئەلۋەتتە ئىجتىمائىي پەنلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن. «مەملىكەتلىك مائارىپ خىزمىتى يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق» تا بولسا پارتىيىمىزنىڭ مائارىپ يونۇلۇشىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، «مەكتەپلەر مۇقىم، توغرا سىياسىي يونۇلۇشنى ھەممىدىن بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش كېرەك. لېكىن بۇ نۇرغۇن ۋاقىتنى ئىدىيىۋى سىياسىي تەربىيە ئۈچۈن سەرىپ قىلىش دېگەنلىك ئەمەس. ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇقىم، توغرا سىياسىي يونۇلۇشنى

بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشى پەن — مەدەنىيەت ئوگىنىشنى چەتكە قاققانلىق ئەمەس. ئەكسىچە ئۇلار سىياسى ئېڭىنى قانچە ئۇستۇرسە ئىنقىلاپ ئۈچۈن پەن — مەدەنىيەت ئوگىنىشتە شۇنچە ئاڭلىق، شۇنچە تىرىشچان بولىدۇ، دەپ ئوتتۇرغا قويغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىلىم — پەننىڭ بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ ئىنسانىيەت ياراتقان بىلىملەرنى ئورتاق ئوگىنىشنى تەكىتلەش كېرەك. ئەندى زىيالىلار (ئىخساسلىق خادىملار) دىگەن مەسىلىگە كەلسەك ئۇ بەلگۈلۈك پەن — مەدەنىيەت بىلىملىرىگە ئىگە بولغان ئەقلى ئەمگەكچىلەردىن ئىبارەت بولۇپ پروفىسسۇر، ئىنژىنىر، تېخنىك، ئوقۇتقۇچى، دوختۇر، تەھرىر، مۇخبىر، ئەدەبىيات — سەنئەت، ئاخبارات خادىملىرىنى ئوز ئىچىگە ئالىدۇ. زىيالى- ئىجتىمائى ئىش تەخسىماتى، قوشۇمچە مەھسۇلات، خۇسۇسى مولۇكچۇلۇك ۋە سىنىپنىڭ كېلىپ چىقىشىغا ئەگىشىپ پەيدا بولغان ئەمگەكچىلەردۇر. زىيالىلار سىنىپى جەمئىيەتتە ئوخشاش بولمىغان سىنىپلارغا بولۇنۇپ تۇرمۇشنى ئوتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن ئۇلار مۇستەقىل سىنىپ ھېساپلانمايدۇ. ئۇلارنىڭ سىنىپى ئورنى ئۇزى خىزمەت قىلغان سىنىپلار تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. زىيالىلار ئۆزۈن زامانلارغىچىلىك ھەر قايسى سىنىپلار ياكى ئومۇمەن ئېيتقاندا ئېكىسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ كەلگەن بولسىمۇ لېكىن يېقىنقى زامان پەن تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ مەيدانغا كەلگەن ئىنقىلاۋى بورۇلۇش ھەركىتى زىيالىلارنىڭ ئىدىيە، تۇرمۇش، ئادەتلىرىدە كەسكىن ئوزگۇرۇش ياساپ ئۇلارنى بولۇپ تاشلىدى. ئېكىسپىلاتاتسىيە تۈزۈمىنىڭ ھالاكىتىنى ئالدىن كورگەن بىر قىسىم زىيالىلار ئۆزىنىڭ مەيدانىنى ئوزگەرتىپ پرولېتارىيات ۋەئەمگەكچىلەرتەرەپكە ئوتتى. سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭئىستىقبالىنى ئالدىن كورگەن يەنە بىر قىسىم زىيالىلار گەرچە خۇددى ماياكوۋىسكى ئېيتقاندەك «پوئىزىيە ئاسىنىدىن كوممۇنىزىمغا ئوزىنى تاشلىدى»، شۇنداق قىلىپ، بۇرژۇئازىيە زىيالىلىرى بىلەن بىر قاتاردا پرولېتارىيات زىيالىلىرىمۇ شەكىللىنىپ چىقىپ ئىجتىمائى ئىشلەپچىقىرىش ۋە تارىخى تەرەققىياتتا مۇھىم رول ئوينايدىغان بىر خىل كۈچقا ئايلاندى. ئىنقىلاۋى سىنىپلارنىڭ مەيدانىدا تۇرغان نۇرغۇن زىيالىلار ئىنقىلاپ جەريانىدا كۆۋرۈكلۈك رولىنى ئوينىدى. چەتئەللەردە ۋە جۇڭگودا بولۇپ ئوتكەن ئىنقىلاپ تارىخىنى ۋە يېڭىلىققا كوچۇش ھەركەتلىرىنى ئەسلەيدىغان بولساق، ھاكىمىيەتنى قولغا ئېلىشمۇ زىيالىلاردىن ئايرىلغان ئەمەس. ھاكىمىيەتنى مۇستەھكەملەپ يېڭىلىققا كوچۇشمۇ زىيالىلاردىن ئايرىلغان ئەمەس. بۇ تارىخى پاكىتنى يولداش دېڭشياۋپىڭ 1868 — يىلى ياپونىيەدە ئېلىپ بېرىلغان مىڭجىز دەۋرىدىكى (مىڭجىز ياپونىيە پادىشاسى مۇرىنىڭ يىلنامىسىدۇر) يېڭىلىققا كوچۇش ھەركىتىنى مىسال قىلىش ئارقىلىق ئىسپاتلاپ كورسەتتى. خۇددى تارىختىكى ئىنقىلاۋى ھەركەتلەر ۋە يېڭىلىققا كوچۇش ھەركەتلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

زىيالىيلاردىن ئايرىلالمىغاندەك زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، تەرەققىي قىلغان سوتسىيالىزىم باسقۇچىغا ئۆتۈش ھەركىتىمۇ زىيالىيلاردىن ئايرىلالمايدۇ. بىلىمگە ھۆرمەت قىلىش ماھىيەتتە ئىختىساسلىق بولغان زىيالىيلارغا ھۆرمەت قىلىشتۇر. چۈنكى كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ تەبىئەت، جەمئىيەت ۋە تەپەككۇرنىڭ ئومۇمىي قانۇنىيىتى توغرىسىدىكى بىلىمى، تەجرىبىلىرى ھامان زىيالىيلار تەرىپىدىن سىستېمىلاشقان بىلىمگە، يەنە ئايلاندۇرۇلىدۇ ۋە يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ. يەنە كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئوبيېكتىۋ دۇنيانى ئۆزگەرتىشكە يېتەكچىلىك قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىلىمگە ھۆرمەت قىلىشتا زىيالىيلارغا ھۆرمەت قىلىشنى ئالدىنقى شەرت قىلىش كېرەك.

2- ئىلىم- پەن، تېخنىكىنىڭ راۋاجلىنىشى- مائارىپقا باغلىقتۇر

يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئىلىم - پەن، تېخنىكىنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇشتىكى ئورنى ۋە رولىنى چۈشەندۈرگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئاچقۇچى بولغان مائارىپ خىزمىتى بىلەن ئىلىم- پەن، تېخنىكىنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا بىر مۇنچە يېڭى ئىلمىي بايانلارنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ «زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز پەن- تېخنىكىنىڭ يۈكسىلىشىگە باغلىق. پەن- تېخنىكىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن مائارىپنى تۇتماي بولمايدۇ. زامانىۋىلاشتۇرۇشنى قۇرۇق گەپ بىلەن ئىشقا ئاشۇرغىلى بولمايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن بىلىم بولۇش، ئىختىساسلىق خادىملار بولۇشى كېرەك. بىلىم بولمىسا، ئىختىساسلىق خادىملار بولمىسا قانداقمۇ يۈكسەلگىلى بولسۇن؟ پەن- تېخنىكا ساھەسىدىكى ئىختىساسلىق كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈشنىڭ ئاساسى مائارىپتا. بىز پارتىيىنىڭ مائارىپ يۆنۈلۈشىنى ئومۇمىيۈزلۈك توغرا ئىجرا قىلىپ، يۆنۈلۈشنى توغرىلاپ مائارىپ ئىسلاھاتىنى ھەقىقىي ئوبدان ئېلىپ بېرىپ، مائارىپ ئىشلىرىنى زور دەرىجىدە راۋاجلاندۇرۇشىمىز ۋە يۈكسەلدۈرۈشىمىز لازىم. مائارىپ ئىشلىرى ھەرگىز مائارىپ تارماقلىرىنىڭلا ئىشى ئەمەس. بۇنى ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار چوڭ ئىش قاتارىدا ئەستايىدىل تۇتۇشى زۆرۈر. ھەر ساھە ھەر كەسىپتىكىلەر مائارىپ ئىشلىرىنى قوللاپ — قۇۋۋەتلىشى، مائارىپ ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇشى لازىم. خەلق ئوقۇتقۇچىلىرى ئىنقىلاۋى ئەۋلادلارنى يېتىشتۈرىدىغان باغۋەن. ئۇلارنىڭ ئىجادىي ئەمگىكى پارتىيە ۋە خەلقنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولۇشى لازىم. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇتۇش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىش ۋاقتىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش، ئۇلارنىڭ سىياسىي تۇرمۇشى، خىزمەت شارائىتى ۋە كەسپىي ئۆگىنىشىگە كۆڭۈل بۆلۈش كېرەك. ئوقۇتۇش خىزمىتىدە كۆرۈنەرلىك تۆھپە ياراتقان ئوقۇتقۇچىلارنى قەدىرلەش ۋە مۇكاپاتلاش لازىم» دەپ كۆرسەتتى.

يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ بۇ خىل قاراشلىرى ئىلىم- پەن، تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ تارىخىي ئەمەلىيىتىگە ۋە دۆلىتىمىز مائارىپىنىڭ ھازىرقى ئېھتىياجىغا تامامەن ئۇيغۇن

كېلىدۇ. دۇنيانىڭ ئىلىم- پەن، تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ ئەھۋالىدىن ئېيتىدىغان بولساق ئىلىم- پەن تارىخچىلىرى 20- ئەسىرنى «ئىلىم- پەن پارتلىغان دەۋر» دەپ ئاتاشماقتا. مائارىپنىڭ گۈللىنىشى ئارقىسىدا ھازىر دۇنيادا يىلىغا 650 مىڭ خەتلىك كىتاب يېزىلىپ، مىنۇتىغا بىر خىل كىتاب نەشر قىلىنىدىكەن. كۈنىگە 900 خىل كىتاب بېسىلىدىكەن. ھەر كۈنى 1500 خىل ئىلمىي دىسسېرتاتسىيە ئېلان قىلىنىدىكەن. يالغۇز خىمىيە پەنلىرى بويىچە يىلىغا 400 مىڭ خىل ئەسەر يېزىلىدىكەن. يېقىنقى يىللاردىن بويان دۇنيا بويىچە ھەر يىلى ئېلان قىلىنىدىغان دىسسېرتاتسىيە 5 مىليوندىن ئېشىپ، كەشپىياتلار 350 مىڭدىن ئارتۇق بولۇۋېتىپتۇ. پەن- تېخنىكا ساھەسىدە مەيدانغا كەلگەن ئالەمشۇمۇل ئۈچ چوڭ ئىنقىلاب (پار قۇۋۋىتى، ئېلېكتېر قۇۋۋىتى، ھېساپلاش ماشىنىسى) نىڭ ھەممىسى مائارىپ تەرەققىياتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ بۇ كەشپىياتلار مائارىپى تەرەققىي تاپقان ئەللەردە يارىتىلغان. شۇڭا ئالىملار «ھازىرقى زامان دەۋرىنىڭ ئاچقۇچى مائارىپ» دەپ مۇئەييەنلەشتۈرگەن. مائارىپ جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيىتىنى يۈكسەلدۈرۈش، يۈز مىليونلىغان ئىختىساسلىق كىشىلەرنى يېتىلدۈرۈپ ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىنى تېزلىتىشتە تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ. ئىختىساسشۇناسلارنىڭ پەرىزىچە باشلانغۇچ مەكتەپ سەۋىيىسىدىكى ئىشچىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقى 43%، ئوتتۇرا مەكتەپ سەۋىيىسىدىكى ئىشچىلارنىڭ 108%، ئالىي مەكتەپ سەۋىيىسىدىكى ئىشچىلارنىڭ 300% بولىدىكەن. بۇ پاكىتلاردىن ئىلىم- پەن، تېخنىكا تەرەققىياتىنىڭ ھەقىقەتەن مائارىپقا باغلىق ئىكەنلىكىنى كۆرۈشكە بولىدۇ. ئەمدى ئۆزىمىزنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى ۋە ئېھتىياجىدىن چىقىپ ئېيتىدىغان بولساق ئازاتلىقتىن كېيىن مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىغا قەدەر بولغان 17 يىل ئىچىدە يولداش ماۋزېدۇڭ پەن- تەتقىقات خىزمىتى ۋە مەدەنىيەت مائارىپ خىزمىتى توغرىسىدا بىر قاتار يوليورۇقلارنى بېرىپ، پەن- تەتقىقات خىزمىتى ۋە مەدەنىيەت- مائارىپ خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىپ زىيالىيلىرىمىزنىڭ مۇتلەق كۆپچۈلىكىنى ياخشى، سوتسىيالىزىم ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. ياكى سوتسىيالىزىم ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى خالايدۇ دەپ توغرى مۆلچەرلەپ، 60- يىللارنىڭ باشلىرىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىلىم- پەن توغرىسىدىكى 14 ماددىنى، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى 60 ماددىنى قوللىنىشنى ئۈچۈن مائارىپ ئىشلىرىمىز ساغلام ۋە نورمال تەرەققىي قىلغان ئىدى. ھازىر ھەر قايسى سەپلەردە ئىشلەۋاتقان تايانچ كۈچلەرنىڭ ھەممىسى 17 يىل ئىچىدە تەربىيىلىنىپ چىققان ئىدى. ئاتوم بومبىسى ياساشمۇ 1964- يىلى ۋۇجۇتقا چىققان. ۋودرود بومبىسى 1967- يىلى پارتلىتىلغان بولسىمۇ لېكىن ئۇنىڭ ئاساسى 60- يىللاردا قۇرۇلغان ئىدى. لېكىن «4 كىشىلىك گۇرۇھ» 1971- يىلى «مەملىكەتلىك مائارىپ

خىزمەتنى يىغىنىنىڭ خاتىرىسى» دېگەن بىر نەمىنى قوراشتۇرۇپ چىقىپ ئۇنىڭدا ئاتالغان «ئىككى مولچەر» دېگەننى ئوتتۇرىغا قويدى «ئىككى مولچەر» نىڭ بىرى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋىدىن ئىلگىرىكى 17 يىل مائارىپ سېپىدە بۇرژۇئازىيە پرولېتارىياتنى ئۈستىدىن دىكتاتۇرا يۈرگۈزگەن. «قارا ژىپ دىكتاتۇرىسى ھۆكۈم سۈرگەن 17 يىل»، ئىككىنچىسى زىيالىيلارنىڭ زور كۆپچۈلۈكى ئاساسەن بۇرژۇئازىيە دۇنيا قارىشىدا بولۇپ كەلگەن بۇرژۇئازىيە زىيالىيلىرىدۇر» دېگەندىن ئىبارەت. «4 كىشىلىك گورۇھنىڭ» «ئىككى مولچەر» دىن ئىبارەت بۇ سۇيىقەستى ئەدىبىيالىزمى شۇ چاغدا ئاز سانلىق كىشىلەر تەرەپتىن ھىمايە قىلىنىپ كەڭ تۈردە تەشۋىق قىلىنغانلىقى ئۈچۈن تاكى 1976-يىللارغىچىلىك مائارىپ ساھەسىدە ھۆكۈمرانلىق قىلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن مائارىپ ئىشلىرى قالايمىقانلىشىپ چېكىنىشكە قاراپ ماڭدى. مەكتەپلەرنى ھەربىي ۋەكىللەر، ئىشچىلار تەشۋىقات دۈيى، كەمبەغەل تۆۋەن — ئوتتۇرا دېھقان ۋەكىللىرى باشقۇرۇشقا باشلىدى. چاۋياڭدىن ئۆگىنىش مەركەز قىلىنغان بىر قاتار خاتا تەشۋىقاتلار مائارىپ ساھەسىنى قاپلاپ كەتتى. ئاتالمىش «ئىشىكنى ئېچىپ قويۇپ مەكتەپ باشقۇرۇش» دېگەن بىر نەمىنىڭ تەسىرى بىلەن مەكتەپلەر تاقالدى. بىزنىڭ مەكتىۋىمىزنىمۇ «ئىككى مولچەر» نىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلارنىڭ بىرى. دېيىشكە بولىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا مەكتەپنى باشقۇرۇپ تۇرغان ھەربىي ۋەكىللەر بىلەن ئىشچىلار تەشۋىقات دۈيى، مەكتەپنى دېھقانچىلىق مەيدانىغا كۆچۈرۈپ چىقىپ ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇغۇچىلارنى زەيكەش چېپىشقا سېلىپ ئوقۇتۇشنى بىر مەزگىل توختىتىپ قويدى. «چاۋياڭ» دىن ئۆگىنىش ئەۋجىگە چىققاندىن كېيىن 1973 — يىلى «ئىككى مولچەر» كەڭ تەشۋىق قىلىندى. قانداقتۇر «ماركسىزىم — لېنىنىزىم كاپىتدراسى شىۋجىڭجۇيىنىڭ مەسئۇلى» بىزنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرىمىز سۆزلەشنى بىلمەيدىغان، ئىشلەشنى بىلمەيدىغان زىيالىيلار بولۇپ «دۇنيا قاراش جەھەتتىن ئېيتقاندا بۇرژۇئا زىيالىيلىرىغا مەنسۇپ، ئىچكىرىدىكى ئونۋىرسىتېتلار ماركسىزىم - لېنىنىزىم كاپىتدراسىنى ئاللا بۇرۇن تارقىتىۋەتكەن. بىزمۇ ماركسىزىم — لېنىنىزىم كاپىتدراسىنى تەشۋىقات باشقارمىسى بىلەن ھەر قايسى پاكولتېتلارغا چۈشۈرۈپ قوشۇۋېتىشىمىز لازىم» دېگەن گەپلەر ئاشكارە ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

يولداش جۈئىنلەي مائارىپ ساھەسىدىكى مۇنداق خاتا سۆز — ھەرىكەتلەرنى تۈزىتىشكە تىرىشقان بولسىمۇ ئەينى ۋاقىتتىكى شارائىت ئۇنىڭغا يار بەرمىگەن ئىدى. شۇڭا يولداش دېڭشياۋپىڭ 1977 — يىلى مەردانىلىق بىلەن كوكرەك كېرىپ چىقىپ «ئىككى مولچەر ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس» دەپ ھۆكۈم قىلدى. ئۇ «مەملىكەت بويىچە مائارىپ سېپىدىكى 17 يىللىق خىزمەتكە قانداق باھا بېرىش كېرەك؟ مېنىڭچە ئۇنىڭ

ئاساسى تەرىپى قىزىل ژىپىتىن ئىبارەت. شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش كېرەككى — 17 يىل جەريانىدا زىيالىيلارنىڭ مۇتلەق كوپچۈلىگى، مەيلى ئىلىم — پەن خادىملىرى بولسۇن ياكى مائارىپ خادىملىرى بولسۇن، ماۋزېدوڭ ئىدىيىسىنىڭ شانلىق نورىدا، پارتىيىنىڭ توغرا رەھبەرلىگىدە جاپاغا چىداپ ئەمگەك قىلىپ، تىرىشىپ ئىشلەپ، ناھايىتى زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى. بولۇپمۇ مائارىپ خادىملىرىنىڭ ئەمگىگى تېخىمۇ جاپالىق بولدى. ھازىر ھەر قايسى سەپلەردە ئىشلەۋاتقان تايانچى كۈچلارنىڭ تۈلىسى دىگەندەك دولىتىمىز قورۇلغاندىن كېيىن ئۆز قولىمىزدا تەربىيلىنىپ چىققانلار، بولۇپمۇ ئالدىنقى 10 يىل ئىچىدە تەربىيلىنىپ چىققانلاردۇر. 17 يىلغا ئەنە شۇنداق باھا بەرمەسەك قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىمىزنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيمىز» دەپ كورسەتتى. ئۇ زىيالىيلارنىڭ دونيا قارىشىنى ئوزگەرتىش تەرىپىنى ئېلىپ ئېيتايلى بۇنىڭغا قانداق باھا بېرىش كېرەك؟ دىگەن مەسىلە ئۈستىدە — توختۇلۇپ، «دونيا قاراش مۇھىمى كىم ئۈچۈن ئىشلەشتە ئىپادىلىنىدۇ. زىيالىيلىرىمىزنىڭ مۇتلەق كوپچۈلىگى ئاڭلىق ۋە ئىختىيارى يوسۇندا سوتسىيالىزىم ئۈچۈن ئىشلەيدۇ. سوتسىيالىزىمغا قارشى تۇرىدىغانلىرى ئىنتايىن ئاز. سوتسىيالىزىمغا قىزىقمايدىغانلارمۇ ئازغىنا بىرقىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئەلۋەتتە تارىخ ئوزلۇكسىز ئىلگىرلەيدۇ. كىشىلەرمۇ ئوز ئىدىيىسىنى ئوزلۇكسىز ئوستۇرۇپ بېرىش كېرەك. كونا جەمئىيەتتىن كەلگەن زىيالىيلار ئوزىنى ئوزگەرتىپ قالماستىن دولىتىمىز قورۇلغاندىن كېيىن تەربىيلەنگەن زىيالىيلارمۇ ئوزىنى داۋاملىق ئوزگەرتىشى كېرەك. زىيالىيلار ئوزىنى داۋاملىق ئوزگەرتىپلا قالماستىن ئىشچىلار، دىخانلار ۋە كوممۇنىستلارمۇ ئىدىيىسىنى داۋاملىق ئوزگەرتىشى كېرەك. بۇنى يولداش ماۋزېدوڭ بۇرۇنلا ئېيتقان» — دەپ كورسەتتى. يولداش دېڭشياۋپىڭنىڭ زىيالىيلار توغرىسىدىكى بۇ سوزلىرى بىزنىڭ زىيالىيلار قوشۇنىمىزنىڭ ئەھۋالىغا راستىن ئويغۇن كېلىدۇ. زىيالىيلار قوشۇنىمىزنىڭ سان ۋە سۈپىتىدە ئوزگۈرۈش بولدى. سان جەھەتتىن ئېيتقاندا 5 مىليوندىن 25 مىليونغىچە كوپەيدى. ئۇلار پۈتۈن مەملىكەت ئاھالىسىنىڭ 3% نى تەشكىل قىلىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئالى مەكتەپنىڭ پىروفېسسور لېكتورلىرى 200 مىڭ، ئوتتۇرا دەرىجىلىك تېخنىكوم ئوقۇتقۇچىلىرى 100 مىڭ، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى 3 مىليون 100 مىڭ، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى 5 مىليون 200 مىڭ بولۇپ، قالغان 16 مىليون 400 مىڭ زىيالى باشقا ساھەلەردە ئىشلەيدۇ. سۈپەت جەھەتتىن ئېيتقاندا زىيالىيلارنىڭ مۇتلەق كوپچۈلىگى ئازاتلىقتىن كېيىنكى ھەر خىل ئىجتىمائى ھەركەتلەر جەريانىدا ئوزىنى ئوزگەرتىپ ئۇلارنىڭ كوپ قىسمى پورولېتارىيات زىيالىيسىغا ئايلاندى. بىر قىسمى ئوتتۇرا دەرىجىلىك ۋە يۇقۇرى دەرىجىلىك


AltunOq

زىيالىيلارغا ئۆزگەردى.

يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇشۇنداق پاكىتلارغا ئاساسلىنىپ پارتىيە مەركىزى كومىتېتىغا ۋاكالىتەن «ئومۇمەن ئېيتقاندا — ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپچۈلىكى ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ۋە ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئۆز بالىسى بولۇپ قالدى. شۇڭلاشقىمۇ ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئۆزىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ قالدى دېيىشكە بولىدۇ» دەپ ئېلان قىلدى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ يالغۇز زىيالىيلارنىڭ قەلبىدىكى سۆزلەرنىلا سۆزلەپ قالماستىن بەلكى يولداش ماۋزېدوڭغا چېتىلىدىغان بەزى مۇرەككەپ مەسىلىلەرنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، ماۋزېدوڭنىڭ مائارىپ ئىدىيىسىنى قوغداپ ئۇنى داۋاملىق ئىجرا قىلىشقا كەڭ يول ئېچىپ بەردى. كىشىلەرنى قايىل قىلدى.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، دېڭ شياۋپىڭ مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇشقا تۇسالغۇلۇق قىلغان ۋە زىيالىيلارنىڭ يەلكىسىنى بېسىپ كەلگەن تەرسا كۈچلەرنى ۋە تەلىماتلارنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، زىيالىيلارنى ئازات قىلىپ ئۇلارغا ئىلھام بېغىشلاش بىلەنلا قالماستىن بەلكى قۇرۇق گەپ بىلەن ئىشنى ئاقتۇرغىلى بولمايدۇ دېگەن پىرىنسىپتا چىڭ تۇرۇپ زىيالىيلارنىڭ سىياسى، ئىقتىسادى ئورنىنى يۇقۇرى كۆتۈرۈش توغرىسىدا پارتىيە مەركىزى كومىتېتىغا مۇۋاپىق تەكلىپ پىكىرلەرنى بېرىپ، يۇقۇرىدا ئېيتقانلارنىڭ تولىسىنى ئەمەلىيەتتە ئىشلىدى. پارتىيە مەركىزى كومىتېتى دېڭ شياۋپىڭنىڭ تەكلىپلىرىنى قوبۇل قىلىپ، مائارىپ ساھەسىدىكىلەرنى يۈرەكلىك ھالدا پارتىيىگە قوبۇل قىلىشنى، رەھبەرلىك ئورۇنلىرىغا تاللاپ كىرگۈزۈشنى ئېلىپ باردى. مائارىپ ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئىش ھەققىنى 3 قېتىم ئۆستۈردى. بولۇپمۇ بۇ قېتىمقى لىكتۇر دەرىجىلىكلەردىن يۇقۇرى بولغان ئىلىم- پەن ۋە مائارىپ خادىملىرىغا قىلىنغان غەمخورلۇق ناھايىتى چوڭ بولۇپ، ئۇلارغا زور دەرىجىدە ئىلھام بەردى. دېمەك ھازىر مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ يولى كەڭ ئېچىلدى. گەپ مائارىپ ساھەسىدىكىلەرنىڭ بۇ يولدا راۋان مېڭىش ياكى ماڭالماسلىقىغا باغلىق بولۇپ تۇرماقتا.

## 3. پەن — تېخنىكا — ئىشلەپچىقىرىش كۈچىدۇر

يولداش دېڭ شياۋپىڭ ماركسىزمنىڭ «پەن — تېخنىكا ئىشلەپچىقىرىش كۈچىدۇر» دېگەن نۇقتىنەزىرىنى ئاساس قىلىپ، پەن — تېخنىكىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشتا ئويناپ كەلگەن تارىخى ۋە رىياللىق رولىغا ئاساسەن، «پەن — تېخنىكا ئىشلەپچىقىرىش كۈچى، بۇ ماركسىزمنىڭ ئەزەلدىن بويانقى كۆز قارىشى» دەپ كۆرسەتتى. بۇ ماركسىزملىق ھەقىقەتتۇر. ماركس بۇنىڭدىن يۈز نەچچە يىل بۇرۇن، «ماشىنا بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغان ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتى تەبىئىي پەننى ئاڭلىق تەتبىق قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ» دېگەن ئىدى. شۇنىڭدەك ماركس ناھايىتى ئېنىق قىلىپ، «ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى

ئىلىم— پەننىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن. ھازىرقى زامان پەن— تېخنىكىسى ئىلىم— پەن بىلەن ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى بارغانسىرى قويۇقلاشتۇرۇپ، «پەن— تېخنىكا ئىشلەپچىقىرىش كۈچىدۇر» دېگەن قاراشنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىماقتا. تېخنىكىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىش بىر ئاز ئاسان، ئەمما تەبىئىي پەننىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچى بولۇشىنى قانداق چۈشىنىشكە بولىدۇ؟ بۇنىڭغا دېڭشياۋپىڭ: «زامانىۋى ئىلىم-پەن ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىياتىغا يول ئاچىدۇ، ئۇنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشىنى بەلگىلەيدۇ» دەپ جاۋاپ بەرگەن ئىدى. ئۇ بۇنىڭغا يوقۇرى مالېكولا— لىق بىرىكمە سانائىتى، ئاتوم ئېنېرگىيەسى سانائىتى، ئېلېكترونلۇق ھېساپلاش ماشىنىسى سانائىتى، يېرىم ئۆتكۈزگۈچلەر سانائىتى، ئالەم قاتنىشى سانائىتى، لازېر سانائىتى قاتارلىقلارنى دەلىل قىلىپ، «نۇرغۇنلىغان تارىخى پاكىتلار شۇنى چۈشەندۈردىكى نەزەرى— يەۋى تەتقىقاتتا زور يېڭىلىق يارىتىلغان ھامان ئىشلەپچىقىرىش ۋە تېخنىكىدا ئاخىرى غايەت زور تەرەققىيات بارلىققا كېلىدۇ. زامانىمىزدا تەبىئىي پەن مىسلىسىز سۈرئەتتە ئىشلەپچىقىرىشقا تەدبىق قىلىنىپ ئىجتىمائىي ماددى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىنىڭ قىياپىتى يېڭىلانماقتا، بولۇپمۇ ئېلېكترونلۇق ھېساپلاش ماشىنىسى كونترول قىلىش ۋە ئاپتوماتلاشتۇرۇش تېخنىكىسىنىڭ راۋاجلىنىشى ئارقىسىدا ئىشلەپ— چىقىرىشنىڭ ئاپتوماتلىشىش دەرىجىسى تېز ئۆسمەكتە. ئوخشاش مىقتاردىكى ئەمگەك كۈچى بىلەن ئوخشاش ئەمگەك ۋاقتى ئىچىدە بۇرۇنقىدىن نەچچە ئون ھەسسە، نەچچە يۈز ھەسسە ئارتۇق مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىلماقتا» دېگەن خۇلاسىنى چىقاردى. بۇنىڭ— دىن قارىغاندا تەبىئىي پەنلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچى بولۇشىنىڭ سەۋەبىنى ئىش— لەپچىقىرىش كۈچىنىڭ دائىرىسىدىن تەكشۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

تەبىئىي پەنلەر كىشىلەرنىڭ تەبىئەتتىن پايدىلىنىش، تەبىئەتنى ئۆزگەرتىش ئار— قىلىق ماددى تۇرمۇش ۋاستىلىرىنى قولغا كەلتۈرۈشتىكى قابىلىيىتىنى ئاشۇرۇشقا ياردەم بېرىدۇ. ئۇ ئىشلەپچىقىرىشتا قوللۇنۇلۇپ بەلگۈلۈك ئەمگەك ۋاستىسى بىلەن ئەمگەك— چىنىڭ تەجرىبىسى ۋە قابىلىيىتىگە ئايلانغاندىن كېيىن ۋاستىلىق ئەمگەك كۈچىگە ئۆزگىرىدۇ. شۇڭا ماركىس: «تەبىئىي پەن ئومۇمەن ئېيتقاندا ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە مەنسۇپ بولىدۇ» دېگەن ئىدى. مەسىلەن: ھازىرقى زامان پەنلىرى ئىش— لەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەشكىل قىلغۇچى ھەر قايسى ئامىللار ئىچىگە سىڭىپ كەتكەن بولغاچقا ئەمگەك ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقى زور دەرىجىدە ئۆستى. ئۇلچەملىك پولات — تۆمۈر تاۋلاش ماشىنىسى ئىشچىلارنىڭ بىۋاستە كونتروللىقىدا بولغاندا ھەر ھەپتىدە 500 توننا مەھسۇلات ئىشلەپچىقارغان بولسا ئېلېكترونلۇق ھېساپ— لاش ماشىنىسى ئارقىلىق كونترول قىلىنغاندىن كېيىن ھەر ھەپتىدە 5 مىڭ توننا

پولات مەھسۇلاتى ئىشلەپچىقىرىپ ئىلگىرىكىدىن 100 ھەسسە ئاشۇرۇۋەتتى. يېزا ئىگىلىك ساھەسىدە ئىلغار پەن — تېخنىكا قوللىنىلغانلىقتىن تەرەققىي قىلغان كاپىتالىستىك دۆلەتلەردە — ئامېرىكىدا ھەر بىر يېزا ئىگىلىك ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە باشقۇرىدىغان تېرىلغۇ يېرى 1244 موغا، ھەر يىللىق ئىشلەپچىقىرىدىغان ئاشلىقى 234000 جىڭغا يەتكەن. بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدىكى، پەن — تېخنىكا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ بارغانسىرى مۇھىم ئىشلەپچىقىرىش كۈچى بولۇپ قالماقتا.

پەن — تېخنىكىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچى ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ كونكرېت چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئامىللىرى بىلەن تەبىئىي پەنلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تەھلىل قىلىش كېرەك. بىزگە مەلۇمكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئىچىدىكى ئاساسىي ئامىل ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى بىلەن ئەمگەك كۈچىدۇر. تارىختا ھەر قانداق ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ ھەممىسى مۇئەييەن پەن — تېخنىكا بىلەن باغلانغان، ئوخشاشلا تارىختىكى ھەر قانداق ئەمگەك كۈچلىرىمۇ مۇئەييەن پەن تېخنىكىغا ئىگە بولغان، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئىچىدىكى ھەل قىلغۇچ ئامىل بولغان ئادەم بەلگىلىك پەننى بىلىم، ئىشلەپچىقىرىش تەجرىبىسى ۋە ئەمگەك ماھارىتىگە ئىگە بولمىسا ھازىرقى زامان ئىشلەپچىقىرىشىنى ئېلىپ بارالمايدۇ. ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا بىرىنچىدىن، پەن بىلەن ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى (ۋاستىلىرى) زىچ باغلانغان بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى پەن — تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ تەرەققىي قىلغان. مەسىلەن: 18 — ئەسىردە مەيدانغا كەلگەن بىرىنچى قېتىملىق تېخنىكا ئىنقىلابى ماشىنا بىلەن ئىشلەپچىقىرىشنى قول بىلەن ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئورنىغا دەسسەتتى. 19 — ئەسىردە مەيدانغا كەلگەن 2 — قېتىملىق تېخنىكا ئىنقىلابى گاز بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان ماشىنىلارنىڭ ئورنىغا ئېلېكتىر بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان ماشىنىلارنى دەسسەتتى. 20 — ئەسىردە مەيدانغا كەلگەن 3 — قېتىملىق تېخنىكا ئىنقىلابى ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسى قاتارلىق يېڭى قوراللارنى ئېلېكتىر بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان ماشىنىلارنىڭ ئورنىغا دەسسىتىپ ئىشلەپچىقىرىشنى ئاپتوماتلاشتۇردى.

ئىككىنچىدىن، پەن بىلەن ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئوبيېكتى زىچ باغلانغان بولۇپ كىشىلەر پەننىڭ تەرەققىياتىغا تايىنىپ كۆمۈر، نېفىت، ئالتۇن، سۇ كۈچى قاتارلىق تەبىئىي بايلىقلاردىن پايدىلىنىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ كەلدى. ھازىرقى ۋاقىتتا قانداق يەردە تەبىئىي بايلىقلارنىڭ بارلىقىنى تېپىش ئىمكانىيىتىگە تولۇق ئىگە بولماقتا.

ئۈچىنچىدىن، پەن بىلەن ئەمگەكچىلەر زىچ باغلانغان بولۇپ كىشىلەر بەلگۈلۈك

پەننى بىلىملەرنى، ئىشلەپچىقىرىش تەجرىبىسىنى، ئەمگەك ماھارىتىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ھەر قايسى دەۋردىكى پەننى بىلىملەردىن ئايرىلغان ئەمەس. تارىختىكى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ۋاستىلىرى مۇئەييەن پەن — تېخنىكا ۋاستىلىرى بىلەن بىرلەشكەن. ئوخشاشلا تارىختىكى ئەمگەكچىلەرمۇ ئۆز زامانىسىدىكى پەن — تېخنىكا بىلىملىرىنى ئىگەللەپ ئىشلەپچىقىرىشنى ئۈزلۈكسىز راۋاجلاندۇرۇپ كەلگەن. يولداش دېڭشياۋپىڭ پەن — تېخنىكىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچى ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ بەرگەندىن كېيىن، پەن تېخنىكا قوشۇنىنى قۇرۇشنىڭ ئەھمىيىتىنى بايان قىلىدۇ. ھەم قىزىللاشقان ھەم ئىختىساسلاشقان كاتتا پەن — تېخنىكا قوشۇنىنى بەرپا قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇ: «پەن — تېخنىكىنى راۋاجلاندۇرۇشقا يۈرۈش قىلىشتا ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ھەم قىزىللاشقان ھەم ئىختىساسلاشقان ھەيۋەتلىك پەن — تېخنىكا قوشۇنى بولۇشى، دۇنيا بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان نۇرغۇن ئالىملىرى، قۇرۇلۇش تېخنىكا مۇتەخەسسىسلىرى بولۇشى لازىم؛ بۇنداق قوشۇننى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈش بىزنىڭ ئالدىمىزغا قويۇلغان جىددى ۋەزىپە» دەپ كۆرسىتىدۇ. قىزىللىقىش بىلەن ئىختىساسلىشىش ئازاتلىقتىن كېيىن داۋاملىق سوزۇلۇپ كېلىۋاتقان كونا مەسىلىلەرنىڭ بىرى بولسىمۇ لېكىن ئۇ، «4 كىشىلىك گوروھ» تەرەپتىن ئاستىن — ئۈستۈن قىلىنىپ بۇ ھەقتىكى چۈشەنچە ۋە تەلەپنىڭ مەزمۇنى قالايمىقانلىشىپ كەتكەن ئىدى. «4 كىشىلىك گوروھ»: «بىلىمى قانچە كۆپ بولغانلار شۇنچە ئەكسىيەتچى بولىدۇ» دەپ جۆيلۈپ ۋە: «مەدەنىيەتسىز ئەمگەكچى بولسىمۇ مەيلى» دېگەننى تەرغىپ قىلىپ، ئىمتەھان قەغىزىنى ئاق تاپشۇرغان، ئوقۇتقۇچىلار ئۈستىدىن ئىسيان كۆتەرگەن ھەم بىلىمسىز ھەم ئەكسىيەتچى چۈپرەندىلەرنى «قىزىل مۇتەخەسسىسلەر»نىڭ ئۈلگىسى قىلىپ كۆككە كۆتەردى. ھارماي — تالماي پەن — تېخنىكىنى تەتقىق قىلىپ ۋەتەن ئۈچۈن تۆھپە قوشقان ياخشى يولداشلارنى «ئاق مۇتەخەسسىسلەر»نىڭ ئۈلگىسى دەپ ھاقارەتلىدى. تۆھپىسى بار ئالىملارنى، پروفېسسورلارنى، ئىنجېنېرلارنى بولسا «بۇرژۇئازىيە ئىلمىي نوپۇزلۇقلىرى» دەپ ھاقارەتلىدى. پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىز تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىق مۇنەۋۋەر پەن — تېخنىكا خادىملىرىنى «شىۋجېڭجۇيىنىڭ مايسىلىرى» دەپ ھاقارەتلىدى. شۇنداق قىلىپ ھەق بىلەن ناھەق ۋە دۈشمەن بىلەن ئۆز ئوتتۇرىسىدىكى مەسىلىلەرنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىنى مۇجمەللەشتۈرۈپ قويدى.

يولداش ماۋزېدوڭ زىيالىيلارنىڭ ھەم قىزىللىشىش ھەم مۇتەخەسسىسلىشىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش جەريانىدا دۇنيا قارىشىنى ئۆزگەرتىشنىڭ لازىملىقىنى ئېيتقان ئىدى. «كىم ئۈچۈن خىزمەت قىلىش دۇنيا قارىشىنىڭ مۇھىم ئىپادىسى، بىر كىشى ئەگەر سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزنى سۆيىدىغان، سوتسىيالىزم ئۈچۈن، ئىشچى، دېھقان،

ئەسكەرلەر ئۈچۈن ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئاڭلىق خىزمەت قىلىدىغان بولسا بۇ ھالنى پورولېتارىيات دۇنيا قارىشىنى دەسلەپكى قەدەمدە ئىگىلىگەنلىكىنىڭ ئىپادىسى دېيىش كېرەك. سىياسىي ئۆلچەم بويىچە ئېيتقاندا ئۇنى ئاق دېمەي قىزىللاشقان دېيىش كېرەك. بىزنىڭ ئىلىم — پەن ئىشلىرىمىز سوتسىيالىزىم ئىشلىرىدىكى مۇھىم بىر ساھە، سوتسىيالىستىك ئىلىم — پەن ئىشلىرى يولىدا تىرىشىپ ئىشلەپ تۆھپە قوشۇشىنىڭ ئۆزى دەرۋەقە مۇتەخەسسىسلىشىشنىڭ ئىپادىسى. بۇنى مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا قىزىللىشىشنىڭ ئىپادىسى دېيىشكىمۇ بولىدۇ. لېكىن لىن بىياۋ ۋە «4كىشىلىك گورۇھ» بونداق قىلغان كىشىلەرگە ھە دېسىلا «سىياسىيدىن چەتلەپ كەتتى» دەپ ھوجۇم قىلىپ «ئاق مۇتەخەسسىس» قالپىقىنى كەيدۈردى. «ئاق» دېگەن بىر سىياسىي ئۇقۇم سىياسىي جەھەتتە ئەكسىيەتچى بولغان، پارتىيە ۋە سوتسىيالىزىمغا قارشى تۇرغانلارنى ئاق دېيىشكە بولىدۇ، ئۇنداق ياكى بونداق يېتەرسىزلىكى بولسىمۇ لېكىن تىرىشىپ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىپ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشقا تۆھپە قوشقانلارنى ھەرگىز ئاق مۇتەخەسسىس دېيىشكە بولمايدۇ.

يولداش دېڭشياۋپىڭ قىزىللىشىش بىلەن ئىختىساسلىشىش مەسىلىسىدە چۈشەنچىنى ۋە تەلەپنى توغرىلاش بىلەن بىرلا ۋاقىتتا ئېلىمىزنىڭ پەن — تېخنىكا ئىشلىرىنى تېزدىن راۋاجلاندۇرۇش — يۈكسەلدۈرۈش مەقسىتىدىن چىقىپ پەن — تېخنىكا قوشۇنىنى قۇرۇش ئىشىنى پارتكوملارنىڭ تۇتۇش كېرەكلىكىنى تەلەپ قىلدى.

4 . ئەقلىي ئەمگەكچىلەر بىلەن جىسمانىي ئەمگەكچىلەر ئوخشاشلا
ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىقنىڭ ياراتقۇچىلىرىدۇر

يولداش دېڭشياۋپىڭ پەن — تېخنىكا ئىشلەپچىقىرىش كۈچىدۇر دېگەن نوقتىنەزەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئەقلىي ئەمگەك ئۈستىدە توختۇلۇپ: «ئەقلىي ئەمگەكمۇ جىسمانىي ئەمگەكمۇ ئوخشاشلا ئەمگەك، ئەقلىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارمۇ ئەمگەكچى ... ئەقلىي ئەمگەك قىلغۇچىلار جىسمانىي ئەمگەكچىلەردىن پەقەت ئىجتىمائىي ئىش تەخسىماتىنىڭ ئوخشاش بولمىغانلىقى بىلەنلا پەرقلىنىدۇ، جىسمانىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارمۇ، ئەقلىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارمۇ سوتسىيالىستىك جەمىيەتتىكى ئەمگەكچىلەردۇر... كەلگۈسىدە ئەقلىي ئەمگەك بىلەن جىسمانىي ئەمگەك تېخىمۇ ئايرىۋالغىلى بولمايدىغان بولۇپ كېتىدۇ» دەپ كۆرسەتتى. بۇ نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت جەھەتتىن ئوخشاشلا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان مەسىلىدۇر.

پەن تېخنىكىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچى ئىكەنلىكى بىلەن ئەقلىي ئەمگەكچىلەرنىڭمۇ ئەمگەكچى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغاندىلا ئاندىن ئىلىم — پەن، مائارىپ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، ئەقلىي ئەمگەكچىلەرنىڭ جىسمانىي ئەمگەكچىلەر بىلەن بىرلىكتە

جەمئىيەتنىڭ ماددى ۋە مەنىۋى مەدەنىيىتىنى يارىتىشتىكى رولىنى كۆرەلەيمىز. شۇنداقلا ئەقلىي ئەمگەك بىلەن جىسمانىي ئەمگەك ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى تەدرىجىي تۈگۈتۈشكە قاراپ ماڭالايمىز.

ئەقلىي ئەمگەك بىلەن جىسمانىي ئەمگەك ئىنسانلارنىڭ ئىپتىدائىي جەمئىيەت باسقۇچىدىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىپ ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتىنىڭ كېلىپ چىقىشى، قوشۇمچە مەھسۇلاتلارنىڭ كۆپىيىپ كىشىلەر ئېھتىياجىدىن ئېشىشى، خۇسۇسىي مۇلۇكچىلىكنىڭ پەيدا بولۇپ سىنىپلارنىڭ كېلىپ چىقىشىغا ئەگىشىپ بۆلۈنۈپ كەتكەن ئىدى. ئىنسانلار قۇلدارلىق جەمئىيىتىگە تەرەققىي قىلىپ كىرگەندىن كېيىن جىسمانىي ئەمگەك پۈتۈنلەي قۇللارنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنگەن بولۇپ قۇللار ئۆزىنىڭ جاپالىق ئەمگىكى بىلەن قوشۇمچە مەھسۇلاتلارنى كۆپەيتىپ ئاز سانلىق كىشىلەرنى جەمئىيەتنىڭ مەنىۋى پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغاندىن كېيىن بىر قىسىم كىشىلەر جىسمانىي ئەمگەكتىن ئايرىلىپ چىقىپ ئەقلىي ئەمگەكچىلەرگە ئايلانغان.

ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى قۇلدارلار سىنىپى گەرچە ئەقلىي ئەمگەكنى ئاز ساندىكى ھۆكۈمران گۇرۇھلارنىڭ ئىمتىيازىغا، جىسمانىي ئەمگەكنى بولسا كۆپ ساندىكى قۇللار بىلەن ئەركىن كەسىپتىكى ئەمگەكچىلەرنىڭ تەقدىرىگە ئايلاندۇرۇپ ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى كېڭەيتىپ كەسكىنلەشتۈرۈشكە تىرىشقان بولسىمۇ، لېكىن ئەقلىي ئەمگەكچىلەر جىسمانىي ئەمگەكچىلەردىن ئايرىلىپ كەتكەن ئەمەس. مەخسۇس دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرغان، ئىختىسادىي ئىشلارغا يېتەكچىلىك قىلغان، پەن، ئەدەبىيات سەنئەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغانلار ئۆزىنىڭ ئەقلىي ئەمگىكى بىلەن قەدىمقى پەن — مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرغان بولسىمۇ، لېكىن بۇنىڭدىن ئىنسانلارنىڭ قەدىمقى مەدەنىيىتىنى ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى بىلەن شۇغۇللانمايدىغان ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلار ياراتقان دېگەن خۇلاسىنى چىقىرىشقا بولمايدۇ. تارىخىي ماتېرىيالىزم نوقتىنەزىرى بويىچە جەمئىيەتنىڭ ماددى بايلىقى بىلە مەنىۋى بايلىقىنى ئىشچى — دېھقان ئاممىسى بىلەن زىيالىيلار ئورتاق ياراتقان. تارىخىي ماتېرىيالىزم «خەلق ئاممىسى جەمئىيەتنىڭ بايلىقىنى ياراتقان» دەپ قارىغاندا، ئەقلىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئىشچى — دېھقان ئاممىسىنىڭ ئورنى ۋە رولىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئەقلىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان زىيالىيلارنىڭ ئورنى بىلەن رولىنىمۇ ئوخشاشلا مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. چۈنكى ئەقلىي ئەمگەك قىلغۇچىلار جىسمانىي ئەمگەك قىلغۇچىلار ياراتقان مەھسۇلاتقا تايانمايدىغان بولسا ئاچلىقتىن ئۆلىدۇ، سوغۇقتىن توڭلايدۇ، ئۇلارنىڭ ئىجادىيىتىدىن گەپ ئېچىشقا بولمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئەقلىي ئەمگەكچىلەرنىڭ شۇغۇللى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نىدىغان يەن ــ مەدىنىيەتنىڭ مەزمۇنى . قۇللارنىڭ، دېخانلارنىڭ ئىجتىمائىي ئەمەلىيە-
تىدىن ئايرىلىدىغان بولسا ئۇلارنىڭ ئىجاد قىلغان نەرسىلىرى مەنبەسىز سۇ، يىلتىزسىز
دەرەخكە ئايلىنىپ قالىدۇ.

يەنە بىر تەرەپتىن ئېيتقاندا، قۇللار بىلەن دېخانلارنىڭ ئىجتىمائىي ئەمەلىيىتى
ئەقلىي ئەمگەكچىلەرنىڭ ئىجادىيەت ۋە كەشپىياتلىرىنى تەلەپ قىلىدۇ، چۈنكى جىسمانىي
ئەمگەكلەر بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنى ياخشى ئېلىپ
بېرىش ۋە تەكرار ئېلىپ بېرىشتا بەلگۈلۈك بىلىم، يەن ــ تېخنىكىغا ئىگە بولۇشى
لازىم. خۇسۇسەن ئىشلەپچىقىرىش ماشىنىلاشقان، ئاپتوماتلاشقان بۈگۈنكى كۈندە،
ئىشچىلار، دېخانلار بەلگۈلۈك ئىشلەپچىقىرىش ۋە تېخنىكا بىلىملىرىنى ئىگەللىمەي-
دىغان بولسا ھازىرقى زامان ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن ئۇيغۇنلىشالمايدۇ. شۇڭا بىز
ئەقلىي ئەمگەك بىلەن جىسمانىي ئەمگەك ئوخشاشلا ئەمگەك بولۇپ، جەمئىيەتنىڭ ماددىي
بايلىقى بىلەن مەنىۋى بايلىقىنى ئەقلىي ئەمگەكچىلەر بىلەن جىسمانىي ئەمگەكچىلەر
ئورتاق ياراتقان دەيمىز.

تېخىمۇ كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇنى تۆۋەندىكى تەرەپلەرنى تەكشۈرۈش
ئارقىلىق چۈشىنەلەيمىز.

بىرىنچىدىن جەمئىيەتنىڭ ماددىي بايلىقىنى يارىتىشتا زىيالىيلارنىڭ ئەقلىي ئەمگىكى
ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ئىشچى ــ دېخانلارنىڭ جىسمانىي ئەمگىكى زىيالىيلارنىڭ ئەقلىي
ئەمگىكى بىلەن زىچ باغلانغان بولۇپ، زىيالىيلار ئىشچى ــ دېخانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا
قولغا كەلتۈرگەن تەجرىبىلىرىنى سىستېمىلاشقان پەننىي بىلىملەرگە ئايلاندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ
ئىشلەپچىقىرىش، پەن ــ تېخنىكا بىلىملىرىنى چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ. يېڭى تېخنىكا، يېڭى
قوراللارنى ئىجاد قىلىپ ئىشچى ــ دېخانلارنىڭ جىسمانىي ئەمگىكىنى زور دەرىجىدە يەڭ-
گىللىتىشكە ياردەم بېرىش ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئەمگەك ئۈنۈمـ
دارلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

ئىككىنچىدىن، جەمئىيەتنىڭ مەنىۋى بايلىقىنى يارىتىشتا زىيالىيلار پەن ــ مەدەنى-
يەت، تېخنىكا، ئەدەبىيات ــ سەنئەت بىلىملىرىنى توپلاپ تارقىتىش ۋە يۇقىرى كۆتۈ-
رۈش يولى بىلەن ئومۇملاشتۇرۇپ ۋە تۈرلەرگە ئايرىپ مەخسۇس پەنلەرنى كەشىپ
قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈشكە تۈرتكە بولىدۇ.

ئۈچۈنچىدىن، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ زىيالىيلارغا
ۋە ئەقلىي ئەمگەك قىلغۇچىلارغا بولغان تەلەپ كۆچىيىپ بارىدۇ. ماشىنىلاشقان ئىشلەپ-
چىقىرىش جىسمانىي ئەمگەك قىلغۇچىلارنى تۈركۈملەپ ئەقلىي ئەمگەك قىلغۇچىلارغا ئايلان-
دۇرىدۇ، شۇنداق قىلىپ كەلگۈسىدە جىسمانىي ئەمگەك بىلەن ئەقلىي ئەمگەك ئايرىۋال-

غىلى بولمايدىغان بولۇپ قوشۇلۇپ كېتىدۇ. شۇڭا ئەقلى ئەمگەك قىلغۇچىلارنىڭ ئەمگەكچى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىش لازىم.

يىغىپ ئېيتقاندا، بىز يولداش دېڭشياۋپىڭنىڭ ئىلىم — پەن، تېخنىكا ۋە مائارىپ ئىشلىرىمىزغا ئائىت ئەسەرلىرىنى ئوقۇغۇنىمىزدا ئىنتايىن يېقىملىق ھېس قىلىمىز. دېڭشياۋپىڭ ئىلىم — پەن، تېخنىكا ۋە مائارىپ ئىشلىرىمىزدىكى چىگىش ۋە مۇرەككەپلىشىپ كەتكەن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا ھەيۋە ياكى سوبېكتىپ بېشىمچىلىققا تايانماستىن، بەلكى داۋلىغا، تارىخى پاكىتلارغا ۋە ئىلىم — پەن، تېخنىكا، مائارىپ ئىشلىرىنىڭ دۇنيادىكى يۈكسەك تەرەققىياتىغا، ماركسىزىم — لېنىنىزىم ،ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ ئومۇمى يېتەكچى پىرىنسىپىغا، بىر مىليارتتىن ئارتۇق خەلقنىڭ رايىغا ۋە جۇڭگونىڭ ھازىرقى ئوبېكتىپ ئەمىلىيەتلىرىگە تايانغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان پىكىر، تەكلىپ ۋە يوليورۇقلىرى پارتىيە، خەلق، ئارمىيىنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئېلىپ، پارتىيە، خەلق، ئارمىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن — سىياسەتلىرىگە ئايلاندى. پۈتۈن مەملىكەت خىزمىتىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى بولۇپ قالدى. مائارىپ ساھەسىدىكىلەر ئۇنىڭ ئىلىم — پەن، تېخنىكا ۋەمائارىپ ئىشلىرىغا ئائىت بولغان ٩پارچە ماقالىسىنى نوقتىلىق ئۆگىنىپ ئۇزىنىڭ مائارىپ ئەمەلىيىتىگە يېتەكچى قىلىش ئۈچۈن تىرىشىشلىرى لازىم.

---

بېشى 43 - بەتتە

پايدىلانغان ماتېرىيال.

1. "قارار" نى ئۆگىنىشكە دائىر ماقالىلار توپلىمى. خەنسۇچە 1982 - يىل نەشرى.
2. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ تارىخىدىن لېكسىيە 2-قىسىم سەندۇڭ خەلق نەشرىياتى 1973 - يىل خەنسۇچە نەشرى.
3. 3- ئومۇمى يىغىندىن بۇيانقى ھۆججەتلەر توپلىمى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋىدا پارتىيە ئىچىدىكى 4 قېتىملىق زور كۈرەش

يۈسۈپجان سابىت، ئابدۇكېرىم پالتۇ

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋى» قانداق خاراكتېردىكى ھەرىكەت ئىدى؟ بۇ ھەقتە، پارتىيە 11 — نۆۋەتلىك مەركىزى كومىتېتىنىڭ 6 — ئومۇمىي يىغىنى ماقۇللىغان «پارتىيىنىڭ دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى تارىخىغا دائىر بىر قانچە مەسىلىلەر توغرىسىدا قارار»دا «ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋى» ھەرقانداق مەنىدىن ئالغاندا ئىنقىلاۋى ھەرىكەت ئەمەس، ئىجتىمائىي تەرەققىياتمۇ ئەمەس، ئۇنداق بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس» دەپ كۆرسىتىلدى. 1966 — يىلى 5 — ئايدىن 1976 — يىلى 10 — ئايغىچە داۋاملاشتۇرۇلغان «مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋى» — ماۋزېدۇڭ تەرىپىدىن قوزغىتىلغان ۋە رەھبەرلىك قىلىنغان. لىن بياۋ، جاڭچىڭ ئەكسىلئىنقىلاۋى گۇرۇھى تەرىپىدىن پايدىلىنىپ كېتىلگەن، پارتىيە، دۆلەت ۋە ھەر مىللەت خەلقىگە ئېغىر ئاپەت ئېلىپ كەلگەن چوڭ ئىچكى قالايمىقانچىلىق ئىدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋى» بىر قېتىملىق چوڭ ئاپەت بولۇپ پارتىيىنى، دۆلەتنى ۋە خەلقنى ئازادلىقتىن بۇيانقى ئەڭ ئېغىر زىيانغا ئۇچراتتى.

پارتىيە، دۆلەت ۋە خەلققە ئېغىر ئاپەت ئېلىپ كەلگەن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋى»نىڭ قوزغىتىلىشى ۋە ئۇزۇن يىللار داۋاملىشىشى ھەرگىزمۇ تاسادىپىي ئەمەس. «پارتىيىمىزنىڭ دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى تارىخىغا دائىر بىر قانچە مەسىلىلەر توغرىسىدا قارار»دا كۆرسىتىلگىنىدەك، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋى»نىڭ قوزغىتىلىشى ۋە 10 يىللاپ داۋاملىشىشىدا ماۋزېدۇڭنىڭ يېتەكچىلىك جەھەتتىكى خاتالىقىدىن باشقا، يەنە مۇرەككەپ ئىجتىمائىي تارىخى سەۋەبلەرمۇ بار.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋى»نىڭ قوزغىتىلىشىدىكى سۇبيېكتىپ سەۋەب شۇكى، ماۋزېدۇڭ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋى»نىڭ بىر يۈرۈش خاتا يېتەكچى نەزەرىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. 1956 — يىلقى پارتىيە 8 — قۇرۇلتىيى 3 چوڭ سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئورۇنلانغاندىن كېيىنكى سىنىپىي كۈچلەر مۇناسىۋىتىنىڭ ئۆزگىرىشىنى توغرا مۆلچەرلەپ،

پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ بۇندىن كېيىنكى ئاساسىي ۋەزىپىسى سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش بولىدۇ دەپ توغرا بەلگىلىگەن ئىدى. لېكىن ئۇزۇن ئۆتمەي پارتىيە ئىچىدە 8- قۇرۇلتاي روھىنى ئىنكار قىلىپ، سىنىپىي كۈچلەر مۇناسىۋىتىنى خاتا مۆلچەرلەپ سىنىپىي كۆرەشنى كېڭەيتىۋېتىش بىلەن خاراكتېرلىنىدىغان «سول» چىل پىكىر ئېقىمى ئۇسۇشكە باشلىدى.

1957 — يىلى 9 — ئاينىڭ 22 — كۈنىدىن 10 — ئاينىڭ 9 — كۈنىگىچە داۋام قىلغان 8 — نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 2 — ئومۇمىي يىغىنى سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش جەھەتتە توغرى تەشەببۇسلارنى بەلگىلىگەن بولسىمۇ، لېكىن خاتا ھالدا 8 — قۇرۇلتاينىڭ توغرا قارارىنى ئۆزگەرتىۋەتتى. يىغىندا ماۋ زېدۇڭ «ئىنقىلابنىڭ ئىلگىرى سۈرگۈچىلىرىدىن بولايلى» دېگەن نۇتقىنى سۆزلەپ، ھەر ساھەدىكى كادىرلارغا تېخنىكا ۋە كەسىپنى ئىگىلەپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئەتراپلىق قىلىپ ئېلىمىزنىڭ قۇرۇلۇشىنى ياخشىراق ئېلىپ بېرىشنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە 8 — قۇرۇلتاينىڭ ئېلىمىزدىكى ئاساسىي زىددىيەتلەر توغرىسىدىكى توغرا، ئىلمىي تەھلىلىنى ئىنكار قىلىپ، «پرولېتارىيات بىلەن بۇرژۇئازىيە ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت، سوتسىيالىزم يولى بىلەن كاپىتالىزم يولى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت، شەك-شۈبھىسىزكى، نۆۋەتتە ئېلىمىزدىكى ئاساسىي زىددىيەت» دەپ كۆرسىتىپ ئەيىبلىدى ھەمدە 1956 — يىلقى توغرا ئېلىپ بېرىلغان تەۋەككۈلچىلىككە قارشى تۇرۇشنى تەنقىد قىلىپ، ئۇنى ئاغدۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ بىر نۇقتا ئەمەلىيەتتە كېيىنكى «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» نىڭ تەييارلىقى بولدى.

شۇنداق قىلىپ، 8 — قۇرۇلتاي روھىنى ئىنكار قىلىشتىن باشلانغان «سول» چىل پىكىر ئېقىمى ئەۋج ئېلىپ، بارا — بارا «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ بىر يۈرۈش خاتا نەزەرىيىسى شەكىللەندى. ماۋ زېدۇڭنىڭ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» توغرىسىدىكى نەزەرىيىسى شۇنىڭدىن ئىبارەت بولدىكى: زور بىر تۈركۈم بۇرژۇئا ۋەكىللىرى، ئەكسىلئىنقىلابىي شيۇجىڭجۇيىچى ئۇنسۇرلار پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە ۋە مەدەنىيەت ساھەسىنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرىغا سوقۇنۇپ كىرىۋېلىپ، خېلى كۆپ ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى ئىگىلىۋالدى. پارتىيە ئىچىدىكى كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارلار مەركەزدە بۇرژۇئازىيەنىڭ باش قوماندانلىق شتابىنى شەكىللەندۈردى، ئۇلارنىڭ بىر يۈرۈش شيۇجىڭجۇيىلىق سىياسىي لۇشيەنى ۋە تەشكىلىي لۇشيەنى بولۇپ، ھەرقايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون ۋە مەركەزنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرىدا ئۇلارنىڭ گۇماشتىلىرى بار. ئىلگىرىكى كۈرەشلەرنىڭ ھەممىسى مەسىلىنى ھەل قىلالمىدى، پەقەت مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنى ئېلىپ بېرىپ ئاشكارا، ئومۇمىي يۈزلۈك تۆۋەندىن يۇقىرىغىچە كەڭ ئاممىنى

AltunOq

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

قوزغاپ قاراڭغۇ تەرەپلىرىمىزنى پاش قىلغاندىلا ئاندىن كاپىتالىزىم يولىغا ماڭغان هوقۇقدارلار تارتىۋالغان هوقۇقنى قايتۇرىۋالغىلى بولىدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە بىر سىنىپنىڭ يەنە بىر سىنىپنى ئاغدۇرۇپ تاشلايدىغان ئىنقىلاۋى، بۇنىڭدىن كېيىن مۇنداق ئىنقىلاپ كۆپ قېتىم ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇ نەزەرىيە 9 — قۇرۇلتايدا «پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى شارائىتىدە داۋاملىق ئىنقىلاپ قىلىش» نەزەرىيىسى دەپ ئاتالدى. بۇ خىل «سول» چىل خاتا نەزەرىيە ماركسىزىم — لېنىنىزىمنىڭ ئومۇمى ھەقىقىتىنى جۇڭگونىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىدىن چەتنەپ كەتكەن بولۇپ، بۇ ئارقىلىق جۇڭگونىڭ سوتسىيالىزىم ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش مۇقەررەر ھالدا «مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋى»غا سۆرەپ كەلدى. تەشكىلى جەھەتتە، پارتىيە دولەتنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقى يەۋقۇلئاددە مەركەزلەشتۈرۈلۈپ، پارتىيىنىڭ كوللىكتىپ رەھبەرلىك پىرىنسىپى ۋە دېموكراتىك مەركەزلەشتۈرۈش پىرىنسىپى ئاجىزلاشتۇرۇلدى ۋە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. ماۋزېدۇڭ جۇڭگو دېموكراتىك ئىنقىلاۋىدا ۋە مولوكچىلىك جەھەتتىكى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشنى غەلىبىلىك ئورۇنلاپ پارتىيە خىزمىتىنىڭ ئاساسى نوختىسىنى سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشقا يوتكەشنىڭ شەرت — شارائىتى ھازىرلاشتا زور تۆھپە قوشقان بولۇپ، ئىناۋىتى يوقۇرى پەللىگە كوتىرىلگەنىدى، ئۇ ئاستا — ئاستا مەغرۇرلىنىشقا باشلىدى. ئەمەلىيەتتىن، ئاممىدىن ئايرىلىپ، سوبيكتىۋىزىم ۋە شەخسى مۇستەبىتلىك ئىستىلىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئوزىنى پارتىيە مەركىزى كومىتېتىنىڭ ئۈستىگە قويدى. پارتىيىمىز بۇ خىل فېئودال مۇستەبىتلىك ئىستىلىنى ۋاقتىدا تۈزىتىۋالالمىدى. بۇنىڭ بىلەن پارتىيە ۋە دولەت «مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋى»نىڭ قوزغىتىلىشىنىڭ ۋە راۋاجلىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا چارىسىز قالدى.

لىن بياۋ، جاڭچىڭ ئەكسىلئىنقىلاۋى گۇرۇھى پارتىيىنىڭ «سول» چىل خاتالىقى ۋە ماۋزېدۇڭنىڭ شەخسكە چوقۇنۇشنى يولغا قويغان ئېغىر خاتالىقىدىن راسا پايدىلىنىپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، سوتسىيالىستىك ئۈستىقۇرۇلما ۋە ئىقتىسادىي بازىسقا ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇم قوزغاپ «ھەممىنى يىقىتىش، ئومۇمى يۈزلۈك ئىچكى ئۇرۇش قوزغاش»نى يولغا قويۇپ، پارتىيىدىن ھوقۇق تارتىۋېلىپ سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇندى. ئۇلار سۈيىقەست پىلانلاپ، بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، سوتسىيالىزىم ئىشلىرىنى ئېغىر زىيانغا ئۇچراتتى.

ئۇندىن باشقا «مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋى»نىڭ قوزغىتىلىشى ۋە ئۇزۇن يىللار داۋاملىشىشىدا مۇرەككەپ ئىجتىمائى، تارىخى سەۋەپلەرمۇ بار. سوتسىيالىستىك دولەتلەرنىڭ سوتسىيالىزىم بىلەن شۇغۇللىنىش تارىخى ئۇزۇن ئەمەس. سوتسىيالىستىك جەمىيەتنىڭ تەرەققىيات قانۇنى ئايرىم جەھەتلەردە ئېنىق بولمىدى. كۆپ

جەمئىيەتتە داۋاملىق ئىزدىنىشكە توغرا كېلەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە پارتىيىمىز ئۇزۇن مۇددەت ئورۇش ۋە كەسكىن سىنىپىي كۈرەش ۋەزىيىتىدە تۇرغانلىقتىن، تېز يېتىپ كەلگەن يېڭى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ۋە كەڭ كۆلەملىك سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشقا قارىتا ئىدىيىۋى تەييارلىق ۋە ئىلمىي تەتقىق قىلىش كەمچىل ئىدى. شۇ سەۋەپتىن دۆلىتىمىزدە سوتسىيالىزىم قۇرۇشنىڭ يولىنى ئىزدىنىش داۋامىدا ئۇنداق ياكى بۇنداق خاتالىقنىڭ يۈز بېرىشىدىن ساقلىنىش تەس ئىدى. نەتىجىدە بۇ سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئاساسى جەھەتتىن ئورۇنلانغاندىن كېيىنكى سوتسىيالىزىمنىڭ تەرەققىياتى داۋامىدا مەيدانغا چىققان ھەر خىل زىددىيەتلەرنى كۆزۈتۈش ۋە ھەل قىلىشتا سىنىپىي كۈرەشنى كېڭەيتىۋېتىپ، مۇقەررەر ھالدا «بىر سىنىپ يانا بىر سىنىپنى ئاغدۇرۇپ تاشلايدىغان» «مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋى»غا ئېلىپ كەلدى.

1966 ــ يىلى 5 ــ ئاينىڭ 16 ــ كۈنى جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزى كومىتېتى بيۇروسىنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنىدا ماۋزېدۇڭنىڭ رىياسەتچىلىكىدە «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزى كومىتېتىنىڭ ئۇختۇرۇش»نى تۈزۈپ چىقتى. بۇ مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى باشلانغانلىقىنىڭ بەلگىسى بولدى. «ئۇختۇرۇش»دا بىر يۈرۈش «سول»نەزەرىيە، فاڭجېن، سىياسەتلەر بەلگىلىنىپ، ماۋزېدۇڭنىڭ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋى»نى قوزغاش ئىرادىسىنى تولۇق ئىپادىلىدى. «ئۇختۇرۇش»تا دۆلەت ۋە پارتىيە ئىچىدىكى ۋەزىيەت تامامەن خاتا مۆلچەرلىنىپ ئىلىم ـ پەن ساھەسى، مائارىپ ساھەسى، ئاخبارات ـ نەشرىيات ساھەسى، ئەدەبىيات ــ سەنئەت ساھەسى قاتارلىق مەدەنىيەت ساھەسىنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقى پرولېتارىياتنىڭ قولىدا ئەمەس، بەلكى پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە ۋە مەدەنىيەتنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىگە بىر تۈركۈم بۇرژۇئازىيە سىنىپىنىڭ ۋەكىللىرى سوقۇنۇپ كىرىۋالغان، ئۇلار «بىر تۈركۈم ئەكسىلئىنقىلاۋى شيۇجىڭجۇيىچى ئۇنسۇرلار ۋاقت پىشىپ يېتىلىش بىلەنلا ئۇلار ھوقۇق تارتىۋالىدۇ، پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنى بۇرژۇئازىيە دىكتاتۇرىسىغا ئۆزگەرتىۋېتىدۇ»، بىز «پارتىيىمىزنىڭ شيۇجىڭجۇيىلىشىپ كېتىش، دۆلىتىنىڭ رەڭگىنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىش»، «خروششېۋچە ئادەملەرنىڭ تەختكە چىقىۋېلىش» خەۋپىگە دۇچ كەلدۇق دەپ كۆرسەتتى. «ئۇختۇرۇش»تا ئىنقىلاپنىڭ ئوبيېكتى ئاستىن ــ ئۈستۈن قىلىۋېتىلىپ پارتىيە ئىچىدىكى كەڭ كادىرلارنى «كاپىتالىزىم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارلار»؟ زور تۈركۈمدىكى بىلىملىك زىيالىلەرنى پارتىيە، سوتسىيالىزىمغا قارشى «ئىلىم نوپۇزلۇقلىرى» دەپ ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇلارنى پاش قىلىش، پىپەن قىلىشقا، ئۇلارنىڭ قولىدىكى ھوقۇقنى تارتىۋېلىشقا چاقىردى. «ئۇختۇرۇش»تا ئىلمىي مۇھاكىمىنى سىياسى كۈرەش دەپ بىكىتىپ خاتا ھالدا پرولېتارىيات ئىلمىي ئارقىلىق بۇرژۇئازىيە ئىلمىنى يوقۇتۇشنى تەشەببۇس قىلدى. پرولېتارىيات ئۈستقۇرۇلما ساھەسىدە، مەدەنىيەتـ

نىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىدە ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا ئومۇمىي يۈزلۈك دىكتاتۇرا يۈرگۈزۈشنى تەلەپ قىلىدى. ئەنە شۇنىڭدىن ئىتىۋارەن ھوقۇق تارتىۋېلىشنى نىشان قىلغان «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا باشلىنىپ كەتتى. «بىر تۈركۈم ئەكسىلئىنقىلابىي شىۋجىڭجۇيىچى ئۇنسۇرلار»نى ۋە «بۇرژۇئازىيە ئىلمىي نوپۇزلۇقلىرى»نى پاش قىلىش، پىپەن قىلىش ۋە ئۇلاردىن ھوقۇق تارتىۋېلىش ھەركىتى شىددەتلىك قانات يېيىپ، پۈتۈن مەملىكەت قالايمىقانچىلىققا چۈمدى. 10 يىللىق قالايمىقانچىلىق ئىچىدە خەلق ئىگىلىكى، مەدەنىيەت — مائارىپ ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. لىن بياۋ، جياڭ چىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھى «مەركىزى مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى گۇرۇپپىسى» نامى بىلەن ئاممىنى قوترىتىپ، گۇرۇھ پەيدا قىلىپ «ھەممىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش، ئىچكى ئۇرۇش قىلىش»نى قوزغاپ، ھەر دەرىجىلىك يەرلىك پارتكوملارنى قالايمىقان قىلىۋەتتى. مەملىكىتىمىزنىڭ مەدەنىي بايلىقى بولغان زور تۈركۈم مۇتەخەسسىسلەر، پروفېسسورلار، تەبىئىي پەن ئالىملىرى، دوختۇرلار، ئىجتىمائىي پەن ئالىملىرى، ئەدىبلەر، ئاتاغلىق سەنئەتچىلەر «ئەكسىيەتچى ئىلمىي نوپۇزلۇقلىرى»، «ئەكسىلئىنقىلابىي شىۋجىڭجۇيىچىلەر» قىلىۋېتىلىپ پىپەن، كۈرەش قىلىندى. ھەر قايسى جايلاردىكى ئاتاغلىق مەدەنىي مىراسلار، قىممەتلىك يادىكارلىقلار «4 كونىنى بۇزۇش» شوئارى ئاستىدا بۇزۇپ تاشلاندى.

بۇلارنىڭ ھەممىسى ماركسىزم — لېنىنىزمغا، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىگە، كەڭ كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ رايىغا ۋە ئىرادىسىگە خىلاپ ھەرىكەت بولۇپ كەڭ كادىرلار بىلەن ئاممىنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىدى. ئاتالمىش «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» قوزغالغان بىلەنلا كەڭ كادىرلار ۋە كەڭ ئامما ئوخشىمىغان شەكىللەر بىلەن قارشىلىق كۆرسەتتى ۋە چەكلەشكە تىرىشتى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» داۋاملاشتۇرۇلغان 10 يىلدا پارتىيىمىزنىڭ بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر كادىرلىرى ۋە خەلق ئاممىسى «سول» خاتالىققا، لىن بياۋ، جياڭ چىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھىغا قارشى ئارقا — ئارقىدىن كۈرەشلەرنى ئېلىپ باردى. بۇ كۈرەشلەر ئىچىدە 4 قېتىملىق چوڭ كۈرەشنى ئەسلەپ ئۆتۈش يېتەرلىكتۇر.

## 1 - قېتىملىق كۈرەش.

جياڭ چۈنچياۋ، ياۋ ۋېنيۈەنلەرنىڭ قۇتراتقۇسى ئارقىسىدا ۋاڭ خۇڭۋېن باشچىلىقىدىكى «شاڭخەي ئىشچىلار قوماندانلىق شىتابى» 1967 — يىلى 1 — ئايدا شاڭخەي شەھەرلىك پارتكومنىڭ ھوقۇقىنى تارتىۋالدى. ماۋزېدۇڭ «بۇ بىر سىنىپ يەنە بىر سىنىپنى ئاغدۇرۇپ تاشلايدىغان، بىر مەيدان چوڭ ئىنقىلاب» دەپ قوللىدى. لىن بياۋ، جياڭ چىڭ، ماۋزېدۇڭنىڭ «ھوقۇق تارتىۋېلىش»نى قوللىغان «سول» چىل خاتالىقىدىن پايدىلىنىپ،

يۇقۇرىدىن تۆۋەنگىچە ئومۇمىي يۈزلۈك ھوقۇق تارتىۋېلىشنى، كونا كادىرلارنىڭ «بىرىنىمۇ قالدۇرماي» يوقۇتۇش توغرىسىدا جار سالدى. لىن بياۋ، جاڭچىڭ ئەكسىلئىنقىلاۋى گۇرۇھىنىڭ قوترىتىشى ئارقىسىدا ئاممە گۇرۇھلارغا بولۇندى، رەھبىرى كادىرلار تۇتۇپ قويۇلدى، ئىگىز قالپاق كەيگۈزۈپ سازاي قىلىندى، ئۆيلىرى ئاقتۇرۇلدى، جىسمانى ئەركىنلىگى تاجاۋۇزچىلىققا ئۇچرىدى. ئاممىنىڭ گورۇھۋازلىغى ئەۋج ئېلىپ كېتىپ ئىشلەپچىقىرىش توختىدى، قاتناش ئۈزۈلدى، قوراللىق كورەش ئۈزلۈكسىز ئەۋج ئېلىپ كەتتى. 1 — ئاينىڭ 7 - كۈنى جاڭچىڭ، لىن بياۋنىڭ قوترۇتىشى بىلەن ئاممە جۇڭنەنخەيىنى قورشىۋېلىپ پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئالى رەھبەرلىرىدىن ليۇشاۋچى، دېڭ شياۋپىڭ، لى فۇچۈن، چېن يى قاتارلىقلارنى تارتىپ چىقىرىپ كورەش قىلىشنى تەلەپ قىلىش ۋاقىئەسى يۈز بەردى. ئارقىدىن ئارمىيىگە ھوجۇم قىلىپ، ھەربى ئىنستىتوت ئوقۇغۇچىلىرىنى قوترۇتۇپ يې جيەنيىڭ، چېن يىلارنى تارتىپ چىقىرىپ پىپەن قىلدى. پېڭ دېخۇەينى «چوڭ مىللىتارىست»، خې لوڭنى «چوڭ باندىت» دەپ كورەش قىلدى ۋە ئائىلىلىرىنى ئاقتۇردى. پارتىيە ۋە دۆلەت ئېغىر كىرىزىسقا دۇچ كەلدى.

پارتىيە ۋە دۆلەت بىر ئۇچۇم قارانىيەت — سۇيىقەستچىلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىقىغا دۇچ كەلگەن جىددى پەيتتە، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىلىرىگە ئالغان جۇئېنلەي، جۇدې، چېن يۈن، تەنجېنلىن، چېن يى، يې جيەنيىڭ، لى فۇچۈن لى شەننەن، شۇ شياڭچيەن، نى رۇڭجېن قاتارلىق پىشقەدەم پرولېتارىيات ئىنقىلاپچىلىرى ماركسىزىم - لېنىنىزىم پىرىنسىپىنى ۋە پارتىيىنىڭ توغرا رەھبەرلىگىنى قوغداش ئۈچۈن كوكرەك كىرىپ چىقىپ، مەدەنىيەت ئىنقىلاۋىنىڭ خاتا لۇشيەن — سىياسەت، تەدبىرلىرىگە قاتتىق تەنقىت يۈرگۈزدى ۋە لىن بياۋ، جاڭ چىڭ ئەكسىلئىنقىلاۋى گورۇھىنىڭ بوزغۇنچىلىقلىرىغا قارشى كەسكىن كورەش ئېلىپ باردى. 1967 — يىلى 2 — ئاينىڭ 13 — كۈنىدىن 16 — كۈنىگىچە جۇئېنلەينىڭ رىياسەتچىلىگىدە خۇەيرىنتاڭدا سىياسى بيورونىڭ باش قوشۇش يىغىنىنى ئېچىپ كورەشنى ئاشكارلىدى. يىغىندا پىشقەدەم ئىنقىلاپچىلار پارتىيە رەھبەرلىگى لازىممۇ — يوق، كونا كادىرلارنى ئاغدۇرۇش كېرەكمۇ — يوق، ئارمىيىنى مۇقىملاشتۇرۇش كېرەكمۇ — يوق دىگەن 3 تۈرلۈك پىرىنسىپال مەسىلىدە لىن بياۋ، جاڭ چىڭ، چېن بودا، كاڭشىڭ قاتارلىق بىر ئۇچۇم قارانىيەتلەرنىڭ جىنايى قىلمىشلىرىغا يۈزمۇ - يۈز رەددىيە بەردى. مەركىزى ھەربى كومىتېتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى يې جيەنيىڭ چېن بوداغا «سىلەر پارتىيىنى قالايمىقان قىلىۋەتتىڭلار، ھوكۇمەتنى قالايمىقان قىلىۋەتتىڭلار، زاۋۇتلارنى، يېزىلارنى قالايمىقان قىلىۋەتتىڭلار، سىلەر بۇنىڭغا قانائەت قىلماي، يەنە ئارمىيىنى قالايمىقان قىلىۋاتىسىلەر! مۇشۇنداق قىلىپ، زادى سىلەر نىمە قىلماقچى» دەپ رەددىيە خاراكتېرلىك سوئال قويدى. ھەربى كومىتېت-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نىڭ مۇئاۋىن رەئىسى شۇ شاڭچىيەن شىرەنى قاتتىق ئۇرۇپچىن بوداغا تىكىلىپ تۇرۇپ «ئارمىيە پۇرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنىڭ تۈۋرۈكى، بۇئارمىيە قالايمىقانلىشىپ كەتسە، بۇ تۈۋرۈك كېرەكمۇ - يوق، زادى بۇ ئادەملەرنىڭ ھەممىسى كېرەكسىزمۇ؟كۆپەيدافۇ قاتارلىق كىشىلەر ئارمىيىگە قوماندانلىق قىلماقچىمۇ؟ دەپ سوئال قويدى. ئارقىدىن يې جىيەنيىڭ قاتارلىق يولداشلار كاڭسىڭچىن بوداغا قارىتىپ» شاڭخەيدىكى ھوقۇق تارتىۋېلىش نامىنى ئۆزگەرتىپ، شاڭخەي كوممۇنىسى دېيىلدى، دۆلەتنىڭ تۈزۈمىگە تاقىلىدىغان بۇنداق زور مەسىلىنى سىياسىي بيورونىڭ مۇزاكىرىسىدىن ئۆتكۈزمەي، ئۆزى خالىغانچە ئۆزگەرتىۋېتىپ، نېمە ئىش قىلماقچى؟»، «سىلەر چۈشەندۈرۈپ بېقىڭلار پارىژ كوممۇنىسىنىڭ پىرىنسىپى زادى نېمە؟دەپ رەددىيە بەردى. ئۇلار بىردەك كاللىكەتسىمۇ، تورمىغاكىرسىمۇ پارتىيىدىن چىقىرىۋېتىلسىمۇ كۆرەشنى توختاتمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

2 ــ ئاينىڭ 27 ــ كۈنى ئۇلار مەرگەزگە خەت يېزىپ جاڭچىڭ قاتارلىقلارنىڭ ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكىنى ئاگاھلاندۇرۇپ قويۇشنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەشقەدەم ئىنقىلابچىلار «مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋى»نىڭ «سول» خاتالىقلىرىغا قارىتا تەنقىت پىكىر بەردى. بۇھەققانىي ھەركەت كەڭ كادىرلار ۋە خەلقنىڭ ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، كوممۇنىزىم جەڭچىلىرىنىڭھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇش، خەلققە يۈكسەك دەرىجىدە مەسئۇل بولۇش روھىنى ئىپادىلىدى. بۇ قېتىمقى يۈزمۇ ــ يۈز كۆرەشتە چېن بودا، كاڭسىڭ، جاڭ چۈنچياۋ، ياۋ ۋېنيۈەن،شې فۇجىر قاتارلىق قارانىيەتلەر باشتىن ــ ئاخىر پاسسىپ ئورۇندا تۇردى. لېكىن يىغىندىن كېيىن ئۇلار مەخپىي ھالدا يىغىن خاتىرىسىنى رەتلەپ ماۋزېدۇڭغا دوكلات قىلدى. ماۋزېدۇڭ خاتا ھالدا «مەدەنىيەت ئىنقىلاۋىغا تىل تەككۈزۈشكە يول قويۇلمايدۇ» دەپ يەشقەدەم ئىنقىلابچىلارنى تەنقىت قىلدى. ئارقىدىن جاڭچىڭ، كاڭسىڭ، چېن بودا، شې فۇجىر قاتارلىق ئەبلەخلەر كۆپ قېتىم يىغىن ئېچىپ «2 - ئاي تەتۈر ئېقىمى» دېگەن بەدنام بىلەن ئۇ يولداشلارنى پېپەن، كۆرەش قىلدى ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلىرىگە زىيانكەشلىك قىلدى. بۇنىڭ بىلەن «2 ــ ئاي تەتۈر ئېقىمى»غا قايتا زەربە بېرىش، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە قانات يايدۇرۇلۇپ، زور كۆلەمدە ئۇيۇل ئەنزە پەيدا قىلىندى.

## 2 - قېتىملىق كۆرەش

1972 ــ يىلى 9 ــ ئايدا لىن بياۋ ئەكسىلئىنقىلاۋى گورۇھىنىڭ پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئالىي ھوقۇقىنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان قوراللىق سىياسىي ئۆزگىرىش قىلىش ۋاقىئەسى يۈز بەردى. بۇ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋى»نىڭبارلىق ئاساسىي پىرىنسىپلىرىنىڭ نەتىجىسى، ئوبكتىپ جەھەتتە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋى»نىڭ مەغلۇپ بولغان-

لىغى ئىدى. ئەمما ماۋزېدۇڭ بۇ بىر ۋاقىئەدىن تېگىشلىك تەجرىبە - ساۋاق قوبۇل قىلمىدى. لىن بىياۋ ۋاقىئەسىدىن كېيىن ماۋ زېدۇڭنىڭ قوللىشى ئاستىدا جۇئېنلەي مەركىزى كومىتېتنىڭ كۈندىلىك خىزمەتلىرىنى باشقۇردى. جۇئېنلەي بۇ پايدىلىق مۇنبەردىن پاي-دىلىنىپ „مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋى“ نىڭ زىيانلىرىنى ئازايتىش ئۈچۈن كۆرەش قىلدى. ئۇ، جاڭچىڭ قاتارلىقلار پەيدا قىلغان ئىنتايىن قىيىن شارائىت ئاستىدا ھارماي - تال-ماي، كېچە — كۈندۈز ئىشلەپ پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ھەرقايسى جەھەتلىردىكى خىزمەتلى-رىدە بۇرۇلۇش ھاسىل قىلدى.

كادىرلار ۋە زىيالىيلار سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش جەھەتتە، ماۋزېدۇڭنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ بىر قىسىم ئۇۋال — يالغان، خاتا ئەنزىلەرنى ئاقلىدى. زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ بىر تۈركۈم كونا كادىرلار ۋە زىيالىيلارنى ئازات قىلىپ ئۇلارنى ئىشلەتتى. „2 - ئاي تەتۈر ئېقىمى“ دېگەن ئەنزە ئاغدۇرۇلۇپ، يې جيەنيىڭ قاتارلىق پېشقەدەم ئىنقىلاپچىلار ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. جۇئېنلەينىڭ تىرىش-چانلىق كۆرسىتىشى، ماۋزېدۇڭنىڭ قوللىشى بىلەن مەركىزى كومىتېت دېڭ شياۋپىڭ-نىڭ تەشكىلى تۇرمۇشىنى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ مائۇن زۇڭلىلىق ۋەزىپىسىنى ئەسلىگە كەل-تۈرۈشنى، جۇئېنلەينىڭ خىزمىتىگە ياردەم بېرىشنى بەلگىلىدى. 12 - ئاينىڭ 10 — كۈنى ماۋزېدۇڭنىڭ تەكلىۋى بىلەن دېڭ شياۋپىڭ ھەربى كومىتېتقا قاتناشتۇرۇلدى ۋە باش سەنمۇجاڭلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. 12—ئاينىڭ 21-كۈنى ماۋزېدۇڭ ھەر-بى كومىتېت يىغىنىغا قاتنىشىپ ئۆز — ئۆزىنى تەنقىت قىلىپ، مەن لىن بىياۋ تەرەپ-نىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، خېلوڭ، لورۇيچىڭ، يۈلىجىن، بوزۇڭشىلارنى خاتا ھالدا جازالاپ-تىمەن دېدى ھەمدە جودې „قىزىل قوماندان“ دەپ ئىلان قىلدى. ئارقىدىن خېلوڭ تولۇق ئە-سلىگە كەلتۈرۈلدى. ئىقتىسادىي جەھەتتە، خاتا سىياسەتلەرنى تۈزۈتۈپ، ئەمەلىي خىز-مەتتە „مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋى“ نىڭ زىيىنىنى ئازايتىشقا تىرىشتى. جۇئېنلەينىڭ تى-رىشىشى ئارقىسىدا 1971— يىلى 12— ئايدا مەركىزى كومىتېت „پۈتۈن خەلق كومۇنىلىرى-نىڭ تەخسىمات مەسىلىسى توغرىسىدا يوليورۇق“ تارقىتىپ، دۆلەت، كوللېكتىپ ۋە شەخ-سىنىڭ مەنپەئەتىگە تەڭ ئېتىبار بېرىشنى، „ئەمگىكىگە قاراپ تەخسىملەش“ پىرىنسى-پىدا چىڭ تۇرۇشنى، جوغلانما بىلەن ئەزالارنىڭ تەخسىماتى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسى-ۋەتنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشنى، ئوۋەتتە تەڭ تەخسىماتچىلىققا قارشى تۇرۇشنى؛ ئە-زالارنىڭ قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىشىغا يول قويۇش قاتارلىقلارنى ناھايىتى توغرا تەكىت-لىدى. سانائەتتە، ئىشلەپچىقىرىش پىلانى بولۇشنى، ئىشلەپچىقىرىش تەرتىۋىنى ئەس-لىگە كەلتۈرۈشنى، قائىدە - تۈزۈملەرنى ساغلاملاشتۇرۇش، كارخانا باشقۇرۇشنى ياخ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شىلاشنى، مەھسۇلات سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشكە دىققەت قىلىشنى، كونا ئىشچىلارنىڭ رولىنى جارى قىلىشقا دىققەت قىلىشنى كورسەتتى. جۇئېنلەينىڭ پىكىرىگە ئاساسەن 1972 — يىلى 10 — ئايدا «قىزىل بايراق» ژورنىلى، «خەلق گېزىتى»، ئازاتلىق ئارمىيە گېزىتى» ماقالە ئېلان قىلىپ توغرا بولغان ئىقتىسادىي سىياسەتنى ئومۇمىي يۈزلۈك ئەمەللەشتۈرۈپ «سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىش»كە چاقىردى. كوپچۈلۈكتىن «ھەم قىزىللىشىش ھەم مۇتەخەسسىسلىشىش»نى «ئىنقىلاپ ئۈچۈن كەسىپ ئۆگىنىش، مەدەنىيەت ۋە تېخنىكا ئۆگىنىش»نى تەلەپ قىلدى. جۇئېنلەينىڭ يېتەكچىلىكىدە «ئىقتىسادىي خىزمەت توغرىسىدا 10 ماددا» تۈزۈلۈپ «تەرتىپكە سېلىش» فاڭجېنىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئىشلەپچىقىرىش تەرتىۋىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە كارخانا باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش قاتارلىقلارنى تەكىتلىدى. بۇنىڭ بىلەن خەلق ئىگىلىگىدە يوكسۈلۈش بارلىققا كېلىپ، ئىقتىسادىي جەھەتتە زور بورۇلۇش بولدى.

مەدەنىي — مائارىپ، پەن ـ تېخنىكا جەھەتتە، 1972 — يىلى كوپ قېتىم تەبىئىي پەنلەر ئاساسى نەزەرىيەسى بويىچە ئوقۇتۇشنى ۋە تەتقىقاتنى كۈچەيتىشنى تەكىتلەپ كورسەتتى. ھەممە تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلاردىن بىۋاستە ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى. جۇئېنلەينىڭ پىكىرى بىلەن بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مائاۋىن مۇدىرى جۇفېيۈەن 6 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى «نۇر گېزىتى»دە ماقالە ئېلان قىلىپ تەبىئىي پەنلەر ئاساسى نەزەرىيەسىنى ئوقۇتۇشقا كوڭۈل بولۇش، تەتقىقاتنى كۈچەيتىش مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئەينى زاماندا بۇ پىكىر ھەقىقەتەن قىممەتلىك ئىدى. لېكىن جاڭ چۈنچياۋ، ياۋ ۋېنيۈەن قاتارلىقلارنىڭ قايتارما ھۇجۇم قىلىشى ئارقىسىدا جۇئېنلەينىڭ بۇ تەسەۋۋۇرى ئىشقا ئاشالمىدى.

دىپلوماتىك مۇناسىۋەت جەھەتتە، جۇئېنلەينىڭ جاپالىق خىزمەتلىرىنى قانات يايدۇرۇشى بىلەن 1971 — يىلى 10 — ئاينىڭ 11 — كۈنى 26 - نۆۋەتلىك بىرلەشكەن دۆلەتلەر يىغىنىدا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قانۇنىي ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش توغرىسىدا قارار قوبۇل قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىللە جاڭ جېيشىنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدىكى ۋەكىللىرى قوغلاپ چىقىرىلدى. 1972 — يىلى 2 — ئايدا ئامېرىكا پىرېزىدېنتى نىكسون جۇڭگونى زىيارەت قىلىدى، جۇئېنلەي بىلەن نىكسون كەڭ دائىرىدە سۆھبەت ئېلىپ بېرىپ، جۇڭگو ـ ئامېرىكا ئاخباراتى ئېلان قىلىنىپ تېچلىقتا بىللە تۇرۇشنىڭ 5 پىرىنسىپى بويىچە ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتى ئورنىتىلدى. ئامېرىكا تەرەپ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ھوكۇمىتىنىڭ قانۇنىي ھوكۇمەت ئىكەنلىكىنى، «تەيۋەننى ئازات قىلىش جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشى» ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلدى. 9 ـ ئايدا ياپونىيە ئىچكى كابىنېتىنىڭ باش ۋەزىرى تيەنجۇڭ تەكلىپكە بىنائەن جۇڭگونى زى-

يارەت قىلدى. جۇڭگونىڭ بىلەن تيەنجۇڭ كوپ قېتىم سوھبەت ئۆتكۈزۈپ، ئىككى دۆ—
لەت باياناتىغا بېيجىڭدا ئىمزا قويۇشتى. و-ئايدا ئىككى دۆلەت رەسمى دىپلوماتىك مۇ—
ناسىۋەت ئورناتتى. 1971—1972—يىللىرى جۇڭگو 31 دۆلەت بىلەن دىپلوماتىك مۇناسى-
ۋەت ئورناتتى.

جۇڭگونىڭ ئەمەلى خىزمەتلەردە «مەدىنىيەت زور ئىنقىلاۋى»نىڭ «سول» خاتالىق-
نىڭ ئېغىر ئاقىۋەتلىرىنى ئازايتىش، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى توغرا يول-
غا سېلىش ئۈچۈن يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ، جاپالىق خىزمەتلەرنى ئىشلەپلا قال—
ماي، بەلكى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا «سول» ئېقىمنى پىپەن قىلىشنى ئاشكارا ئوت-
تۇرىغا قويدى.

لىن بياۋ گۇرۇھى پارتىيە، دۆلەتكە ئاسىيلىق قىلىش ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن كېيىن
پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن ئارمىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقى لىن بياۋ ئەكسىلئىنقىلاۋى
گۇرۇھىنى غەزەپ بىلەن ئەيىپلىدى. بۇ چاغدا قانات يايدۇرۇلغان «لىن بياۋنى پىپەن
قىلىش، ئىستىل تۈزۈتىش» ھەرىكىتىدە ئاز بولمىغان كادىرلار «سول» چىل پىكىر ئې-
قىمنىڭ يامان ئاقىۋەتلىرىنى تونۇپ يەتتى. 1971 — يىلى ۋە 1972 — يىلى ئىلگىـ
رى — ئاخىر مەملىكەتلىك پىلان يىغىنى، جامائەت خەۋپسىزلىكى يىغىنى، ئىلىم —
پەن يىغىنى، نەشرىيات سالاھىيىتىدىكىلەرنىڭ سوھبەت يىغىنىدا جۇڭگونىڭ كوپ قې—
تىم ئېنىق، ئاشكارا ھالدا «سول» چىل پىكىر ئېقىمىنى پىپەن قىلىشنى، ئۇنىڭ ئە—
مەلى خىزمەتلەردىكى يامان تەسىرىنى تازىلاشنى ئوتتۇرىغا قويدى. جۇڭگونىڭ پى—
كىرىگە ئاساسەن 1972 — يىلى 10 — ئايدا «خەلق گېزىتى» «ھوكۇمەتسىزلىك ساختا
ماركسىزىمچىلارنىڭ ئەكسىلئىنقىلاۋى قورالىدۇر» دېگەن تېمىدا «سول» چىل پىكىر ئې-
قىمىنى پىپەن قىلىدىغان 3 ماقالە ئېلان قىلدى. جۇڭگونىڭ «سول» چىل پىكىر ئې—
قىمىنى پىپەن قىلىش توغرىسىدىكى پىكىرى ئەمەلىيەتتە 1967 — يىلى 2 ئايدىكى مەر-
كىزى كومىتېتدىكى كوپلىگەن كىشىلەر ئوتتۇرىغا قويغان «مەدىنىيەت زور ئىنقىلاۋى»
نىڭ خاتالىقىنى تۈزۈتۈش توغرىسىدىكى پىكىرلىرىنىڭ داۋامى ئىدى. جۇڭگونى-
لەينىڭ بۇ خىل توغرى پىكىر — تەشەببۇسلىرى كوپچۈلۈك كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ ئال-
قىشىغا ئېرىشتى. ئەمما بۇ توغرا تەشەببۇس جاڭ چۈنچياۋ، ياۋ ۋېنيۈەن
قاتارلىقلارنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. ئۇلار جۇ ئېنلەيگە ۋە «خەلق گېزىتى»گە قايتار-
ما ھۇجۇم قىلىپ، «خەلق گېزىتى» ئېلان قىلغان «سول» چىل پىكىر ئېقىمىنى ۋە ھو—
كۈمەتسىزلىكنى پىپەن قىلغان جەڭگىۋار ماقالىسىنى «چوڭ زەھەرلىك چۆپ» دەپ ھا-
قارەتلەپ، «خەلق گېزىتى»نىڭ ئىچكى قىسمىدا «ئىنتايىن ئوڭ» ئېقىمغا، «شيوجىڭ-
جۇيىغا قارشى تۇرۇش»نى جار سالدى. بۇنىڭ بىلەن جۇئېنلەينىڭ «سول» چىل پىكىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئېقىمىنى پىپەن قىلىش توغرىسىدىكى توغرا داھىيانە پىكىرى ئىنكار قىلىنىپ، «ئىنتايىن ئوڭ» ئېقىم پىپەن قىلىنىدى. «سول» ئېقىم پىپەن قىلىنمىدى. ئەسلىدىكى لىن بياۋنىڭ «ئىنتايىن سول» پىكىر ئېقىمى «ئىنتايىن ئوڭ» دەپ پىپەن قىلىنىپ، ئۇزۇندىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلگەن «سول» پىكىر ئېقىمىنى تۈزۈتۈشكە مۇمكىن بولمىدى. پارتىيە ئىچىدىكى «سول» ئېقىم تۈزۈتىلمەيلا قالماي، بەلكى يېڭىۋاشتىن راۋاجلىنىشقا ئىگە بولدى. جاڭ چىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي گورۇھى ماۋ زېدۇڭنىڭ «سول» خاتالىقىدىن داۋاملىق پايدىلىنىپ، داۋاملىق قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلىپ، ھوكۇمەتسىزلىكنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، دولەتنى تېخىمۇ خەتەرگە ئىتتىردى. نەتىجىدە 1973 ــ يىلى 8 ــ ئايدا چاقىرىلغان پارتىيە 10 ــ قۇرۇلتىيى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋى»نىڭ خاتالىقىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ مۇقىملاشتۇرۇپ، جاڭ چىڭ ئەكسىلئىنقىلاۋى گورۇھىنىڭ داۋاملىق بۇزغۇنچىلىق قىلىشى ئۈچۈن ياخشى شارائىت ھازىرلاپ بەردى.

## 3- قېتىملىق كورەش

1975 ــ يىلى 1 ــ ئايدا 4 ــ نوۋەتلىك مەملىكەتلىك ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى چاقىرىلغاندىن كېيىن جۇئېنلەينىڭ كېسەللىكى ئېغىرلىشىپ، ماۋزېدۇڭنىڭ قوللىشى ئاستىدا دېڭ شياۋپىڭ پارتىيە، ھوكۇمەتنىڭ كۈندىلىك خىزمەتلىرىنى باشقۇردى. ئۇ 4 ــ نوۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ئوتتۇرىغا قويغان ئەلىمىزنى زامانىۋىلاشقان قۇدرەتلىك سوتسىيالىستىك دولەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش پىلانىغا ئاساسەن «مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى»دىن بۇيان لىن بياۋ، «4 كىشىلىك گورۇھ» كەلتۈرۈپ چىقارغان قالايمىقانچىلىق ۋە بۇزغۇنچىلىقلارنى تۈگىتىش ئۈچۈن، پارتىيە، ھوكۇمەت، ئارمىيە ۋە سانائەت، يېزا ئىگىلىكى، قاتناش، ئىلىم ــ پەن، مەدەنىي ــ مائارىپ قاتارلىق ھەرقايسى ساھەلەرنى تەرتىپكە سېلىشقا كىرىشتى.

دېڭ شياۋپىڭنىڭ تۈرتكە بولۇشى ئارقىسىدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى 10 ــ فېۋرالدا خەلق ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش پىلانى توغرىسىدا مۇھىم ھوججەت تارقىتىپ، ماۋزېدۇڭ ئوتتۇرىغا قويغان «يەنىلا تىنچ ــ ئىتتىپاق بولۇش ياخشى» دېگەن تەلەپنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيە رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىپ كەڭ خەلق ئاممىسىغا تايىنىپ، ئىتتىپاقلىشىشقا بولىدىغان بارلىق كىشىلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ 1975 ــ يىللىق ئىشلەپچىقىرىش، قۇرۇلۇشنى ياخشى ئىشلەپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا مەركەز ئىلگىرى كېيىن يىغىن چاقىرىپ سانائەت، يېزا ئىگىلىكى، مالىيەسودا، ئىلىم ــ پەن، مائارىپ، ئارمىيە خىزمىتىنى تەرتىپكە سېلىش توغرىسىدا ھوججەت تارقاتتى.

سانائەت - قاتناش جەھەتتە، تۆمۈر يول قاتنىشىنىڭ ئاجىز ھالقا ئىكەنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، 3 — ئاينىڭ 5 — كۈنى مەركىزى كومىتېت «تۆمۈر يول خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا بەلگىلىمە» چىقىرىپ، «باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ئورنىتىش، زۆرۈر قائىدە تۈزۈملەرنى ساغلاملاشتۇرۇش، تەشكىلىي ئىنتىزامچانلىقنى كۈچەيتىش تەلەپ قىلىندى ئۇختۇرۇشتىن كېيىن تەرتىپكە سېلىش باشلىنىپ تېز ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. 6 - ئاينىڭ 4 — كۈنى «پولات — تۆمۈر ئىشلەپچىقىرىش پىلانىنى ئاشۇرۇپ ئورۇنلاش توغرىسىدا تەستىق» (مېتاللورگىيە سانائەت مىنىستىرلىكىنىڭ دوكلاتىغا قارىتا) تارقىتىلدى. پولات-تۆمۈر ئىشلەپچىقىرىشىغا بولغان رەھبەرلىك كۈچەيتىلىپ، پولات — تۆمۈر كارخانىلىرى تېز ئۈنۈم ھاسىل قىلدى. تەيتاڭ پولات — تۆمۈر كارخانىسى 4 - ئايدىلا يىللىق پىلانىنى ئورۇنلىدى.

ھەربىي ئىشلار جەھەتتە 6- ئاينىڭ 24 كۈنىدىن 7- ئاينىڭ 15- كۈنىگىچە مەركىزى كومىتېت ھەربىي كومىتېتنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنىنى چاقىرىپ، دېڭشياۋپىڭ ۋە يې جيەنيىڭ نىڭ رىياسەتچىلىكىدە ئارمىيىنى تەرتىپكە سېلىشنى ئورۇنلاشتۇردى ۋە ئارمىيىنى يۇقۇرى دەرىجىدە بىرلىككە كەلتۈرۈش، تەرەپبازلىقنىڭ بولۇشىغا يول قويماسلىقنى تەكىتلىدى. بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن ئارمىيىدە يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش دولقۇنى بارلىققا كېلىپ، ئارمىيىنىڭ قىياپىتىدە يېڭىچە ئۆزگىرىش بولدى.

ئەدەبىيات-سەنئەت، مەدەنىي - مائارىپ، پەن تېخنىكا جەھەتتە، تەرتىپكە سېلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. پەن - تېخنىكا خىزمىتىنى تەرتىپكە سېلىش ئۈچۈن، مەركىزى كومىتېت خۇياۋباڭنى جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ خىزمىتىنى باشقۇرۇشقا ئەۋەتتى. 9- ئايدا دېڭشياۋپىڭ خۇياۋباڭنىڭ „پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى دوكلادىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، تەبىئى پەنلەر تەتقىقاتىنى كۈچەيتىش، تەتقىقات ئورۇنلىرىنى تەرتىپكە سېلىش توغرىسىدىكى پىكىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ „ھازىرقى ئەھۋالنى ئۆزگەرتىشنى خالايدىغانلار 95% نى ئىگىلەيدۇ، بۇ نۇختىغا ئىشىنىش كېرەك„ دەپ كۆرسەتتى.

يېزا ئىگىلىكى جەھەتتە، 9- ئايدا ئېچىلغان داچەيدىن ئۆگىنىش يىغىنىدا دېڭشياۋپىڭ مۇھىم سۆز قىلىپ، 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇشتىكى مۇھىم ھالقا يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش دەپ ئوتتۇرىغا قويدى ۋە ھەرقايسى جەھەتلەردە تەرتىپكە سېلىشنى تەكىتلىدى.

دېڭشياۋپىڭ يۇقارقى بىر يۈرۈش خىزمەتلەرنى ئىشلەپ ھەر قايسى ساھەلەرنى تەرتىپكە سېلىپ، ئەمەلىيەتتە 8- قۇرۇلتاينىڭ توغرا لۇشيەنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى كۆزلىدى.

Altunoq

دېڭشياۋپىڭ، ھەر قايسى سەپلەر بويىچە تەرتىپكە سېلىشنى كۈچايتىپ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋى» نىڭ خاتالىقلىرىنى تۈزىتىش ئۈچۈن، 1975 - يىل 5 - ئايدىن 10 - ئايغىچە ئىلگىرى - ئاخىر گوۋۇيۈەن ئىشخانە يىغىنى، پولات - تۆمۈر سانائىتى سوھبەت يىغىنى، دۆلەت مۇداپىيە سانائىتى نوختىلىق كارخانىلار يىغىنى، جەنۇپ تەرەپتىكى 12 ئۆلكە پارتكوم سېكرېتارلىرى يىغىنى قاتارلىق يىغىنلارنى چاقىرىپ، بۇ بىر قاتار يىغىنلاردا يېتەكچى ئىدىيە خاراكتېرلىك نوتۇق سۆزلەپ، تەرتىپكە سېلىشنىڭ سىستېمىلىق ئىدىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ ئىدىيە - پۈتۈن پارتىيە ئىتتىپاق بولۇپ خەلق ئىگىلىكىنى ياخشىلاش، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ھەر قايسى جەھەتلەرنى تەرتىپكە سېلىش مەسىلىسىنى بىر - بىرلەپ ھەل قىلىش، ھەر قايسى تەرەپلەرنى تەرتىپكە سېلىشنىڭ مەركىزى نوختىسى - پارتىيىنى - تەرتىپكە سېلىپ، بۇ ئارقىلىق پارتىيىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىك ئاپپاراتىنى تۇرغۇزۇش. بورژۇئاتەرەپبازلىقى بىلەن كۈرەش قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، تەرەپبازلىق قىلغانلارنىڭ يۆتكۈۋېتىشكە تېگىشلىكلىرىنى يۆتكۈۋېتىش، پېپەن قىلىشقا تېگىشلىكلىرىنى پېپەن قىلىش، كۈرەش قىلىشقا تېگىشلىكلىرىنى كۈرەش قىلىش لازىم، تەرتىپكە سېلىش داۋامىدا پارتىيىنىڭ سىياسىتىنى ئەمەللەشتۈرۈپ، كونا كادىرلارنى ئازات قىلىپ ۋە ئىشلىتىپ ئۇلارنىڭ رولىدىن پايدىلىنىش كېرەك. ئوتتۇرا ياشلىق كادىرلارمۇ زۆرۈر؛ ياش كادىرلارنى كۆتۈرۈشتە پەيدىن - پەي بولۇش كېرەك. زىيالىيلارنىڭ رولىدىن تولۇق پايدىلىنىش كېرەك. ئۇلارغا ياخشى شەرت - شارائىت يارىتىپ بېرىش لازىم. مەكتەپلەر ئوقۇشنى ئاساس قىلىش، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، پەن - تېخنىكا خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش لازىم، دېگەنلەردىن ئىبارەت.

دېڭشياۋپىڭنىڭ تەرتىپكە سېلىش فاڭجېنى ناھايىتى توغرا، دەل ۋاقتىدا قويۇلغان بولۇپ، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن ئارمىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى خۇشال قىلىپ، ئۈمىت بېغىشلىدى. ئەمەلىيەت بۇ فاڭجېننىڭ توغرىلىقىنى تولۇق ئىسپاتلىدى. تەرتىپكە سېلىش فاڭجېنى ئىزچىللاشتۇرۇلۇش بىلەن خەلق ئىگىلىكىدە جانلىنىش بارلىققا كەلدى. بەزى «قاتمال» مەسىلىلەر قەدەممۇ - قەدەم ھەل قىلىنىپ تۈرلۈك خىزمەتلەردە بەلگىلىك نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، ۋەزىيەتتە روشەن ھالدا ياخشىلىنىش بولدى. 7 - ئايدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزى كومىتېتى تەرىپىدىن تارقىتىلغان گوۋۇيۈەننىڭ «بېيجىڭنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلدىكى سانائەت ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالىدىن دوكلات» دا كۆرسىتىلگىنىدەك، ئۈچ ئايدىن بويان سانائەت ئىشلەپچىقىرىش، قاتناش - ترانسپورت ئايمۇ - ئاي ياخشىلاندى. نېفىت، كۆمۈر، توك، خىمىيىۋى ئۇغۇت، سېمونت، قەغەز ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۆمۈر يول قاتنى-

شىنىڭ توشۇش مىقدارى تارىختىكى شۇ ئايلارغا سېلىشتۇرغاندا يۇقۇرى سەۋىيىگە يەتتى. نېفىت ئىشلەپچىقىرىش 51.3%، تۆمۈر ئىشلەپچىقىرىش 52% ، پولات ئىشلەپچىقىرىش 42.2% ئۆرلىدى. سانائەت - يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمى مەھسۇلات مىقدارى ئۆتكەن يىلى شۇ مەزگىلدىكىدىن 11.9% ئارتۇق بولدى. ئەپسۇسكى ماۋزېدۇڭ، دېڭشياۋپىڭنىڭ ھەرقايسى جەھەتلەردىكى خىزمەتلەرنى تەرتىپكە سېلىپ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋى» نىڭ خاتالىقلىرىنى تۈزۈتىشكە بەل باغلىغانلىقىنى سەزگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا يول قويماي، بىردىنلا ئىلگىرىكى دېڭشياۋپىڭنى قوللاش پوزىتسىيىسىنى ئۆزگەرتىپ، 1975 - يىلى 11 - ئايدا «دېڭشياۋپىڭنى پىپەن قىلىش، ئوڭچىل ئەنزە ئاغدۇرۇش شامىلىغا قايتۇرما زەربە بېرىش» ھەرىكىتىنى قوزغىدى. بۇ چاغدا ماۋيۈەننىڭ ماۋزېدۇڭنىڭ ئالاقىچىسى بولۇپ، ماۋزېدۇڭ ئۇنىڭ دېڭشياۋپىڭ ئۈستىدە قىلغان يالغان دوكلاتلىرىغا بىر تەرەپلىمە ھالدا ئىشەندى. بۇنىڭ بىلەن ماۋزېدۇڭ «ئىككى خىل پوزىتسىيە بار، بىرى مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋىغا نارازى بولۇش، يەنە بىرى ھېساپ ئېلىش - مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋىدىن ھېساپ ئېلىش» دەپ دېڭشياۋپىڭنىڭ «ئوڭچىل ئەنزە ئاغدۇرۇش» شامىلىغا قارشى تۇرۇشنى تەكىتلىدى. «4 كىشىلىك گۇرۇھ» ماۋزېدۇڭ قوزغىغان «دېڭشياۋپىڭنى پىپەن قىلىش - ئوڭچىل ئەنزە ئاغدۇرۇش شامىلىغا قايتۇرما زەربە بېرىش» ھەرىكىتىدىن پايدىلىنىپ تېخى ئۇچىنى دېڭشياۋپىڭغا قاراتتى. ئۇلار تەپ تارتماستىن دېڭشياۋپىڭنى «مەيبەنلەر سىنىپىغا، يوممىچىلىك، بورژۇئازىيە سىنىپىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ» «خەلقئارا بورژۇئازىيىنىڭ ئاگېنتى» ، «چوڭ خائىن» دەپ ھاقارەتلىدى. ئۇلار بىر خىل ئەكسىلئىنقىلاۋى سىياسى پىروگراممىنى - «كونا كادىرلار دېموكراتلاردۇر، دېموكراتلار كاپىتالىزىم يولىدا ماڭغان ھوقۇقدارلاردۇر» دېموكراتلارنىڭ كاپىتالىزىم يولىغا مېڭىشى ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتتۇر» دىگەننى ئوتتۇرىغا قويۇپ، «پارتىيە ئىچىدە بورژۇئازىيە سىنىپى بار» دەپ جويلۇپ كۆپلىگەن ئۇۋال ئەنزە پەيدا قىلدى. ئۇلارنىڭ گۇماشتىلىرىنى زەربىدارلىق بىلەن پارتىيىگە سورەپ كىرىپ، «زەربىدارلىق ئوستۇرۇپ» مەركەزدىن يەرلىككىچە ھەر دەرىجىلىك رەھبەرى ئورگانلارنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى تارتىۋېلىشتى. ئۇلار دېڭشياۋپىڭ ئوتتۇرىغا قويغان ئىگىلىكنى تەرتىپكە سېلىش فاڭجىننى ئىنكار قىلىپ، ئۇنىڭغا «خاتا لۇشيەن ئۈچۈن ئىشلەپچىقىرىش» ، «كاپىتالىزىمنى تىرىلدۈرۈش» دەپ ھوجۇم قىلىپ، خەلق ئىگىلىكىنى قايتىدىن پالەچ ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويدى. بۇنىڭ بىلەن ئىشلەپچىقىرىش زور دەرىجىدە تۆۋەنلەپ كەتتى. پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن ئارمىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقى يانا ئەنسىزلىك ئىچىگە چۈشۈپ قالدى.

## 4 - قېتىملىق كۈرەش

1976 — يىلى 1 — ئاينىڭ 8 — كۈنى ئۇلۇق ماركسىزمچى، ئا—

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تاغلىق پورولېتارىيات ئىنقىلابچىسى، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك سىناقلىرىدىن ئۆتكەن پارتىيە، دۆلەتنىڭ رەھبىرى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، گوۋۇيۈەن زۇڭلىسى جۇئېنلەي ۋاپات بولدى. ئۇ، مەدەنىيەت ئىنقىلاۋىدا ئىنتايىن قىيىن شارائىتتا تۇرۇپ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلاۋى» نىڭ زىيىنىنى ئازايتىش، «سول» پىكىر ئېقىمىنى چەكلەش ئۈچۈن يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلدى. ئۇ لىن بىياۋ، «4 كىشىلىك گورۇھ» قا قارشى ھەر خىل شەكىللەردىكى كۈرەشلەرنى ئېلىپ باردى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ئۆزلىگىدىن سېغىنىش ھېسسىياتى بىلەن جۇئېنلەينىڭ ۋاپاتىغا تەزىيە بىلدۈرۈش پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. جاڭچىڭ ئەكسىلئىنقىلاۋى گۇرۇھى بولسا تۈرلۈك يوللار بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ جۇئېنلەيگە تەزىيە بىلدۈرۈش پائالىيىتىگە بوزغۇنچىلىق قىلدى. ئۇلار 3- ئاينىڭ 5- كۈنى ئەسەبىلەرچە جۇئېنلەينىڭ 1963 - يىلى لېيفىڭ ئۈچۈن يېزىپ بەرگەن ئېغىشلىمىسى ئۆچۈرۈۋەتتى. 3- ئاينىڭ 5- كۈنى ۋېنخۇيباۋ گېزىتى ئۆز ئىنىڭ بىر ماقالىسىدە جۇئېنلەيگە ھۇجۇم قىلىپ «پارتىيە ئىچىدىكى ئاشۇ كاپىتالىزم يولغان ماڭغان ھوقۇقدار، ئاغدۇرۇلغان، تا بۈگۈنگىچە ئۆزگۈرۈشنى خالىمىغان كاپىتالىزم يولغا ماڭغان ھوقۇقدارلارنى تەختكە چىقاردى» دەپ يازدى. جۇئېنلەيگە ئېتىلغان بۇ ئىككى تال زەھەرلىك ئوق، خەلق ئاممىسىنىڭ قاتتىق نارازىلىقى ۋە قارشىلىقىنى قوزغىدى. ئاممە ھەممە يەردە غۇلغۇلا قىلىپ، ۋېنخۇيباۋ گېزىتىگە 400 پارچىدىن ئارتۇق نارازىلىق خەت - تېلېگراممىلار ئەۋەرتتى. 3- ئاينىڭ ئوتتۇرلىرىدا نەنجىڭ شەھىرىدىكى كەڭ ئاممە كوچىلارغا «ۋېنخۇيباۋ گېزىتىنىڭ پارتىيىگە قارشى ماقالىسى پارتىيىدىن ھوقۇق تارتىۋېلىشنىڭ سىگنالى»، «ۋېنخۇيباۋ گېزىتىنىڭ ئارقا تىرىگىنى تارتىپ چىقارمىغىچە كۈرەشنى توختاتمايمىز»، «قارانىيەت، چوڭ سويىقەستچى جاڭچۈنچياۋنى يوقۇتايلى»، دىگەن شوئارلارنى چاپلىدى. جۇئېنلەيگە ماتەم تۇتۇپ «جۇئېنلەينى قوغدايمىز» دىگەن شۇ ئارلارنى ياڭراتتى. 3- ئاينىڭ 31- كۈنى بېيجىڭدىكى كەڭ خەلق ئاممىسى تيەنئەنمېن مەيدانىغا يىغىلىپ پىلاكاتلارنى كۆتىرىپ، شېئىر، تەزىيە ماقالىلىرىنى ئوقۇپ جۇئېنلەيگە تەزىيە بىلدۈردى. ئۇلار «جۇئېنلەيگە تەزىيە بىلدۈرىمىز» «4 كىشىلىك گورۇھ بىلەن ئاخىرغىچە ئېلىشىمىز» دىگەن شۇئارلارنى تاملارغا چاپلىدى. خەلق ئاممىسىنىڭ «4 كىشىلىك گورۇھ» نىڭ جۇئېنلەيگە زەھەرلىك ئوق ئاتقانلىقىغا نارازىلىق بىلدۈرۈپ، جۇئېنلەيگە تەزىيە بىلدۈرۈشى ئەمەلىيەتتە مەدەنىيەت ئىنقىلاۋىغا قاتتىق نارازى بولۇپ، پارتىيىنىڭ جۇئېنلەي، دېڭشياۋپىڭ ۋەكىللىكىدىكى توغرا لۇشيەنىنى قوغداش كۈرۈشى بولۇپ ھېساپلىناتتى.

خەلق ئاممىسىنىڭ جۇئېنلەيگە تەزىيە بىلدۈرۈش ئىنقىلاۋى پائالىيىتى جاڭچىڭ ئەكسىلئىنقىلاۋى گورۇھىنىڭ جان يېرىگە تەگدى. جاڭچىڭ ئەكسىلئىنقىلاۋى گورۇھى

قايتارما ھوجۇمغا ئۆتۈپ، ئاممىنىڭ بۇ ئىنقىلاۋى ھەرىكىتىنى «مەركەزگە قارىتىلدى»، «ئەكسىلئىنقىلاۋى تىرىلىش ئۈچۈن جامائەت پىكرى توپلاش»، «ئەكسىلئىنقىلاۋى تەتۈر ئېقىم»، دەپ ھوجۇم قىلىپ باستۇرۇشقا ھازىرلاندى. بۇ چاغدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزى كومىتېتى سىياسى بىيۇروسى يىغىن چاقىرىپ خەلق ئاممىسىنىڭ تيەنئەنمىندە جۇئېنلەيگە تەزىيە بىلدۈرۈشتىن ئىبارەت ھەققانى ھەرىكىتى ئۈستىدە خاتا ھۆكۈم قىلىپ «ئەكسىلئىنقىلاۋى ھەرىكەت» دەپ «ئەكسىلئىنقىلاپچىلارنى تۇتۇش» قا بۇيرۇق چۈشۈردى. يىغىندا خۇاگوفېڭ خاتا ھالدا «بىر تۈركۈم بۇزۇقلار سەكرەپ چىقتى، ناھايىتى زەھەرلىك»، «بۇ ھەرىكەت دېڭشياۋپىڭنىڭ ئۇزۇن مۇددەت تەييارلىق قىلىشى بىلەن شەكىللەنگەن، ئۇنىڭ خاراكتېرى «ناھايىتى ئېنىقكى ئەكسىلئىنقىلاۋى ۋاقىئە»، دەپ ھۆكۈم قىلدى. ماۋيۈەنشىنىڭ يىغىن ئەھۋالىنى ماۋزېدۇڭغا دوكلات قىلدى. ماۋزېدۇڭ ئۇنى تەستىقلىدى. بۇنىڭ بىلەن «ئەكسىلئىنقىلاپچى» لارنى تۇتۇشقا باشلىدى، گۈل چەمبىرەك، پىلاكاتلارنى تارتىۋېلىپ ئېلىپ كەتتى. ئامما قورقۇپ قالمىدى. ئۇلار «تۇتۇپ كېتىلگەن يولداشلىرىمىزنى قايتۇرۇپ بەرسۇن»، «گۈل چەمبىرەكلىرىمىزنى قايتۇرۇپ بەرسۇن» دېگەن شوئارلارنى توۋلاپ، غەزەپ بىلەن ئىككى «تەشۋىقات ماشىنىسى» نى كۆيدۈرىۋەتتى، «بىرلەشمە قوماندانلىق شتابى» غا ئوت قويدى. 5- ئاپرىلدا مەركەزدىن ئەۋەتىلگەن ساقچىلار ئاممىنى قورشىۋېلىپ كەچ سائەت 9 دە 200 دىن ئارتۇق ئاممىنى قولغا ئېلىپ يەر جا- ھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن تيەنئەنمىن ۋاقىئەسىنى پەيدا قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا نەنجىڭ، خاڭجۇ، جىڭجۇ، شىئەنلەردىمۇ قولغا ئېلىش باشلاندى. 4- ئاينىڭ 7 - كۈنى مەركىزى كومىتېت بېيجىڭدا سىياسى بىيۇرو يىغىنى چاقىردى. يىغىن ماۋزېدۇ- ڭنىڭ تەكلىۋىگە ئاساسەن «خۇاگوفېڭنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزى كومىتېتىنىڭ بىرىنچى مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە، گوۋۇيۈەننىڭ زۇڭلىلىقىغا تەيىنلەش توغرىسى- دىكى قارار» نى ماقۇللىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يىغىن خاتا ھالدا دېڭشياۋ- پىڭنى تيەنئەنمىن ۋاقىئەسىنىڭ ئارقا تىرىگى قىلىپ قويۇپ، «دېڭشياۋپىڭنىڭ پارتىيە ئىچى ۋە سىرتىدىكى بارلىق ۋەزىپىلىرىدىن ئېلىپ تاشلاش توغرىسىدىكى قارار» نىمۇ ماقۇللىدى. تيەنئەنمىندىكى ئاممىۋى ھەرىكەتنى مەركەز قىلغان پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ توغرا لۇشيەننى قوغداش ئىنقىلاۋى ھەرىكىتى باستۇرۇلغان بولسىمۇ، ئۇ خەلق ئاممىسىنى تەربىيىلەپ، كېيىنچە 4 كىشىلىك گۇرۇھنى بىت - چىت قىلىش ئۈچۈن ئاممىۋى ئاساس تەييارلاپ قويدى.

(ئاخىرى 28 - بەتتە)

# «كاپىتال» ۋە سوتسىيالىزىم شارائىتىدىكى تاۋار ئىگىلىگى

غېينى ھاجى

ماركس: ئىقتىسادىي تۈزۈم ئۈستىقۇرۇلمىنىڭ تېگىلىنىدىشىدىكى ئاساس دەپ قارىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ، مۇشۇ ئىقتىسادىي تۈزۈمنى ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ تەتقىق قىلدى. ماركسنىڭ ئاساسى ئەسىرى «كاپىتال» ھازىرقى زامان جەمئىيىتىنىڭ يەنى كاپىتالىستىك جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈمىنى تەتقىق قىلىشقا بېغىشلانغان ئەسەر. ماركس «كاپىتال» دا كاپىتالىزىمنىڭ پەيدا بولۇش، تەرەققى قىلىش، يوقۇلۇش قانونىيەتلىرىنى تەھلىل قىلىپ، پورۇلېتارىياتنىڭ زورلۇق ئىنقىلاپ ئارقىلىق بورژۇئازىيە دىكتاتۇرىسىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، پورۇلېتارىيات دىكتاتۇرىسىنى ئورنىتىشتىن ئىبارەت بۇ يۈك تارىخى ۋەزىپىسىنى شەرھىلەپ بەردى. «كاپىتال» دا ماركسنىڭ تاۋار توغرىسىدىكى نەزەرىيىسى ئىنتايىن مۇھىم ئورۇننى ئىگەللەيدۇ. ئۇنىڭ مەزمۇنىمۇ ئىنتايىن كەڭ. ماركس كاپىتالىزىمنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈمىنى تەھلىل قىلىشتا ئەڭ ئالدى بىلەن تاۋاردىن باشلىغان. يەنى ئالدى بىلەن تاۋار ۋە پۇلدىن ئىبارەت نىسبەتەن ئاددى ئابستراكتنى كاتىگورىيەنى تەھلىل قىلغان ئاندىن كاپىتال ۋە قوشۇمچە قىممەتتىن ئىبارەت نىسبەتەن مۇرەككەپ كاتىگورىيەنى تەھلىل قىلغان ئاخىرىدا پايدا، ئۆسۈم، يەر ئىجارىسى قاتارلىق مۇرەككەپ كاتىگورىيەنى تەھلىل قىلغان. تاۋار -كاپىتالىزم ئىقتىسادىنىڭ كىلىتكىسى بولۇپ، ئۇ كاپىتالىستىك جەمئىيەتتىكى بارلىق زىددىيەتلەرنىڭ بىخلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. شۇڭلاشقا كاپىتالىزم جەمئىيىتىنىڭ قانداق جەمئىيەت ئىكەنلىكىنى بىلىش، ئۇنىڭ پەيدا بولۇش راۋاجلىنىش، يوقۇلۇش قانونىيەتلىرىنى چۈشىنىش ئۈچۈن، تاۋارنى تەھلىل قىلىشتىن باشلاش كېرەك. ماۋجۇشى ماركسنىڭ ئۇلۇق تۆھپىسى ئۈستىدە توختۇلۇپ مۇنداق دەيدۇ: «ماركس كاپىتالىستىك جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلۈشىنى، كاپىتالىزىمنىڭ ئەڭ ئاددى ئاملى تاۋاردىن باشلاپ پۇختا تەتقىق قىلدى، تاۋار دىگەن نەرسىنى مىليونلىغان كىشىلەر ھەركۈنى كۆرۈپ تۇرسىمۇ، ئىشلىتىپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا سەپ سالمىغان ئىدى. پەقەت ماركسلا ئۇنى ئىلمى يوسۇندا تەتقىق قىلدى. تاۋارنىڭ ئەمەلى تەرەققىياتى ئۈستىدە غايەت زور تەتقىقات ئىشلىرىنى ئېلىپ باردى. ئومۇمى مەۋجۇدىيەتتىن مۇكەممەل ئىلمى نەزەرىيەتېپىپ چىقتى.»

(ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى 3 — توم 53— بەت)


Altun Oq

ئۇنداق بولسا تاۋار دېگەن نېمە؟ ھادىسىدىن قارىغاندا تاۋارنىڭ شەكلى خىلمۇ-خىل بولۇپ، بىر-بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. ئۇنىڭ ھەركەت شەكلى بولسا، نەرسە بىلەن نەرسىنىڭ ئالماشتۇرۇلۇش مۇناسىۋىتىدىن ئىبارەت. ئەمما ماھىيەت جەھەتتىن قارىغاندا ئۇ، ئىستېمال قىممىتى بىلەن قىممەتنىڭ بىرلىكى بولۇپ، ئەمگەك بىلەن ئەمگەك ئوتتۇرىسىدىكى ئالماشتۇرۇشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. كىشىلەر بىلەن كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدىكى ئۆز ئارا مۇناسىۋىتى — تاۋارنىڭ ئەڭ چوڭقۇر ماھىيىتىدۇر. سوتسىيالىزم تۈزۈمى شارائىتىدا، تاۋار ئوخشاشلا كىشىلەر بىلەن كىشىلەرنىڭ سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدىكى ئۆز ئارا مۇناسىۋىتىدۇر.

سوتسىيالىستىك ئىگىلىك، ئۇنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكىدىن ئېيتقاندا ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئاساسىدىكى پىلانلىق ئىگىلىك. لېكىن ئۇنىڭ شەكلى يەنىلا تاۋار ئىگىلىكى. بىراق سوتسىيالىزم شارائىتىدىكى تاۋار ئىگىلىكى دۆلەت پىلانىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان پىلانلىق تاۋار ئىگىلىكىدۇر. شۇڭا «كاپىتال» دىكى تاۋار توغرىسىدىكى نەزەرىيىنى ئۆگىنىش ئىنتايىن چوڭ رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

ماركسنىڭ تاۋار توغرىسىدىكى نەزەرىيىسىگە ئاساسلانغاندا تاۋارنىڭ ئىچكى زىددىيىتى تاۋار ئىگىلىكى تەرەققىياتىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچى. تاۋارنىڭ ئىستېمال قىممىتى بىلەن قىممىتى ئوتتۇرىسىدىكى، قىممەت بىلەن باھا ئوتتۇرىسىدىكى، شۇنىڭدەك تاۋار بىلەن پۇلدىن ئىبارەت بۇ ئۈچ مۇھىم زىددىيەتنى پىلانلىق ھالدا ھەل قىلىش لازىم. ھەمدە ئىقتىسادىي ئىسلاھاتنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇپ، ئىقتىسادىي ئۇنۇمنى ئۆستۈرۈش بىلەن تاۋار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. نۆۋەتتە ئىشلەپچىقىرىش ساھەسىدە تاۋارنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشكە دىققەت قىلىش كېرەك. ئىستېمال قىممىتىنى ئىجتىمائىي ئېھتىياجغا ھەقىقىي ھالدا ماسلاشتۇرۇپ، تاۋارنىڭ سېتىلىش يوللىرىنى كەڭ ئېچىش لازىم. ئىگىلىك باشقۇرۇشنى ياخشىلاپ، ئىشلەپچىقىرىش ئۇنۇمدارلىقى ۋە مەبلەغدىن پايدىلىنىش ئۇنۇمىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈپ، ئىشلەپچىقىرىش تەننەرقىنى تۆۋەنلىتىش لازىم. مۇئامىلە ساھەسىدە، كەڭكۆلەمدە ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، تاۋار مۇئامىلىسىدىكى توسقۇنلۇقلارنى تۈگىتىپ، مۇئامىلە يوللىرىنى كەڭ ئېچىپ، تاۋارنىڭ مۇئامىلە ھالقىلىرىنى ئازايتىش لازىم. ئۇنىڭدىن باشقا، پۇل مۇئامىلىسىنى تەڭشەپ، بانكىنىڭ ئامانەت قەرز بېرىش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش لازىم. تاۋارنىڭ باھاسىنى مۇۋاپىق بېكىتىپ، ئىشلەپچىقىرىش ئۇنۇمدارلىقىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، ۋاقتىدا تەڭشەپ تۇرۇش لازىم. ئۇنىڭدىن باشقا، ماركسنىڭ تاۋارنىڭ قىممىتى بىلەن قىممەت مىقدارى توغرىسىدىكى نەزەرىيىگە ئاساسەن، قىممەت قانۇنىدىن پىلانلىق ھالدا پايدىلىنىپ، تاۋار —

( داۋامى ٤٩ — بەتتە )

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# سىفەن مائارىپىنىڭ ئالاھىدىلىكى توغرىسىدا

سۇن جېن

4نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، 80—يىللاردا ئىلىمىز مائارىپ ئىشلىرىدا زور تەرەققىيات بولۇشى كېرەك. ھالبۇكى بۇيەردىكى ئاچقۇچ سان جەھەتتە يېتەرلىك بولغان ھەم قىزىللاشقان ھەم ئىختىساسلاشقان ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنى بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت. نۆۋەتتە ئوتتۇرا باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنىڭ ئەھۋالى مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا تولىمۇ ماس كەلمەيۋاتىدۇ. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سان جەھەتتە كەمچىل بولۇشى، سۈپەت جەھەتتە تۆۋەن بولۇشىدىن تاشقىرى، لايىقەتسىزلەر پۈتكۈل ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنىڭ $\frac{1}{3}$ قىسمىدىن كۆپرەكىنى ئىگەللەيدۇ. 30نەچچە يىلدىن بۇيانقى تەجرىبىلەر بىزگە شۇنى ئۇقتۇرۇپ بەردىكى، مەكتەپ باشقۇرۇلۇشىنىڭ ياخشى يامان بولۇشىدا ئوقۇتقۇچى مۇھىم ئامىلدۇر. ھازىر، باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدىغان، ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدىغان ئەھۋاللار مەۋجۇت. ئەنە شۇنداق سەۋىيە بىلەن ئوقۇغۇچىلارنى قانداقمۇ ياخشى ئوقۇتقىلى بولسۇن؟ تەلىم—تەربىيە سۈپىتىگە قانداقمۇ كاپالەتلىك قىلغىلى بولسۇن؟ نۆۋەتتە ھەر دەرىجىلىك سىفەن خاراكتېرلىك ئالىي مەكتەپلەردە يېتىشتۈرۈلگەن ئوقۇغۇچىلار ھەر خىل تىپتىكى ئوتتۇرا باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئېھتىياجىنى تېخى قاندۇرالمايۋاتىدۇ. تەلىم — تەربىيە سۈپىتىمۇ مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىن ئىلگىرىكى ئەڭ ياخشى سەۋىيىگە قايتقىنى يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن، سىفەن مائارىپىنى ياخشى يولغا قويۇپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش كۆز ئالدىمىزدىكى جىددىي ۋەزىپە بولۇپ قالدى.

1980—يىلى چاقىرىلغان مەملىكەتلىك سىفەن مائارىپى يىغىنى مەزگىلىدە يولداش خۇياۋباڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «4نى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش-ئاشۇرالماسلىقىمىز ئىككى نەرسىگە، يەنى بىرسى توغرا لۇشيەنىنىڭ بولۇش — بولماسلىقى، يەنە بىرسى، ئىقتىساسلىقلارنىڭ بولۇش—بولماسلىقىغا باغلىق»... ئۇ يەنە: «...ئىقتىساسلىقلارنى ئىخلاس بىلەن يېتىشتۈرۈش مائارىپنى باشقۇرۇش مەسىلىسىگە بېرىپ تاقىلىدۇ. سىفەن مائارىپى مەسىلىسىگە بېرىپ تاقىلىدۇ. ماشىنا ياساشتا ماشىنا ياسايدىغان ماشىنا بولۇشى كېرەك. بۇ «ئانا ماشىنا» دەپ ئاتىلىدۇ. ئىختىساسلىقلارنى تەييارلاشتا،

ئىختىساسلىقلارنى تەييارلايدىغان ئىختىساسلىقلار بولۇشى كېرەك. سىفەن مائارىپى-مائا-رىپ ئىشلىرىدىكى «ئانا ماشىنا»، ئىختىساسلىقلارنى تەييارلايدىغان بازىدۇر. سىفەن مائارىپىغا سەل قاراش خاتا ۋە توغرا ئەمەستۇر دىدى. بۇ سوز سىفەن مائارىپىنىڭ پۈتكۈل مائارىپ ئىشلىرىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغانلىقىنى چۈشەندۇرۇپ بېرىدۇ. سىفەن مائارىپى ئەنە شۇنداق مۇھىم ئىكەن، ئۇنداق بولسا، قانداق قىلغاندا، سىفەن مائارىپىنى ياخشى يولغا قويغىلى بولىدۇ؟ ئۇنىڭ قانۇنىيىتى ۋە ئالاھىدىلىكى نىمە؟ بۇ جەھەتتە يولداش خۇياۋباڭ ئوقۇتقۇچىلارغا: «بىر قەدەر چوڭقۇر بىلىمى بولۇشى كېرەك؛ بىداگوگىكىنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ، ئىگەللەپ، مائارىپنىڭ قانۇنىيىتىنى بىلىۋېلىشى كېرەك؛ ئىسىل پەزىلەت ۋە ئالىجاناپ مەنىۋى مەنزىلگە ئىگە بولۇشى كېرەك؛» دىگەن ئۈچ تۈرلۈك تەلەپنى قويدى. مېنىڭچە، بۇ ئۈچ نوقتا ئوقۇتقۇچى بولغۇچىلار ھازىرلاش زۆرۈر بولغان شەرت بولۇپلا قالماي، بەلكى سىفەن خارەكتىرلىك ئالى مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇغۇچى يېتىشتۈرۈشتىكى ئولچىمىدۇر. بۇ ئۈچ نوقتىدا سىفەن خارەكتىرلىك ئالى مەك-تەپلەرنى ياخشى باشقۇرۇش كوزدە تۇتۇلۇپلا قالماي، سىفەن مائارىپنىڭ قانۇنىيىتى ۋە ئالاھىدىلىكى ئومۇميۈزلۈك يىغىنچاقلانغان. تۆۋەندە مەن ئۆزەمنىڭ بۇ جەھەتتىكى يۈزە-كى قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئوتىمەن.

1-خەلق ئوقۇتقۇچىلىرى بىر قەدەر چوڭقۇر بىلىمگە ئىگە بولۇشى كېرەك.

ئوقۇتقۇچىنىڭ مەسئۇلىيىتى كىتاپنى ئوقۇتۇش ۋە ئادەمنى تەربىيىلەشتۇر. يەنى ئوقۇغۇچىلارغا ئەنئەنىۋى پەن-مەدىنىيەت بىلىملىرىنى بېرىپ ئۇلارنىڭ ئەقلى كۈچىنى تەرەققى قىلدۇرۇپلا قالماي، يەنە ئىدىيە، تۇرمۇش جىسمانى جەھەتلەردە ئۇلارنى ساغلام ئوسۇپ يېتىلىشكە يېتەكلەپ، ئۇلارنى ئەخلاقى، ئەقلى، جىسمانى جەھەتتىن ئومۇميۈزلۈك تەرەققى تاپقان، غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدىنىيەتلىك، ئىنتىزامغا رئايە قىلىدىغان ئەمگەكچىلەرگە ئايلاندۇرۇشتىن ئىبارەت. پۈتكۈل ئوقۇتۇش جەريانىدا ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئو-قۇتقۇچى يېتەكچىلىك رول ئوينايدۇ. شۇڭلاشقا، لاياقەتلىك بىر ئوقۇتقۇچى كوپرەك بى-لىم ئىگەللىشى، ئادەتتىكى كىشىلەرگە قارىغاندا تېخىمۇ مول پەن-مەدىنىيەت بىلىم-لىرىگە ئىگە بولۇشى لازىم. شۇڭا، سىفەن خارەكتىرلىك ئالى مەكتەپلەر كەسىپ ۋە دەرسلەرنى تەسىس قىلىشتا، ئوقۇتۇش پىلانىنى تۈزۈش ۋە ئوقۇتۇش مەزمۇنىنى بەلگى-لەش جەھەتتە ئالدى بىلەن مۇشۇ نوقتىنى نەزەردە تۇتۇشى كېرەك. ئوقۇتۇش پىلانىنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا يېتىشتۈرۈش نىشانىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا كاپالەتلىك قىلىش، ئوتتۇرا باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش ئىشلىرىغا پايدىلىق بولۇشىنى كوزلەش لازىم.

بەزى ئالى مەكتەپلەر قارىغۇلارچە ئونىۋېرسىتىتلارغا قاراپ ئىش كورۇدۇ. نەتىجىدە يېتىشتۈرۈلگەن ئوقۇغۇچىلاردىن خېلى بىر قىسمىنىڭ ئاساسى بىلىمى مۇستەھ-

www.uyghurkitap.com

كەم بولماي بىلىم دائىرىسى تار بولۇپ قالىدۇ. كەسپى بىلىملەردە ئوتتۇرا باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئەمەلىيىتىدىن ئايرىلىپمۇ قالىدۇ. پىداگوگىكا بىلىمى جەھەتتە بىلىدىغانلىرى ئىنتايىن ئاز بولۇپ قالىدۇ. بىر قانچە يىل ئوقۇپمۇ ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى بىلەلمەيدۇ. دەرس تەييارلاشنى، دەرس ئۆتۈشنى بىلمەيدۇ. ئوقۇغۇچىلارنى تەشكىللەشتىن تېخىمۇ قورقىدىغان بولۇپ چىقىدۇ. شۇڭا، ئوقۇتۇش پىلانىنى تەكشىگەندە كەسپ بىلەن مول بولۇشنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر ياقلىق قىلىپ، كەسپكىلا ئەھمىيەت بېرىپ «سىفەن كەسپى» دەرسىگە سەل قاراشتىن ساقلىنىش، مائارىپ نەزەرىيىسى دەرسى ۋە مائارىپ ئەمەلىيىتى (مائارىپ پىراكتىكىسى) نىڭ سائەت سانىنى ئاشۇرۇش لازىم. ئوقۇتۇش مەزمۇنى جەھەتتە ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە سىستېمىلاشتۇرۇش، ئىلمىيلاشتۇرۇش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. پەن-تېخنىكىنىڭ بۈگۈنكى ئۇچقاندەك كېتىۋاتقان تەرەققىياتىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئوقۇتۇش مەزمۇنلىرى كونىراپ كېتىش، ۋاقتى ئۆتۈپ كېتىش، دەرسلىك بىلەن پەن-تېخنىكىنىڭ تەرەققىياتى ئوخشاش قەدەمدە بولالماسلىقتەك ھالەتنى ئۆزگەرتىش، ھەم ھازىرقى زامان پەن-تەخنىكىسىدىكى ئەڭ يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈش، ھەم ئوتتۇرا باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش ئىشلىرىدىكى ئەمەلى ئېھتىياج ۋە ئىمكانىيەتلەرنى نەزەردە تۇتۇش، ئوقۇغۇچىلارنى تەدرىجى ھالدا ھازىرقى زامان بىلىملىرى ۋە ئەقىل پاراسەت تەرەققىياتىنىڭ سەۋىيىسىگە يەتكۈزۈش لازىم. ئەنئەنىۋى مائارىپتىكى بىلىمنى بىرىشكىلا ئەھمىيەت بېرىپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەقلى كۈچىنى تەرەققى قىلدۇرۇشقا، ئىقتىدارىنى يېتىشتۈرۈشكە سەل قارايدىغان ئىللەتنى ئۆزگەرتىپ، يەنى بىلىملەرنىڭ تۈزۈلۈشىنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىملەرنى ئىگەللىۋېلىشى ۋە ئەقلى كۈچىنىڭ تەرەققى قىلىشىغا پايدا يەتكۈزىدىغان قىلىش كېرەك.

سىفەن خارەكتېرلىك مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى كەسپى بىلىملەرنى ئۆگىنىشى ۋە پۇختا ئىگەللىشى لازىم. يەنى ئۆز كەسپىنىڭ ئىلمى سېستىمىسى، ئاساسى نەزەرىيىسى، ئاساسى پىرىنسىپلىرى، ئاساسى ماھارەتلىرىنى ئۆگىنىۋېلىشى، ئۆزى ئۆگىنىۋاتقان پەننىڭ تارىخى، ھازىرقى ئەھۋالى، كەلگۈسى تەرەققىيات ئىستىقبالى، ئىجتىمائى رولى ۋە قانۇنىيىتى قاتارلىقلاردىمۇ چۈشەنچە ھاسىل قىلىشى كېرەك. ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەسلەپكى پەن-تەتقىقات ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈش مەسىلىسىگە كەلسەك، ئوقۇغۇچىلار ئالدى بىلەن كەلگۈسىدە ئوقۇتقۇچى بولۇشتا ئۆگىنىۋېلىش زۆرۈر بولغان مەزمۇنلارنى ياخشى ئۆگىنىشى، كېيىنچە ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىنىڭ ھوددىسىدىن چىقالايدىغان بولۇشى كاپالەتلەندۈرۈلگەندىن كېيىن، ئاندىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ پەننى سەۋىيىسى ۋە ئىلمى سەۋىيىسىنى ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە يۇقىرى كۆتۈرۈپ ئۇلارنى دەسلەپكى تەتقىقات ئىقتى-

دارىغا ئىگە قىلىش كېرەك. بۇ مۇناسىۋەتنى چوقۇم ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش لازىمكى، ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋېتىشكە، ئوتتۇرا باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئەمەلىيىتىدىن چەتنەپ كېتىشكە، يېتىشتۈرۈش نىشانىسىنى ئەستىن چىقىرىۋېتىشكە بولمايدۇ. ھازىرقى كۆپلىگەن ئوتتۇرا باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى سىستېمىلىق كەسپىي تەربىيە كۆرمىگەن بولغاچقا مەدەنىيەت ئاساسىمۇ ناھايىتى ئاجىز. بۇ نۇقتىتىكى تەلىم-تەربىيە سۈپىتىنىڭ يۇقىرى بولماسلىقىدىكى بىر سەۋەب، شۇڭا بۇ دىققەت ئېتىۋارىمىزنى قوزغىشى لازىم.

ئوتتۇرا باشلانغۇچ مەكتەپ—ئاساسىي مائارىپ باسقۇچىدۇر. كەلگۈسىدە ئوقۇتقۇچى بولىدىغان سىفەن خاراكتېرلىك ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ بىرلا پەننى پىششىق بىلىۋېلىشى روشەنكى يېتىشمەيدۇ، لېكىن نۆۋەتتە كۆپلىگەن ئوقۇغۇچىلار بىرلا پەننى پىششىق بىلىۋېلىشتىمۇ يەنىلا قىيىنلىنىۋاتىدۇ. ئۇلاردىن ئىجتىمائىي ۋە تەبىئىي پەندە ئوخشاشلا ياخشى بولۇشنى تەلەپ قىلغىلى تېخىمۇ بولمايدۇ شەرت-شارائىت بولسا، ئۇلارنىڭ ئۆز كەسپىگە يېقىن كېلىدىغان پەنلەرنى ئىگەللىۋېلىشىغا تۇسقۇنلۇق قىلماسلىق لازىم. پىداگوگىكا ۋە زامانىۋى ئوقۇتۇش ۋاستىلىرىنىڭ ئومۇملىشىشىغا ئەگىشىپ شۇنداق ئەھۋالنىڭ بولۇشىغا كۆز يەتكۈزۈش مۇمكىنكى، ئوقۇتقۇچىلاردىن بىرلا ۋاقىتتا ئىككى ياكى بىر قانچە پەننى پىششىق بىلىۋېلىپ، بىر قانچە خىل پەن بويىچە ئوقۇتۇش خىزمىتىنى ئۈستىگە ئالالايدىغان بولۇشنى تەلەپ قىلىش مائارىپ ئىشلىرى تەرەققىياتىنىڭ يېڭى يۈزلىنىشى بولغۇسىدۇر.

ئوقۇتقۇچىلاردا بىر قەدەر چوڭقۇر بىلىمنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىش ئوتتۇرا باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ئىگىدىكى بىلىم تۈزۈلۈشىنىڭ ئۇنىۋېرساللىق ۋە سىڭىشچانلىق ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولغانلىقىدىندۇر. بولۇپمۇ ھازىرقى زامان پەن-تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىياتى كۆپلىگەن يېڭى پەن ساھەلىرىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈردى. پەنلەر ئارىسىدىكى باغلىنىش كۈچەيدى. ئوقۇتۇش خىزمىتىدە كۆپ ھاللاردا ئالاقىدار پەن نەزەرىيىلىرىنى بىر-بىرىگە باغلىغاندىلا ئاندىن ئوقۇتۇشنى ھەقىقىي تۈردە ياخشى ئىشلىگىلى بولىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن تەربىيىلەش ئوبيېكتلىرىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى يۇقىرى، ئۇلارنىڭ بىلىم سىگنالىرىغا ئېرىشىش يوللىرى كۆپ، مەلۇم دەرىجىدە بىلىم زاپىسىغا ئىگە ۋە يەنە كېلىپ ئۇلارنىڭ نەزەر دائىرىسى كەڭ، ھەۋەس قىلىدىغان ساھەلىرىمۇ كۆپ، ھەممە بىلىملەرگە كۆز يۈگۈرتۈپ چىقىشنى ئارزۇ قىلىدىغان بولغاچقا ئوقۇتقۇچىلارغا نۇرغۇن مەسىلىلەرنى، يېڭى قاراشلارنى قويۇپ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سىرنى كۆرسىتىپ بېرىشىنى، شەرھلەپ چۈشەنچە بېرىشىنى، ئۆزلىرىنىڭ ئۇرغۇپ تۇرغان بىلىم تەشنالىقىنى قاندۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا، ئوقۇتقۇچى بولغان


AltunOq

كىشى چوڭقۇر بىلىمگە ۋە كەڭ دائىرىلىك مەدەنىيەت تەربىيەسىگە ئىگە بولمىسا، كۆپ تەرەپلىمە ھەۋەس ۋە ئىقتىدارغا ئىگە بولمىسا، ئۆزىنىڭ ئوقۇتۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىيەلمىشى ناھايىتى قىيىنغا چۈشىدۇ. نۆۋەتتە سىفەن خارەكتىرلىك ئالىي مەكتەپلەردە تەربىيىلىنىپ چىققان نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلاردا خىزمەت ئورنىغا قەدەم قويۇش بىلەن تەڭ، مائارىپ خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا نىسبەتەن ماسلىشىشچانلىق كەمچىل بولۇۋاتىدۇ. ئوتتۇرا باشلانغۇچ مەكتەپلەردىن كېلىۋاتقان ئىنكاس ھەر دەرىجىلىك سىفەن خارەكتىردىكى ئالىي مەكتەپلەردىن ئەمەلىي تەدبىر قوللىنىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىلىم جەھەتتىكى كەمچىل جايلىرىنى تولۇقلاپ، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئومۇميۈزلۈك يۇقىرى كۆتۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن مەكتەپنىڭ بارلىق خىزمەتلىرى ئوقۇتۇشتىن ئىبارەت بۇ مەركىزى ھالقىنى چۆرىدىگەن ھالدا ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ⅔ قىسىم ۋاقتىنىڭ ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقات خىزمەتلىرىگە سەرپ قىلىنىشىغا ھەقىقى تۈردە كاپالەتلىك قىلىنىشى لازىم. سىفەن خارەكتىرلىك مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى كەلگۈسىدىكى ئوقۇتقۇچىلاردۇر. ئۇلارنىڭ كەسپى ئاساسى، بىلىم سەۋىيەسىنىڭ ۋە خىزمەت ئىقتىدارىنىڭ قانداق بولۇشى ئوتتۇرا باشلانغۇچ مەكتەپلەر مائارىپىغا بىۋاستە مۇناسىۋەتلىكتۇر. خۇددى ماكارىنكو ئېيتقاندەك: «سېنىڭ خىزمەت، بىلىم ۋە نەتىجەڭ ئىنتايىن ياخشى بولغان ئەھۋالدا، خاتىرجەم بولساڭ بولىدۇ. ئۇلار تامامەن سەن تەرەپتە تۇرىدۇكى ھەرگىز سېنى تاشلىۋەتمەيدۇ...... ئەكسىچە، ئەگەر سېنىڭ خىزمىتىڭدە ھېچ ئىش ۋۇجۇتقا چىقمىسا، مەغلۇپ بولىۋەرسەڭ، ھەممە جايدا سېنىڭ كەسپتىن خەۋەرسىز ئىكەنلىكىڭ كۆزگە چېلىقىپلا تۇرسا، سەن ۋۇجۇتقا چىقارغان نەتىجىلەرنىڭ ھەممىسى قۇرۇق گەپلە يىغىندىسى بولۇپ يوققا چىقسا، ئۇ ھالدا سەن مەنسىتمەسلىكتىن ئۆزگە ھېچنەرسىگە ئېرىشەلمەيسەن» بۇ سوز شۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ بىلىم سەۋىيەسى بولمىسا، ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىكى ئىناۋىتىدىن مەھرۇم قالىدۇ، ئوقۇغۇچىلار سېنىڭ تەلىمىڭنى ئاڭلاشقا قىزىقمىسا خىزمەتنى مۇقەررەر ھالدا ياخشى ئىشلىيەلمەيسەن.

2—خەلق ئوقۇتقۇچىلىرى پىداگوگىكىنى ئىخلاس بىلەن ئىگەللىشى، مائارىپنىڭ قانۇنىيىتىنى بىلىشى لازىم.

سىفەن مائارىپىنىڭ ۋەزىپىلىرىگە ئاساسلانغاندا سىفەن خارەكتىرلىك ئالىي مەكتەپلەر پىداگوگىكا كەسپى تەربىيەسىگە بەكمۇ ئەھمىيەت بېرىشى، پىداگوگىكا نەزىرىيىسى دەرسىنى ئوقۇتۇشنى كۈچەيتىشى كېرەك. بۇ ھەم سىفەن خارەكتىرلىك ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئۇنىۋېرسال ئۇنىۋېرسىتېتلار، سانائەت پەنلىرى ئىنستىتۇتلىرىدىن پەرقلىنىدىغان روشەن بەلگىسى، ھەم سىفەن مائارىپىنىڭ كورۇنەرلىك ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرىدۇر.

يېتىشتۈرۈش نىشانىسى تەلىۋى بويىچە سىفەن خاراكتېرلىك ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى كەسپىي بىلىم ئاساسىغا ئىگە بولۇپلا قالماي بەلكى پېداگوگىكا نەزەرىيىسى ۋە ئوقۇتۇش مېتودىنى ئىگىلىۋېلىشى لازىم. شۇڭا، مەكتەپلەر ئەنە شۇ نۇقتىنى كۆزدە تۇتقان ھالدا ئۆزىنىڭ ئوقۇتۇش پىلانىنى بەلگىلىشى، سىياسىي نەزەرىيە دەرسى، كەسپىي ئاساسىي دەرس ۋە كەسپىي دەرستىن باشقا مائارىپ نەزەرىيىسى دەرسى (پېداگوگىكا، پسىخولوگىيە ۋە ھەرقايسى پەنلەر بويىچە ئوقۇتۇش مېتودى) نى تەسىس قىلىشى، مائارىپ پراكتىكىسى ئويۇشتۇرۇشى كېرەك.

سىفەن خاراكتېرلىك ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنى مەكتەپتىكى مەزگىلدە ناھايىتى چىڭ بولغان مائارىپ كەسپىي تەربىيىسىنى قوبۇل قىلىشقا يېتەكلەش لازىم. يەنى ھەر خىل يوللار ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلاردا مائارىپ خىزمىتىنى قىزغىن سۆيىدىغان، مائارىپ ئىشلىرىغا ئۆزىنى ئاتايدىغان كەسپىي ئىدىيەنى يېتىلدۈرۈش؛ ئۇلارنى مائارىپنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىدا تۇتقان ئورنىنى بىلىش ۋە پارتىيىنىڭ مائارىپ يۆنىلىشى ۋە سىياسەتلىرىنى بىلىۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش، ئۆگىنىش ۋە ئەمەلىيەت ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارغا مائارىپنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسى ھەمدە مائارىپ ئوقۇتۇشى بىلەن شۇغۇللىنىشتا زۆرۈر بولغان بىلىم ئىقتىدارىنى ئىگىلىتىش كېرەك.

ئوتتۇرا باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى خىلمۇ-خىل خاراكتېردىكى ئۆسمۈرلەردۇر. پېداگوگىكا، پسىخولوگىيە ۋە ياكى ئىجتىمائىيەت نۇقتىسىدىن قارىغاندىمۇ مائارىپ خىزمىتى ناھايىتى مۇشكۈل بىر ئىش. يۈكسەك ئىلمىلىككە ئىگە بىلىم ۋە سەنئەت شۇنداقلا جاپالىق ئىجادىي ئەمگەكتۇر. سىفەن خاراكتېرلىك ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ياخشى ئوقۇتقۇچى بولۇشنى ئويلايدىكەن، ئۇ ھالدا مەكتەپتىكى مەزگىلدە پېداگوگىكا، پسىخولوگىيە ۋە مېتودىكىنى ياخشى ئۆگىنىشى لازىم. پېداگوگىكا مائارىپنىڭ ماھىيىتى ۋە ئوقۇتۇش قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىدۇ. پسىخولوگىيە ئادەمنىڭ پسىخولوگىك ھالەتلىرىنى، پسىخولوگىك قانۇنىيىتى ۋە پسىخولوگىك جەريانىنى تەتقىق قىلىدۇ. مېتودىكا بولسا ھەرقايسى پەنلەرنى ئوقۇتۇش قانۇنىيىتى ۋە ئوقۇتۇش مېتودىنى كونكرېت تەتقىق قىلىدۇ. مائارىپ نەزەرىيىسى دەرسىنى ئوقۇتۇش ۋە ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلار پېداگوگىكىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسى ۋە قانۇنىيىتىنى ئىگىلىۋالىدۇ. بەلگىلىك دەرىجىدە پسىخولوگىيە بىلىملىرىگە ئىگە بولىدۇ. ئۆسمۈرلەرنىڭ فىزىئولوگىك، پسىخولوگىك ئالاھىدىلىكلىرى توغرىسىدا چۈشەنچە ھاسىل قىلىدۇ. ياش ئەۋلادلارنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىكى تەرەققىيات ئالاھىدىلىكىگە قاراپ تەلىم-تەربىيە ئېلىپ بېرىشنى بىلىۋالىدۇ. مائارىپ نەزەرىيىسى دەرسىنى ئۆگىنىش ۋە ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلار دەرسنى قانداق تەييارلاش، دەرس ئۆتۈش، يۈتكۈل

ئوقۇتۇش جەريانىنى كونترول قىلىش قاتارلىقلاردىن خەۋەردار بولىدۇ. ھەمدە ئوقۇتۇش نەزەرىيىسى ئارقىلىق ئوقۇتۇش خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولىدۇ. ئۇلار ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن بىر مەزگىللىك ئەمەلىي چېنىقىشنى باشتىن كەچۈرۈش ئارقىلىق تەدرىجى ماسلىشىپ خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان بولىدۇ. بىراق بۇ جەھەتتە نۇرغۇن ئالى مەكتەپلەردە مائارىپ نەزەرىيىسى دەرسىگە ئېتىۋارسىز قاراپ، ئۇنى ئۆزىگە يارىشا تىگىشلىك ئورۇنغا قويماسلىقتەك ئەھۋاللار ساقلىنىپ تۇرماقتا. مەكتىۋىمىزنى مىسالغا ئالساق، مەكتەپ قۇرۇلغان 20نەچچە يىلدىن بۇيان مائارىپ نەزەرىيىسى كاپدراسى ئىزچىل ھالدا سىياسى مائارىپ فاكۇلتىتىغا قاراشلىق بولۇپ كەلدى. 1981-يىلدىن ئىلگىرى فىسخولوگىيە ئوقۇتۇش يولغا قويۇلمىغان، يېقىنقى يىللاردا مائارىپ نەزەرىيىسى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ لېكىن بۇنىڭغا ئەھمىيەت بېرىدىغان ئادەم بولمىدى، ئورۇنلاشتۇرۇلغان دەرس سائىتى ئاز بولۇپ قالدى. سوزلەپ بولۇپ سىناق ئېلىپ قويۇش بىلەنلا ئىش بولدى قىلىندى. ئوقۇغۇچىلاردا كەسپى دەرسكە ئەھمىيەت بېرىپ، مائارىپ نەزەرىيىسىگە سەل قارايدىغان خاھىش ئومۇميۈزلۈك مەۋجۇت. قائىدە ۋە تەلەپ بويىچە ئېيتقاندا، سىفەن خاراكتېرلىك ئالى مەكتەپلەردىكى ھەرقايسى پەن ئوقۇتقۇچىلىرى ئۆزىنىڭ ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاپ، مائارىپ نەزەرىيىسىنى تەتقىق قىلىش، مائارىپ قانۇنىيىتىگە ئەمەل قىلىپ ئوقۇتۇشنى ئويۇشتۇرۇش جەھەتتە نەمۇنىلىك رول ئوينىشى، پىداگوگىكىنىڭ نەزەرىيە—پرىنسىپلىرىنى ھەرقايسى پەنلەرنى ئوقۇتۇش جەريانىغا كونكرېت ئىزچىللاشتۇرۇش لازىم ئىدى، ئەمما بەزى ئوقۇتقۇچىلار بولسا خاتا ھالدا ئالى مەكتەپلەردە دەرس سوزلەشتە مائارىپ نەزەرىيىسى قانۇنىيىتى، پرىنسىپلىرى ۋە ئۇسۇللىرىغا ئەمەل قىلىنمىسىمۇ بولۇۋېرىدۇ، ئەگەر ئوقۇتۇش ئۈنۈمى ياخشى بولمىسا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىنكاسى كۆچلۈك بولۇپ كېتىدۇ دەپ ھىساپلايدۇ. بەزىلەر ھەتتا ئوقۇغۇچىلارغا مائارىپ كەسپى تەربىيىسى ئېلىپ بېرىلمىسىمۇ، مائارىپ نەزەرىيىسى دەرسى ئوقۇلمىسىمۇ، پىراكتىكىدا قىلدۇرۇلمىسىمۇ ئوخشاشلا ئوقۇتقۇچى بولالايدۇ، ئوخشاشلا ياخشى دەرس ئۆتەلەيدۇ دەپ قارايدۇ، ھەمدە ئەنە شۇ قارىشىغا ئاساسلىنىپ سىفەن مائارىپىنى يولغا قويۇشنىڭ ئانچە زۆرۈرىيىتى يوق، دەپ ئوتتۇرىغا قويىشىدۇ. بۇ خىل قاراش روشەنكى، بىرتەرەپلىمىلىكتۇر. يولداش خۇچاۋمۇ: «ئۇدۇل كەلگەنلا ئادەم پىداگوك بولالمايدۇ، لاياقەتلىك ئوقۇتقۇچى بولالمايدۇ، لاياقەتلىك مائارىپ مەمۇرى خادىمى بولالمايدۇ، شۇڭا سىفەن مائارىپىنى كۈچەيتىشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى بار. لاياقەتسىزلەرنى لاياقەتلىك كىشىلەرگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن، سىفەن مائارىپى ئارقىلىق پىداگوگىكا تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش لازىم.» دەپ كۆرسەتكەن ئىدى.

هازىر بىز «بىلىم پارتلاش» دەۋرىدە تۇرىۋاتىمىز، ئىنسانلارنىڭ بىلىشى (بى-
لىمى) گېئومېتىرىك پىروگرېسسىيە بويىچە ئېشىپ بېرىۋاتىدۇ. ھالبۇكى بىلىمنىڭ
كونىراش ئەھۋالى بارغانسېرى ئۇرلەۋاتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىلىمنىڭ ئېشىپ بېرىشى-
دىكى چەكسىزلىك بىلەن ئۇگىنىش ۋاقتىنىڭ چەكلىكلىكى ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت كېلى-
لىپ چىقتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئوقۇتۇش جەريانى قولسانائەت شەكلىدىكى ئوقۇتۇش
ھالىتىدىن قۇتۇلۇشقا باشلىدى. تەربىيىلەش ئۇبيېكتلىرىنىڭ سەۋىيىسى بارغانسېرى
يۇقۇرىلاۋاتىدۇ. ئۇلار كونا ۋە قاتمال ئوقۇتۇش ئەندىزىسى بويىچە ئىش كۆ-
رۈشكە قارشى تۇرىدۇ. ئەنئەنىۋى ئوقۇتۇش ئۇسۇلىدىكى بىلىمنى يەتكۈزۈپ بېرىشكىلا
ئەھمىيەت بېرىپ، ئەقلى كۈچىنىڭ تەرەققى تېپىشىغا سەل قارايدىغان ھەمدە ئەشۇ
ئادەت بويىچە يۈرگۈزگەن دەرسخانىدا بۇرداق ئۆدەك يېتىشتۇرۇشتەك ئوقۇتۇش ئۇسۇلى-
دىن تولىمۇ بىزار. بۇنداق ئەھۋالدا پەيداگوگىكا، مائارىپ قانۇنىيىتىنى ئىگەللەش
ۋە ئۇنى تەتقىق قىلىش سەۋىيىسىنىڭ قانداق بولۇشى مائارىپ ئوقۇتۇشىنىڭ ياخشى
-يامان بولۇشى بىلەن ناھايىتى زىچ مۇناسىۋەتلىكتۇر. ئوخشاش تەربىيىلەش ئۇبيېكتى
ئوخشاش دەرسلىك مەزمۇنى، ئوخشاشلا ئوقۇتۇش ۋاقتى بويىچە ئېيتقاندىمۇ ئوقۇتقۇچى-
نىڭ مائارىپ نەزەرىيىسىنى ئىگەللىگەن-ئىگەللىمىگەنلىكى، مائارىپ قانۇنىيىتىنى بى-
لگەن بىلمىگەنلىكى ئوخشاشمىغان ئۇنۇمگە ئېلىپ بارىدۇ. كۆپلىگەن مۇنەۋ-
ۋەر ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تەجرىبىسى بۇ نوقتىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. ھازىر بەزى ئوتتۇرا
باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياش-قۇرام ئالاھىدىلىكىگە ئېتىۋارسىز قارايدى-
غان، مائارىپ قانۇنىيىتىگە خىلاپ ئىش كۆرىدىغان ئەھۋاللار ھەدەپ يۈز بېرىۋاتىدۇ،
بۇنىڭغا ئۇيەردىكى بەزى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سىستېمىلىق مائارىپ كەسپى تەربىيىسى
كۆرمىگەنلىكىنى ۋە مائارىپ نەزەرىيىسىدىن خەۋەرسىز ئىكەنلىكىنى سەۋەپ قىلىپ كۆر-
سۈتۈش كۇپايە. بۇنداق ئوقۇتقۇچىلار قانداقمۇ قانۇنىيەت بويىچە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىپ
ئادەم تەربىيىلىيەلىسۇن؟ شۇڭا سىفەن خاراكتېرلىك ئالى مەكتەپلەردە، مائارىپ نەزەرىيە-
سى دەرسىنى ئوقۇتۇشنى كۈچەيتىش، ئادەتتىكى ۋاقىتتىكى پىراكتىكا كۆرۈش ۋە مەر-
كەزلىك پىراكتىكا قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇلارنى مائارىپنىڭ قانۇنىيىتىنى
ۋە ئالاھىدىلىكىنى بىلىۋېلىپ، كەلگۈسىدىكى ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىگە پۇختا ئاساس
يارىتىۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش لازىم، پەن-تېخنىكا ئۇچقاندەك ئىلگىرلەۋات-
قان ھازىرقى زاماندا، مەكتەپلەردىكى تەلىم-تەربىيە مەزمۇنى، ئۇسۇلى، ۋە تەشكىل-
لەش شەكلى قاتارلىقلاردا زور تەرەققىياتلار بولدى. مائارىپ خىزمىتى ئىنتايىن ئىن-
چىكە، مۇرەككەپ، مۇشكۇل ئىشقا ئايلاندى. مائارىپ خىزمىتىمىزنى 4نى زامانىۋىلاش-
تۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجىغا ئويغۇنلاشتۇرماقچى بولىدىكەنمىز، مائارىپ نەزەرىيىسى-

نىڭ يېتەكچىلىكى بولمىسا زادى بولمايدۇ. ھازىر ھەرقايسى ئەللەردىكى سىفەن خارەكتېرلىك ئالىي مەكتەپلەرنىڭ كۆپچىلىكىدە مائارىپ نەزەرىيىسى ھەرىي تەسىس قىلىنىپ ئوتتۇرا باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىدىن مائارىپ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش لازىملىقى تەلەپ قىلىنىپ، ئۇنداق قىلمىسا ئوقۇتقۇچى بولۇشقا بولمايدىغانلىقى تەكىتلەنمەكتە.

3 — خەلق ئوقۇتقۇچىلىرى ئالىي ئەخلاقى پەزىلەتكە ئىگە بولۇشى لازىم

سىفەن خارەكتېرلىك ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئاساسى ۋەزىپىسى — لاياقەتلىك، ھەم قىزىللاشقان ھەم ئىختىساسلاشقان خەلق ئوقۇتقۇچىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشتىن ئىبارەت. بۇنداق مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى كەلگۈسىدە ئوقۇتقۇچى بولىدۇ، باشقىلارغا نەمۇنە بولىدۇ. شۇڭلاشقا سىياسى ئىدىيە، ئەخلاق ۋە ئىستىل جەھەتلەردە ئۇلارغا قويۇلىدىغان تەلەپ تېخىمۇ يۇقۇرىراق بولۇشى كېرەك. مەكتەپ سىياسى ئىدىيىۋى تەربىيىنى كۈچەيتىشى، ماركسىزىم — لېنىنىزىمنىڭ ئاساسى نەزەرىيىسى تەربىيىسىنى ياخشى تۇتۇشى لازىم. نۆۋەتتىكى سىياسى نەزەرىيىۋى تەربىيەدە ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە كوممۇنىزىملىق ئىدىيە تەربىيىسىنى كۈچەيتىش كېرەك. تەلىم - تەربىيە ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنى توغرا دۇنيا قاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىنى تىكلىۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ، ئۇلارنى تۆت ئاساسى پرىنسىپتا چىڭ تۇرىدىغان، مېڭىسى سەگەك ۋەتەنپەرۋەرلەر، كوممۇنىزىمچىلارغا ئايلاندۇرۇش لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئوقۇغۇچىلارغا ماركسىزىم — لېنىنىزىمنىڭ ئاساسى پرىنسىپلىرى - تەربىيىسىنى ئېلىپ بېرىش، سىياسى نەزەرىيە دەرسىگە بەكمۇ ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. ئىگەللەپ كۆرۈشىمىزچە بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا سىياسىغا سەل قاراش خاھىشى باركەن. بۇنىڭ ئىپادىسى شۇكى، بەزى ئوقۇغۇچىلار سىياسەت دەرسىگە قاتنىشىشنى خالىمايدىكەن، بەزى ئوقۇغۇچىلار سىياسى ئۆگىنىش ۋە سىياسى پائالىيەتلەرگە نىسبەتەن ياقتۇرماسلىق كەيپىياتىدا بولىدىكەن. بۇ خىل ئەھۋالغا يول قويغىلى بولمايدۇ. بىر تەرەپتىن ئوقۇغۇچىلارغا ئۆگىنىش مەخسىدى تەربىيىسى ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارنى لاياقەتلىك ئوقۇتقۇچى بولۇش ئۈچۈن ھەم قىزىللىشىش ھەم ئىختىساسلىشىش لازىملىقىنى، كەسپى بىلىمگىلا ئىگە بولۇپ قالماي بەلكى ماركسىزىم — لېنىنىزىمنىڭ ئاساسى نەزەرىيىسىگە دائىر بىلىملەر ۋە بىر قەدەر يۇقۇرى سىياسى ئاڭغا ھەمدە ئىدىيىۋى سەۋىيىگە ئىگە بولۇشىنىڭ زۆرۈرلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش لازىم. يەنە بىر تەرەپتىن سىياسى نەزەرىيە دەرسىنىڭ ئوقۇتۇشىنى ئەستايىدىل ياخشىلاش كېرەك. سىياسى نەزەرىيە دەرسىدە شەكسىز ھالدا ماركسىزىمنىڭ قائىدە - پرىنسىپلىرىنى ئىجابى چۈشەندۈرۈش ئاساس قىلىنىشى لازىم. لېكىن ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە، كوممۇنىزىم-

لىق ئىدىيە تەربىيىسىنى ئۇنۇملۇك ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن خىلمۇ-خىل خاتا ئىدىيە، كوز قاراشلارنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشىغا توسقۇنلۇق قىلماي، ئوقۇغۇچىلارنى بۇ خىل خاتا ئىدىيە ۋە كوز قاراشلارنى پەرق ئىتىۋېلىش، چەكلەش ۋە تەنقىدى يول بىلەن رەت قىلىش ئىقتىدارىنى ئوزلۇكسىز ئوستۇرۇپ بېرىشقا يېتەكلەش كېرەك. هازىرقى زامان ستودېنتلىرى ئوزىگە خاس ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. ئۇلار تىنىمسىز ۋەز ئېيتىشنى ياخشى كورمەيدۇ. مەكتەپتىكى سىياسى ئىدىيەۋى تەربىيىنى ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئەمەلىيىتىنى نەزەردە تۇتقان هالدا جانلىق ئېلىپ بېرىش لازىم.

ئىككىنچىدىن ئوقۇغۇچىلارغا پارتىيىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا سادىق بولۇشتىن ئىبارەت كەسپى ئىدىيە تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش كېرەك. بۇ هەم سىفەن خاراكتېرلىك ئالى مەكتەپلەردىكى سىياسى ئىدىيەۋى تەربىيە خىزمىتىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى، هەم مائارىپ كەسپى تەربىيىسىدىكى گەۋدىلىك تەرەپتۇر. كەسپى ئىدىيە تەربىيىسى ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلاردا ئوز ئوقۇغۇچىلىرىنى سۆيۈدىغان، مائارىپ خىزمىتىنى سۆيۈدىغان، ئوزىنى مائارىپ ئىشلىرىغا بېغىشلايدىغان غايە مەھكەم تۇرغۇزۇلۇدۇ، هەمدە لاياقەتلىك خەلق ئوقۇتقۇچىسى بولۇش ئىرادىسىگە كەلتۇرۇلىدۇ. پارتىيىنىڭ مائارىپ ئىشلىرىغا سادىق بولۇش كوممۇنىستىك ئىدىيە ۋە يۇكسەك دەرىجىدىكى مەسئۇلىيەتچانلىقنى ئوزىنىڭ ئاساسى قىلىدۇ. ئېلىمىزنىڭ مائارىپ ئىشلىرى ئۇلۇق پرولېتارىيات ئىنقىلاۋى ئىشلىرىنىڭ بىر قىسمىدۇر. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ خىزمىتى خاسلا بىر خىل كەسىپ بولماستىن بەلكى ئۇ ئىنقىلاۋى ئىشتۇر. يەنە كېلىپ بۇ ئىش پۇتكۇل جەمئىيەتكە ۋە كەلگۈسىگە تەسىر كورسىتىدۇ. كىشىلەر شۇنى كىسىپ ئېيتالايدىكى 4نى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئۇچقاندەك ئىلگىرىلىشىگە ئەگىشىپ، مائارىپنىڭ ئىجتىمائى رولى كۇنسايىن ئېشىپ بارىدۇ. ۋە زورىيىپ بارىدۇ، روسىيە پىداگوگى چېرنىشۇسكى مۇنداق دىگەن ئىدى: «ئادەم ئوز ئىشىدا ئالىجاناپ ئىدىيىنىڭ ئىلھامىغا ئىگە بولمىسا، ئۇنىڭ ئىشى ئۇنۇمسىز بولۇپ چىقىدۇ، قىلغان ئىشىمۇ كوزگە چېلىقمايدۇ» هازىرقى ۋاقىتتىكى سىفەن خارەكتېرلىك ئالى مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئوزلىرىنىڭ ئۈگىنىشىنى، كەلگۈسىدىكى خىزمىتىنى 4نى زامانىۋىلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىش بىلەن باغلاپ ئوزلىرىنىڭ ئۈگىنىشى ۋە خىزمىتىنىڭ ئىجتىمائى ئەھمىيىتىنى تونۇپ يەتكەندىن كېيىن مەسئۇلىيەتچانلىق هىسياتى، مەجبۇرىيەت هىسياتى پەيدا بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن خۇجايىنلىق پوزىتسىيىسىدە تۇرۇپ ياخشى ئۈگىنىدۇ ۋە خىزمەتنى ياخشى ئىشلەيدۇ. 50- ۋە 60-يىللارنىڭ باشلىرىدا ئوقۇش پۇتتۇرگەن سىفەن خاراكتېرلىك مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنى ئالساق، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائى ئورنى ۋە تۇرمۇش تەمىناتى يۇقۇرى ئەمەس ئىدى، بەزىلىرى هەتتا ئېغىر كۇنلەرگە قالغان بولسىمۇ لېكىن ئۇلار باشتىن ئاخىر ئوز خىز-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مىتىنى سوۋيۇپ ئاددى خىزمەت ئورنىدا خاتىرجەم ئىشلەپ، يۈرەك قانلىرىنى كېيىنكى ئەۋلاتلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشكە سەرپ قىلىۋاتىدۇ. بۇنىڭ ئۆلارنىڭ ئەسلى مەكتەپتىكى مەزگىلىدە قوبۇل قىلغان كەسپى ئىدىيە تەربىيىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ناھايىتى زور. ھازىر، كۆپلىگەن ئوقۇغۇچىلار ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئوقۇتقۇچى بولۇشنى خالىمايدۇ. ئوقۇتقۇچى بولغانلار ياكى خاتىرجەم خىزمەت قىلمايدۇ ياكى چارە ئامال ئىزدەپ مەكتەپتىن يوتكۇلۇپ كېتىدۇ. بۇ خىل ھالەتنى پەيدا قىلغان سەۋەپلەر خېلى كوپ، ئەمما مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلارغا كەسپى ئىدىيە تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشقا سەل قارىغانلىقىنى بىر خىل سەۋەپ ئەمەس دىگىلىمۇ بولمايدۇ، شۇڭا ئوقۇغۇچىلارغا قارىتىلغان كەسپى ئىدىيە تەربىيىسى خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ، ئۇنى مەكتەپ سىياسى ئىدىيىۋى تەربىيە خىزمىتىنىڭ يادرۇسى قىلىپ، ئۇنى پۈتۈن ئوقۇش جەريانىغا سىڭدۈرۈش كېرەك. يېڭى ئوقۇغۇچىلار ئوقۇشقا كىرگەن ھامان مەركەزلىك ھالدا كەسپى ئىدىيە تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش تولىمۇ زورۇر. ئالى مەكتەپلەرنىڭ ئەخلاق دەرسىدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ كەسپى ئىدىيىسىنى يېتىلدۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش ۋە پىراكتىكا قىلدۇرۇش قاتارلىق ئەمەلى پائالىيەتلەر ئارقىلىق ئۆلارنىڭ كەسپى ئىدىيىسىنى يەنىمۇ يېتىشتۈرۈش ۋە مۇستەھكەملەش لازىم.

4—ئوقۇغۇچىلارغا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تەربىيىلىنىشى ۋە كوممۇنىستىك ئەخلاقى پەزىلىتى توغرىسىدا تەربىيە ئېلىپ بېرىش لازىم.

ئوقۇتقۇچىلار مەكتەپ مۇھىتىنىڭ ئاساسى تەركىۋى قىسمى، شۇنداقلا تەلىم—تەربىيىدە مۇھىم ۋاستە ۋە مۇھىم ئامىلدۇر، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سىياسى ئىدىيەسى، روھى قىياپىتى، ئەخلاقى پەزىلىتى، سوزھەركىتى ئوقۇغۇچىلارغا يوشۇرۇن ھالدا تەسىر كورسۇتىدۇ. ھەمدە ئوقۇغۇچىلارنى بىر يۈنۈلۈشكە قاراپ تەرەققى قىلىشقا يېتەكلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئوقۇتقۇچىلار يۈكسەك ئەخلاقى پەزىلەتكە ئىگە بولۇپ، ھەر قايسى جەھەتلەردە ئوقۇغۇچىلارغا ئۆلگە يارىتىشى لازىم. سۇخۇملىنىسكى «ئوقۇتقۇچىلارغا سۇنۇلغان 100 تەكلىپ» تە «سىلەر دەرس ئۆگۈتىدىغان ئوقۇتقۇچى بولۇپ قالماي بەلكى ئادەم يېتىشتۈرىدىغان تەربىيىچىلەر، تۇرمۇش ئۇستازلىرى ۋە ئەخلاق مۇئەللىملىرى» دىگەن ئىدى. شۇ سەۋەپتىنمۇ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ پۈرۈلېتارىياتلىق كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى، قەتئى كوممۇنىستىك ئىتقادى، جان كويدۇرۇپ ئىشلەشتەك خىزمەت پوزىتسىيىسى مۇقەررەر يوسۇندا ئوقۇغۇچىلارغا چوڭقۇر تەربىيە بولىدۇ. ۋاھالەنكى ئوقۇتقۇچىنىڭ ناتوغرا قىلىقلىرى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىدىيە ۋە ئەخلاقى پەزىلىتىنىڭ شەكىللىنىشىگىمۇ بىۋاستە تەسىر كورسىتىدۇ. ئوقۇغۇچىلار كوپ ھاللاردا ئوقۇتقۇچىلارغا نەزەر سالىدۇ ۋە ئۆلاردىن ئۆلگە ئالىدۇ. ھازىر جەمىيەتتە ئىنتايىن ئاز ساندىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئەخلاقى پەزى-

لىتى ۋە قەبىھ بولۇپ، مەكتەپلەرنىڭ ئاتموسفېراسىنى ئېغىر دەرىجىدە بۇلغاپ،
ئوقۇغۇچىلارنىڭ ساپ گۆدەك روھىنى زەھەرلەپ، ئوقۇغۇچىلاردا ياخشى ئەخلاقى پەزى-
لەتنىڭ شەكىللىنىشىگە توسقۇنلۇق قىلماقتا. پېداگوگ دوبرولىيوفۇۋنىڭ مۇنداق بىر
جۈملە مەشھۇر سۆزى بار: «ئەگەر بالىلارنىڭ گۇمانى ئوقۇتقۇچىنىڭ ئەخلاقى تەرىپىگە
بېرىپ تاقالسا، ئۇ ھالدا ئوقۇتقۇچىنىڭ ئورنى تېخىمۇ چۈشۈپ كېتىدۇ.» ئەخلاقى
ئابرۇيى بولمىغان ئوقۇتقۇچىنى ئوقۇغۇچىلار كۆزگە ئىلمايدۇ. ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيە-
لەش سالاھىتى تېخىمۇ بولمايدۇ. شۇڭلاشقا سىفەن خارەكتېرلىك مەكتەپ ئوقۇغۇچى-
لىرى — كەلگۈسىدىكى ئوقۇتقۇچىلار-نىڭ سۈپىتى ۋە سەۋىيىسىگە كاپالەتلىك قىلىش
ئۈچۈن، ئوقۇغۇچىلار مەكتەپكە كىرگەن ۋاقتىتىن باشلاپ تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشكە
قول سېلىش، ئۇلارغا خەلق ئوقۇتقۇچىسىنىڭ شەرتى ۋە ئۆلچىمى بويىچە ئۆزلىرىگە
قاتتىق تەلەپ قويۇش توغرىسىدا تەربىيە بېرىش، ئۇلارنى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تەربىيە-
لىنىشىگە دائىر چېنىقىشلارغا ئويۇشتۇرۇپ، ئۇلاردا، ئوقۇتقۇچىلاردا بولۇشقا تېگىشلىك
ئەخلاق ۋە پەزىلەتنى تەدرىجى يوسۇندا يېتىلدۈرۈپ، ئۇلارنى ھەقىقى تۈردە دولەت
ئۈمىت قىلغان ھەم قىزىللاشقان ھەم ئىختىساسلاشقان خەلق ئوقۇتقۇچىلىرىغا ئايلاندۇ-
رۇش لازىم.

زامانىۋىلاشقان ئىشلەپچىقىرىش مائارىپقا تېخىمۇ يۇقۇرى تەلەپ قويىدى ۋە بۇ-
نىڭ بىلەن مائارىپنى نۇرغۇن يېڭى ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە قىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە
سىفەن مائارىپىغا ئەھمىيەت بېرىش، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سەۋىيىسىنى يۇقۇرى كۆتۈرۈش
ئەنە شۇنىڭ روشەن بىر ئىپادىسىدۇر. ھازىر دۇنيادىكى نۇرغۇن مەملىكەتلەرنىڭ ئوقۇت-
قۇچىنىڭ سەۋىيىسىگە قويغان تەلىۋى بەكمۇ قاتتىق بولماقتا. مەسىلەن: فىرانسىيە-
نىڭ ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىدا «ئوتتۇرا دەرىجىلىك مائارىپ بىلەن شۇغۇللى-
نىش ئىقتىدارى گۇۋاھنامىسى» بولۇشى لازىم. ئەنە شۇ گۇۋاھنامىسى بار كىشىلا ئاندىن
ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىش سالاھىتىگە ئىگە بولالايدۇ. ياپونىيەدە «ئو-
قۇتقۇچىلىق رۇخسەت قەغىزى» تۈزۈمى يۈرگۈزۈلمەكتە، يەنە نۇرغۇن مەملىكەتلەردە ئوقۇ-
غۇچىلار ئۇنىۋېرسىتېت دەرسلىرىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن بىر يىلدىن ئىككى يىلغىچە
سىفەن مائارىپ كەسپ تەربىيىسىنى باشتىن كەچۈرۈش، ئىمتىھاندا لاياقەتلىك بولغان-
لارغا گۇۋاھنامە ۋە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىش ھوقۇقى بېرىش بەلگىلەنگەن.

12-قۇرۇلتايدا قىلىنغان سىياسى دوكلاتتا مائارىپ سوتسىيالىستىك ئىقتىسادى
تەرەققىياتنىڭ ستراتېگىيىلىك مۇھىم نۇقتىلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈلدى. ھازىر مەملىكەت
بويىچە مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچى 205 مىليون بولۇپ، ئۇلارنى ياخشى تەربىيىلەپ ئىختىساس
ئىگىلىرىگە ئايلاندۇرغاندىلا 4نى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئوڭۇشلۇق ئەمەلگە ئاشۇر-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

غىلى بولىدۇ. بۇ ئىشتا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سەۋىيىسىنى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈ-
ش تولىمۇ زۆرۈر. بۇنىڭ ئۈچۈن يولداش خۇياۋباڭنىڭ ئوقۇتقۇچىلارغا قويغان ئۈچ
تۈرلۈك تەلىۋى بويىچە تۈرلۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ھازىر بار ئوقۇتقۇچىلارنىڭ
سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، مۇشۇ ئۈچ تەلەپنى سۈپەت ئۆلچىمى قىلىپ، ھازىرقى
سىفەن خاراكتېرلىك ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ـ كەلگۈسىدىكى ئوقۇتقۇچىلار ـ نى
يېتىشتۈرۈش لازىم. پەقەت مۇشۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن سىفەن مائارىپىنىڭ ئالاھىدى-
لىكى، قانۇنىيىتى بويىچە ئوقۇتۇشنى يولغا قويغىلى، سىفەن مائارىپىنىڭ يۇقىرى سۈ-
پەتلىك بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، مائارىپنى يۈكسەلدۈرگىلى، ئۇنى پارتىيە مەركىزى
كومىتېت ئوتتۇرىغا قويغان مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا سانائەت، يېزا ئىگىلىكىنىڭ يىللىق
ئومۇمى مەھسۇلات قىممىتىنى ئىككى قاتلاشنى ئىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت
نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈچ-قۇدرىتىنى تەغدىم قىلىش ئىمكانىيىتىگە
ئىگە قىلغىلى بولىدۇ.

---

بېشى 46- بەتتە

ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىزلەشتۈرۈش لازىم. ئىشلەپچىقىرىش ۋە مۇئامىلىدە، ھەرخىل
تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، قىممەت قانۇنىنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنى ئىلگىرى سۈرۈ-
شتىن ئىبارەت ئاكتىپ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشىمىز ھەم ئۇنىڭ سوتسىيالىستىك
قۇرۇلۇشقا توسقۇنلۇق قىلىدىغان پاسسىپ رولىنى ئۆز ۋاقتىدا چەكلىشىمىز لازىم.

# قەدىمقى ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى

## فونېتىكىسى توغرىسىدا

يې شاۋجۈن

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكا، لېكسىكا، گىراماتىكا جەھەتتىكى تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى بىلىش ئۈچۈن ئۇيغۇر تىلىنىڭ تارىخى تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى بىلىشكە توغرا كېلىدۇ. لېنىن مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن ئىدى: „ئىجتىمائىي پەن مەسىلىسىدە ئەڭ ئىشەنچلىك ئۇسۇل شۇكى، ...... ئاساسىي تارىختىكى باغلىنىشنى ئېسىتىن چىقارماسلىق، بەلكى ھەر بىر مەسىلىگە نىسبەتەن مەلۇم ھادىسىنىڭ تارىختا قانداق يۈز بەرگەنلىكى ۋە ئۇنىڭ ئۆز تەرەققىياتىدا قانداق ئاساسىي باسقۇچلارنى باشتىن كۆچۈرگەنلىكىگە ئاساسلىنىپ كۆزىتىش ئېلىپ بېرىش ھەمدە ئۇنىڭ بۇ خىل تەرەققىيات ئەھۋالىغا ئاساسلىنىپ بۇ ھادىسىنىڭ ئەمدى زادى نېمىگە ئايلانغانلىقىنى كۆزىتىش لازىم“①

ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكىلىق تۈزۈلۈشى يەنى ئۇنىڭ ماددىي پوستى ھەرگىز ئۆزگەرمەيدىغان نەرسە ئەمەس، بەلكى ئۇ تارىختا ناھايىتى كۆپ ئۆزگىرىشلەرنى بېشىدىن كۆچۈرگەن ئىدى. ئەنە شۇ ئۆزگىرىشلەرنى تەتقىق قىلىش مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگىدۇر.

قەدىمقى ئۇيغۇر تىلى فونېتىكىسىنىڭ ئۆزگىرىشىنى بىلىش بىزنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى نۇرغۇن سۆزلەرنىڭ ماھىيىتىنى شۇنداقلا ئۇيغۇر تىلى گىراما-

AltunOq

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

تىكىسى، يېزىش ئۇسۇلى، ئوقۇلۇشى قاتارلىق جەھەتتىكى نۇرغۇن ھادىسىلەرنى چۈشىنىۋېلىشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ.

بۇ ماقالىدا قەدىمقى ئۇيغۇر تىلى فونېتىكىسى بىلەن ھازىرقى ئۇيغۇر زامان تىلى فونېتىكىسى ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشلىق ۋە پەرقلەر ھەققىدىكى دەسلەپكى ئىزدىنىش ئوتتۇرىغا قويۇلدى. مېنىڭ قەدىمقى ئۇيغۇرچە يازما يادىكارلىقلاردىكى تۈرلۈك يېزىقلار، دىيالېكتلار ھەققىدە بىلىدىغانلىرىم شۇنىڭدەك سېلىشتۇرما فونېتىكىنى ئۆگىنىشۈم يېتەرلىك بولمىغانلىقى، پايدىلىنىش ماتېرىياللىرىنىڭ كەمچىللىكى تۈپەيلىدىن بۇ ماقالىدا قەدىمقى ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى فونېتىكىسى توغرىسىدا ئېيتىلغانلارنى پەقەت يۈزەكى بايان دەپ ئېيتىشقىلا بولىدۇ. ئەتراپلىق ۋە تامامەن توغرا بولۇپ كېتىشى ناتايىن. شۇڭا مۇناسىۋەتلىك يولداشلارنىڭ قاراپ چىقىشى ۋە تەنقىت قىلىپ تۈزۈتۈش بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

## 1 . سوزۇق تاۋۇش

قەدىمقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكا سىستېمىسى بىلەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكا سىستېمىسى ئانچە ئوخشىشىپ كەتمەيدۇ، قەدىمقى ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇش (ئۆ، ئو، ئۇ، ئۈ)لار ئۆزئارا پەرقلەنمىسىمۇ لەۋلەشمىگەن سوزۇق تاۋۇشلار ئوخشاشمايدۇ. تۈرك يېزىقى، قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقى دەۋرىدە: [ ئى ī (ئې)ئە ئا ]؛ ئەرەب يېزىقى دەۋرىدە: ( ئى، ī ، (ئى) ئە، ئا) ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا: ئا، ئە، ئې، ئى

بارلىق سوزۇق تاۋۇشلار (8، 9 — ئەسىردىن 15، 16 — ئەسىرگىچە) ئۇلارنىڭ ئوقۇلۇشىنىڭ ئۇزۇن — قىسقىلىقىغا قاراپ سوزۇلما سوزۇق تاۋۇش ۋە قىسقا سوزۇق تاۋۇش دەپ ئىككىگە بولۇنىدۇ. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا بۇ خىلدىكى ئەھۋال مەۋجۇت ئەمەس.

قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدا بار بولغان بىر بوغۇملۇق سۆزلەردىكى سوزۇق تاۋۇش ( ئا، ئە a، ə) بىلەن كۆپ بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بوغۇمىدىكى سوزۇق تاۋۇش ئا، ئە(a، ə )نىڭ ئاخىرىغا سۆز قوشۇلغاندا، ( ئا، ئە ) ئاجىزلاشمايدۇ. ھالبۇكى، ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىدا ئاجىزلىشىپ ( ئې، ئى، ) گە ئۆزگىرىدۇ. بۇ خىل ھادىسە ھازىرقى زامان تۈركىي تىللاردا كەمدىن كەم ئۇچرايدۇ.

مەسىلەن:

| تىل | مىسال | | |
|---|---|---|---|
| قەدىمقى زامان ئۇيغۇر تىلى | كالمادى | باشى | قالمادى |
| هازىرقى زامان قازاق تىلى | كېلمېدى | باسى | قالمادى |
| هازىرقى زامان قىرغىز تىلى | كېلمېدى | باشە | قالمادى |
| هازىرقى زامان ئۆزبېك تىلى | كېلمادى | باشى | قالمادى |
| هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى | كەلمىدى | بېشى | قالمىدى |

هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى بۇ خىل هادىسە هازىرقى زامان تۈركى تىللار بىلەن ئوخشاشلىق هاسىل قىلغان روشەن ئالاھىدىلىكلەرنىڭ بىرىدۇر.

قەدىمقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى سوزۇق تاۋۇش ı بىلەن i ئۆزئارا قارمۇ — قارشى فونېما بولۇپ، ئۇ ئاساسەن تىل ئۈستى تاۋۇشى ق، غ نىڭ ئالدى — كەينىدە كېلىدۇ، ياكى ئارقا سوزۇق تاۋۇش ئا — (a)، o (ئو) ، ئۇ (u) بىلەن ئۆزئارا بىرىكىدۇ. تەخمىنەن 16،15 — ئەسىردىن كېيىن ı بىلەن i بىرىكىپ بىر فونېمىغا شەكىللەندۇرگەن. هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا گەرچە بۇ فونېما بولمىسىمۇ لېكىن خېلى بىر قىسىم سۆزلەر يەنىلا مۇشۇ ئاھاڭدا ئوقۇلۇپ كەلدى. مەسىلەن:

قىل 做，干
قىش 冬天
قىسقا 短
قىز 女

قەدىمقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ئو، ئۇ غەيرى باش بوغۇم ئورنىدا كەلمەيدۇ. شۇڭا سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ سىنگارمونىزملىشىش قانۇنىيىتى تۆۋەندىكىچە ئىزاھلاش مۇمكىن:

| باش بوغۇم | غەيرى باش بوغۇم |
|---|---|
| ئا، ئى، ئو، ئۇ | ئا، ئى، ئۇ |

شۇنىڭ ئۈچۈن، قەدىمقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى قوش بوغۇملۇق سوزلەردە سۈزۈق تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىش ئەھتىماللىغى مۇنداق:

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| ئا — ئا: | ئاداق | 脚 | ئۈ — ئى: | كۈنى | 户忌 |
| ئا — ئى: | بالىق | 城 | ئۈ — ئۈ: | كۈنتۈز | 白天 |
| ئا — ئۇ: | ئالتۇن | 金 | ئى — ئا: | ئىراق | 远 |
| ئى — ئى: | قىلىچ | 剑 | ئا — ئى: | سەمىز | 肥 |
| ئى — ئۇ: | ئىدۇق | 神圣的 | ئا — ئۇ: | ئادگۇ | 好 |
| ئو — ئا: | ئوغلان | 儿子 | ئى — ئا: | ئىلگەرۇ | 向前 |
| ئو — ئى: | توقى | 打 | ئى — ئۇ: | كىگۇر | 使进入 |
| ئو — ئۇ: | ئولۇر | 坐，住 | ئى — ئى: | كىسى | 人 |
| ئۇ — ئا: | قۇلقاق | 耳朵 | ئۆ — ئا: | بۆكا | 英雄 |
| ئۇ — ئى: | بۇلىت | 云 | ئۆ — ئى: | بورى | 狼 |
| ئۇ — ئۇ: | ئۇزۇن | 长 | ئۆ — ئۇ: | كوڭۇل | 心 |
| ئا — ئا: | ئەمگەك | 痛苦 | ئۆ — ئا: | كۆزاد | 看管 |

هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئاز ساندىكى قوبۇل قىلىنغان سوزلەر (م: ئاپتۇر — 作者، بالېت — 芭蕾舞، ئېلېكتىر — 电 قاتارلىقلار)دىن باشقا. ئو، ئۆ، ئې لار ئادەتتە غەيرى باش بوغۇمدا كەلمەيدۇ. ئۇنىڭدىن تاشقىرى ï

بىلەن i نىڭ بىرىكىپ كېتىشى ۋە ئې نىڭ مەيدانغا كېلىشى ئارقىسىدا قەدىمقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆزلەردە سوزۇق تاۋۇشلار ئۆز ئارا بىرىكىپ كېتىدىغان ئەھۋال قىسمەن هالدا يوقۇلۇپ، سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ بىرىكىشىدە تۆۋەندىكىدەك يېڭىلىقلار كۆپەيگەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئا — ئە: ئادەت | 习惯 | ئې — ئا: ئېلان | 布告 |
| ئو — ئە: بوزەك | 受气 | ئې — ئۇ: سېكۇنت | 秒 |
| ئۇ — ئە: خۇمپەر | 混蛋 | ئې — ئە: بېكەت | 汽车站 |
| ئە — ئا: دەزمال | 熨斗 | ئې — ئى: بېغىش | 手腕 |
| ئە — ئۇ: خەنزۇ | 汉族 | ئو — ئا: گۆركار | 掘墓人 |
| ئۇ — ئا: گۈلباغ | 花园 | ئۇ — ئۇ: خۇنۇك | 丑的 |

يۇقۇرىدىكى مىساللاردىن هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ سۆز ئۈزەكلىرى ئارىسىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ئۆز ئارا ماسلىشىشى قەدىمقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكىدەك ئۇنداق رەتلىك ئەمەسلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. يەنى قەدىمقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا بىر سۆزنىڭ باش بوغۇمى تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشتىن تەشكىل تاپسا، ئۇ هالدا، ئۇنىڭ كەينىدىكى بوغۇممۇ ئوخشاشلا تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشتىن تەشكىل تاپىدۇ. ئەكسىچە بولغاندىمۇ مۇشۇنداق بولىدۇ. شۇڭا ئېيتىمىزكى، هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى تاڭلاي سوزۇق تاۋۇشلىرىنىڭ سىنگارمونىزملىشىشى ئاجىزلىشىپ كەتكەن. بۇ خىل هادىسە سۆز ئۈزەكلىرى كەينىگە ئۇلانغان قوشۇمچىلاردىمۇ ئەكس ئەتكەن، مەسىلەن:

| قەدىمقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا | هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا |
|---|---|
| ئات + ىم — ئاتىم | ئاتىم — ئېتىم |
| ئارسلان + نىڭ ← ئارسلاننىڭ | ئارسلان + نىڭ ← ئارسلاننىڭ |

پەقەت قوشما (كۆپلۈك) سان، يۆنۈلۈش كېلىش، ئورۇن كېلىش، ھەركەت نامى قاتارلىق شەكىللەردە تاڭلاي سىنگارمونىزملاشقاندىلا ئاندىن ئۇ تامامەن ئىشقا ئاشىدۇ. مەسىلەن:

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئارالار | 岛 | ئىشىكتە | 在门上 |
| كىشىلەر | 人们 | ئېلىمىزدە | 在我们国家里 |
| ئاتقا | 马 | باسماق | 压，踩 |
| پايپاقتا | 在袜子里 | سەتلىمەك | 丑化，谩骂 |

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

لېكىن، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا تۆۋەندىكىدەك شەكىللەر مەيدانغا كەلدى:

ئىشلار 事情 (كوپلۇك) — يىللار 年 (كوپلۇك)

ئىتلار 狗 (كوپلۇك) — قىزدا 在女孩那里

تىلىدا 在语言里

يوقۇرىدا بىز ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ تاۋلاي ماسلىشىش قائىدىسىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان مىساللاردىن بىر قانچىنى كورۇپ ئوتتۇق. ئۇنىڭ مۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەپ شۇكى، بۇ سوزلەر ئارىسىدىكى سوزۇق تاۋۇشلار قەدىمقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇش ï ئىدى. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا گەرچە ï بىلەن i بىرىكىپ بىر فونىما تۈزگەن بولسىمۇ لېكىن يەنىلا قەدىمقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەسىرى بىلەن شۇنداق بولغان.

لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ سىنگارمونىز ملىشىش قانۇنى مەسىلىگە كەلسەك، بۇ قەدىمقى زامان ئۇيغۇر تىلى بىلەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئانچە كوپ پەرقلەنمەيدۇ. مەسىلەن:

قەدىمقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا — ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا

بىردۇنىم 我的人民 — ئويۇنلار 节目

سۇڭۇسدىم 我打了仗 — كۆمۈردە 在煤里

قەدىمقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ياكى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا بولسۇن. لەۋنىڭ ماسلىشىشى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىش قانۇنى بولۇش بىلەن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىش قانۇنى بولماسلىق ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىق ھالەتتە تۇرىدۇ. يەنە كېلىپ ھازىرقى زامان قىرغىز تىلى بىلەن لوپنۇر دىيالېكتىلىرىدىكى لەۋلەشكەن سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىش قانۇنىدەك ئۇنداق مۇكەممەل ئەمەس.

ھازىرقى زامان قىرغىز تىلىدا — لوپنۇر دىيالېكتى

كۆل + دۈر 湖 — ئۆي — لۆر 房子

جول + دوس 同志 — كۆل + دۈ 湖

كۆر + ئۆمۈن 我看 — جول + دو 路

پەقەت ئىسىم ياكى پېئىلنىڭ كەينىگە ئىگىلىك شەخس قوشۇمچىسى، ئوتكەن زامان قوشۇمچىسى ئۇلانغاندا لەۋلىشىشنىڭ ماسلىشىشى ئاندىن تامامەن ئىشقا ئاشىدۇ. مەسىلەن:

كۆڭۈل + ۈم ——← كۆڭلۈم 我的心



AltunOq

我看了　　　　كۆر + دۆم — كۆردۆم

قەدىمقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى بەزى سوزلەر تەرەققى قىلىپ هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا كەلگەندە، باش بوغۇمدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ تەسىرى ياكى ئاياق بوغۇمدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن تاۋۇش ئۆزگۈرۈش يۈز بەردى. مەسىلەن:

1. ئى — ئۇ

| قەدىمقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا | هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا | |
|---|---|---|
| بۇلىت | بۇلۇت | 云 |
| قۇسىغ | قۇسۇق | 呕吐物 |
| قولتىق | قولتۇق | 腋 |

2. ئا — ئې

| | | |
|---|---|---|
| ئارىق | ئېرىق | 沟 |
| ئاغىل | ئېغىل | 厩 |
| سارىغ | سېرىق | 黄 |
| باغىر | بېغىر | 肝脏 |

3. ئە — ئې

| | | |
|---|---|---|
| سەمىز | سېمىز | 肥 |
| كەلىپ | كېلىپ | 来 |
| بەرىپ | بېرىپ | 给 |

4. ئا، ئە — ئو، ئۆ

| | | |
|---|---|---|
| ئاچۇق | ئوچۇق | 清楚的 |
| يارۇق | يورۇق | 光 |
| قاغۇن | قوغۇن | 甜瓜 |
| تەمۇر | تومۇر | 铁 |
| ئەتۈك | ئۆتۈك | 靴 |

قەدىمقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى بەزى سوزلەرنىڭ سوزۇق تاۋۇشلىرى هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئوزگۇرۇش ياسىدى. مەسىلەن:

1. ئۈ — ئە

| قەدىمقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا | هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا | |
|---|---|---|
| سۆگۈت | سوگەت | 树 |
| سۆگۈك | سوڭەك | 骨头 |
| ئۆتنۈ | ئۆتنە | 借 |
| سۈپۈرگۈ | سۈپۈرگە | 扫帚 |

2. ئۇ — ئا

| | | |
|---|---|---|
| ئورتۇن — ئورتۇ | ئورتا | 中间 |
| ئوردۇ | ئوردا | 宫殿 |
| بالدۇ | پالتا | 斧 |
| قوشۇغ | قوشاق | 民歌 |

3. ئە — ئې

| | | |
|---|---|---|
| كەچمەك | كېچمەك | 渡 |
| ئەشگەك | ئېشەك | 驴 |
| چەچەك | چېچەك | 花 |

2. ئۈزۈك تاۋۇش

قەدىمقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۈزۈك تاۋۇش فونىمىسى سوزۇق تاۋۇش فونىمىلىرىدىن كۆپ مۇرەككەپ. قەدىمدىن تارتىپ هازىرغىچە بولغان ئارىلىقتا مەيدانغا كەلگەن 18 ئۈزۈك تاۋۇش فونىمىسى ( ق. ك. غ. گ. ت. د. ب. پ. ل. م. ن. ر. س. ڭ. ج. ش. ز. ي) هەرقايسى دەۋرلەرگە ئورتاق بولغان فونىمىلاردۇر. ۋاقىتنىڭ ئوتۇشى، يېزىقلارنىڭ ئالمىشىشى، باشقا مىللەتلەر بىلەن ئالاقىنىڭ قويۇقلىشىشى، يات تىللارنىڭ سىڭىپ كىرىشىگە ئەگىشىپ هەرقايسى دەۋرلەردىكى ئۈزۈك تاۋۇش فونىمىلىرىدىمۇ بەزى پەرقلەر مەيدانغا كەلگەن. مەسىلەن تۈرك يېزىقى دەۋرىدىكى دىماق تاۋۇشى ny قاراخانىلار سۇلالىسى دەۋرىدە قاتاردىن چۈشۈپ قال—

غان. قەدىمقى تۈرك تىلىدا «羊»نى ئىپادىلەيدىغان بۇ سۆز قونى (kony) دەپ يېزىلماي بەلكى قوي دەپ يېزىلغان.③ قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقى دەۋرىدە قوش لەۋ تاۋۇشلىرىدىن w، h، z دىگەن 3 ئۇزۇك فونېمىسى قوشۇلدى. قاراخانىلار سۇلالىسى دەۋرىدە يۇقۇرىدىكى 3 ئۇزۇك تاۋۇشتىن باشقا يەنە 4 ئۇزۇك تاۋۇش فونېمىسى كۆپەيدى: ج. ف (بۇ ئىككى فونېما قاراخانىلار سۇلالىسى دەۋرىدە ناھايىتى ئاز قوللىنىلغان. 15 — ئەسىرگە كەلگەندە ئاندىن كەڭ دائىرىدە ئىشلىتىلىشكە باشلىدى) ھ، چىش ئارىلىقى تاۋۇشى ز 15— ئەسىردىن كېيىن كالپۇك چىش تاۋۇشى «ۋ» قوش لەۋ تاۋۇشى w نىڭ ئورنىنى ئىگەلىدى. چىش ئارىلىقى تاۋۇشى ز يوقالدى. ئەنە شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا كەلگەندە ئۇيغۇر تىلىدا ئۇزۇك تاۋۇش فونېمىسى جەمئىي 24 گە يەتتى: ق. ك. غ. گ. ت. د. ب. ئى.م. ن. ر. س، ڭ. چ. ش. ر. ي. خ. ۋ. ج. ژ. ف. ھ.

قەدىمقى ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ ھەممىسى سۆزنىڭ ھەرقانداق جايلىرىدا (سۆز بېشى ياكى سۆز ئاخىرىدا) كېلىۋەرمەي دەۋرنىڭ ئالمىشىشىغا قاراپ ئۆزگەرگەن. مەسىلەن تۈرك يېزىقى دەۋرىدە، د. گ. غ. ڭ. ني. ر. ز قاتارلىق ئۇزۇك تاۋۇشلار سۆزنىڭ بېشىدا كەلمىگەن بولسا قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقى دەۋرىدە د. ر. ز لار سۆزنىڭ بېشىدا كېلىدىغان بولغان. باشقا ئۇزۇك تاۋۇشلار (ني — ny — دا ئۆزگىرىش پەيدا بولغاندىن باشقا) گ. غ. ڭ لاريەنىلار سۆزنىڭ بېشىدا كەلمىگەن. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «ڭ»دىن باشقا ئۇزۇك تاۋۇشلار سۆزنىڭ بېشىدا كېلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭدىن قالسا، تۈرك يېزىقى دەۋرىدە ب. د لار سۆزنىڭ ئاخىرىدا كەلسە بولاتتى، مەسىلەن: سۈب (水) ئۆد (时间). قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقى ۋە قاراخانىلار سۇلالىسى دەۋرىدە د يەنىلار سۆزنىڭ ئاخىرىدا كېلەۋەردى. [ مەسىلەن: ئاند (誓言)، ئۆد (牛) ] «ب» سۆزنىڭ ئاخىرىدا كەلمەي، ئۇنىڭ ئورنىدا w (ۋ) كېلىدىغان بولدى. مەسىلەن: سۈپ — سۈۋ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا كەلگەندە ب، د دىگەن ئىككى فونېما سۆزنىڭ ئاخىرىدا كەلمەيدىغان بولدى. ئەگەر يات تىلدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەرب، د بىلەن ئاخىرلاشسا، پ. ت بىلەن ئورۇن ئالماشتۇرۇدىغان بولدى. مەسىلەن: كىتاب — كىتاپ، كولوب — كۇلۇپ، ئاند — ئانت، ۋە باشقىلار.

قەدىمقى ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئىككى ئۇزۇك تاۋۇش سۆزنىڭ بېشىدا كەلمەي سۆزنىڭ ئاخىرىدا كېلىشى تامامەن ئوخشۇشۇپ كېتىدۇ.

قەدىمقى زامان ئۇيغۇر تىلى تەرەققى قىلىپ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا كەلگەندە، بەزى ئۇزۇك تاۋۇشلار ئۆزگىرىش ياسىدي. مەسىلەن:

1. قەدىمقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى بەزى سوزلەرنىڭ سوزۇق تاۋۇش ئارىلىغىدا كېلىدىغان ھەمدە بوغۇم ئاخىرىدا كېلىدىغان ھ قاراخانىلار سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە « ن » ( Ž )گە، 15 — ئەسىردىن كېيىن «ي»گە ئۆزگەردى.

| تۈركىي يېزىقى دەۋرى | قاراخانىلار سۇلالىسى دەۋرى | 15-ئەسىردىن كېيىن | |
| --- | --- | --- | --- |
| ئاداغ | ئازاق | ئاياق | 脚 |
| ئادۇغ — ئادىغ | ئازىغ | ئېيىق | 熊 |
| بەدۈك | بەزوك | بويۇك | 大 |
| بەدرەم | بەزرەم | بەيرەم-بايرام | 节日 |
| قود — | قوز — | قوي | 放 |
| قەد — | كەز — | كەي | 穿 |

يوقۇرىدا كورسۇتۇلگەن بىرىنچى سوز « ئاداغ » قاراخانىلار سۇلالىسى دەۋرىدە «ئاياق»قا ئۆزگەرگەن بولسىمۇ لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىرلا ۋاقىتتا «ئازاق» دىگەن سوزمۇ ئىشلىتىلگەن. («تۈركىي تىللار دىۋانى» ئۇيغۇرچە نەشرى 14 — بەتكە قاراڭ).

2. قەدىمقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى بەزى سوزلەردە سوزۇق تاۋۇش ئارىلىغىدا كېلىدىغان ھەمدە بوغۇم ئارىلىغىدا كېلىدىغان ب قاراخانىلار سۇلالىسى دەۋرىدە «ۋ»گە ئۆزگەرگەن. 15-ئەسىردىن كېيىن بولسا « ي »گە ئۆزگەردى ياكى چۈشۈپ قالدى. مەسىلەن:

| تۈركىي يېزىقى دەۋرىدە | قاراخانىلار سۇلالىسى دەۋرىدە | 15-ئەسىردىن كېيىن | |
| --- | --- | --- | --- |
| ئەب | ئەۋ | ئۆي | 房子 |
| سۇب | سۇۋ | سۇ | 水 |

«سۇب» دىگەن سوزدىكى ب ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا چۈشۈپ قىلىپ «ي»گە ئۆزگەرمىسىمۇ لېكىن ئۇنىڭ كەينىگە ئىگىلىك شەخس قوشۇمچىلىرى ئۇلانغاندا «ي» قوشۇلىدۇ. مەسىلەن: سۇ + ي + ى - سۇيى. باشقا ھازىرقى زامان تۈركىي تىللاردا قەدىمقى تىلدىكى ب ياكى ۋ يەنىلا ساقلىنىپ قالدى. مەسىلەن:

قازاق تىلىدا ئۆزبېك تىلىدا

سۇۋ سۇب

3. قەدىمقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا سۆز ۋە سۆز قوشۇمچىلىرىنىڭ كەينىدە كېلىدىغان غ ۋە گ هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا (ئۇلۇغ بەگ .... دىگەن سۆزلەردىن باشقا) ئادەتتە «ق» ۋە «ك» گە ئالماشتى. مەسىلەن:

| قەدىمقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا | هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا | |
|---|---|---|
| ئاغرىغ | ئاغرىق | 病 |
| ئانداغ | ئالداق | 这样的 |
| ئۇرۇغ | ئۇرۇق | 种子 |
| ئوتلۇغ | ئوتلۇق | 有草的 |
| تىرىگ | تىرىك | 活的 |
| سۈزۈگ | سۈزۈك | 清彻的 |
| تۈرلۈگ | تۈرلۈك | 各种的 |
| كۈچلۈگ | كۈچلۈك | 有力的 |

4. س — چ

| | | |
|---|---|---|
| ساچ | چاچ | 头发 |
| ساچ | چاچ | "洒，撒种" |

5. ت — چ

| | | |
|---|---|---|
| تۈش | چۈش | 梦，午 |
| تۈش | چۈش | 落 |
| تىش | چىش | 牙 |

6. ڭ — ن

| | | |
|---|---|---|
| ئوتۇڭ | ئوتۇن | 柴火 |
| ئىنگەك | ئىنەك | 奶牛 |
| ئەڭدۈز | ئەندىز | (بىر خىل چوپ يىلتىزى) |

7. قەدىمقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى بويرۇق پېئىل قوشۇمچىلىرى غۇر-، قۇر-، گۈر —، كۈر-،قار —، كەر —، ئىدى، هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا بولسا «ر» ھەرپى «ز» گە ئۆزگەرەدى: غۇز —، قۇز —، گۈز —، كۈز —، قاز —، كەز —

مەسىلەن:

| | | |
|---|---|---|
| تۇرغۇر — | تۇرغۇز — | 使站起来 |

www.uyghurkitap.com

| | | |
|---|---|---|
| كىگۈر — | كىرگۈز — | 使进入 |
| ئولغۇر — | ئولتۇرغۇز — | 使坐下 |
| تۈشكۈر — | چۈشكۈز — | 使落下 |
| قۇتقار — | قۇتقاز —، قۇتقۇز — | 使救 |

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا بۇ خىل قەدىمقى تىل شەكىللىرى يەنىلا ناھايىتى ئاز ساندا ساقلىنىپ كەلمەكتە.

| | | |
|---|---|---|
| ئۈرگۈر — | ئۈلگۈر | 赶上 |
| ئەسكىر — | ئەسكىر | 变旧 |

ئۇنىڭدىن تاشقىرى، يەنە «سېمىز (肥)» دېگەن سۆزنى ئالساق، ئۇنى پىلغا تۇرلەندۇرگەندە «ز» ھەرپى «ر»گە ئۆزگۈرۈدۇ:

سېمىرمەك — سېمۇرمەك = سېمىزلىمەك 肥满, 肥大 (بۇرھان شەھىدى: «ئۇيغۇرچە — خەنزۇچە — رۇسچە لۇغەت» 386 — بەتكە قارالسۇن.)

8. ق — خ

| قەدىمقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا | ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا | |
|---|---|---|
| ياقشى | ياخشى | 好 |
| قوشنى | خوشنا | 邻居 |
| قان | خان | 可汗 |
| ئۇقتۇر | ئۇختۇر | 使知道、通知 |

9. ت — د

| | | |
|---|---|---|
| تەڭىز | دېڭىز | 海 |
| تى — | دە — | 说 |

10. ب — م

| | | |
|---|---|---|
| بەن | مەن | 我 |
| بەڭگۈ | مەڭگۈ | 永久的 |
| بىڭ | مىڭ | 千 |
| بۇڭ | مۇڭ | 忧愁 |
| بىن — | مىن — | 骑 |

قەدىمقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۆزۈك تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكىدەك رەتلىك ئەمەس، قەدىمقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى ئورۇن كېلىش

»-تا/تە، »دا/تە« »دە/تە« نىلا مىسالغا ئالساق، -تا/تە ئادەتتە ل، ن، ر بىلەن ئاخىر-
لاشقان ئىسىملارنىڭ كەينىگە ئۇلىنىدۇ، — دا/دە سوزۇق تاۋۇش ياكى ئۇزۇك تا—
ۋۇش (ل، ن، ردىن باشقا)لار بىلەن ئاخىرلاشقان ئىسىملارنىڭ كەينىگە ئۇلىنىدۇ،
ھالبۇكى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى -تا/تە جاراڭسىز ئۇزۇك تاۋۇش بىلەن
ئاخىرلاشقان ئىسىملارنىڭ كەينىگە، — دا/دە سوزۇق تاۋۇش ياكى جاراڭلىق ئۇزۇك
تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان ئىسىملارنىڭ كەينىگە ئۇلىنىدۇ. يەنە، قەدىمقى زامان،
ئۇيغۇر تىلىدىكى ت ياكى د بىلەن باشلانغان قوشۇمچىلار (ئۆتكەن زامان قوشۇمچى—
سى —دىم/تىم .... بۇيرۇق پېئىل قوشۇمچىسى — دۇر/تۇر )نىڭ ئۇلىنىشى ئورۇن
كېلىش قوشۇمچىسى —دا/تە نىڭ ئۇلىنىشى بىلەن ئوخشاش. قەدىمقى زامان ئۇيغۇر
تىلىدىكى بۇ ھادىسەنىڭ يۈز بېرىشى ئېھتىمال تۈرك ئېلىپبەسىدىكى
M(lt)، (nt) نىڭ تەسىر كۆرسىتىشىدىن بولۇشى مۇمكىن. بۇ خىل ھا—
دىسە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا يەنىلا ساقلىنىپ كەلمەكتە. مەسىلەن: كەلتۇر،
ئولتۇر، ئالتە ......

### 3. تاۋۇشلارنىڭ چۈشۈپ قېلىشى

#### 1. سوزۇق تاۋۇشنىڭ چۈشۈپ قېلىشى

قەدىمقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى بەزى قوش بوغۇملۇق سوزلەردە، ئەگەر ئىك-
كىنچى بوغۇمدىكى سوزۇق تاۋۇش ئۇ، ئۈ. بۇنىڭ كەينىدىكى ئۇزۇك تاۋۇش يەنىلا
ل، ن، ر، ز بولسا، ئۇ ھالدا، ئۇنىڭ كەينىگە سوزۇق تاۋۇش بىلەن باشلانغان ئى—
گىلىك شەخس قوشۇمچىلىرى ئۇلانغان
سوزۇق تاۋۇش ئى، ئۇ، ئۈ چۈشۈپ قالىدۇ، مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| 他的儿子 | ئوغۇل + ى، — ئوغلى |
| 在那时候 | ئوغۇر + ى + نتا — ئوغرىنتا |
| 我们的位置 | ئورۇن + ىمىز — ئورنىمىز |
| 我们的心 | كوڭۇل + ىمىز — كوڭلىمىز |
| 他的嘴 | ئاغىز + ى ئاغزى |
| 我的妹妹 | سىڭىل + ىم — سىڭلىم |
| 他的咽喉 | بوغۇز + ى — بوغزى |

بۇ خىل تاۋۇش چۈشۈپ قىلىش ھادىسى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا يەنىلا ساقلىنىپ قالغان.

2. ئۈزۈك تاۋۇشنىڭ چۈشۈپ قىلىشى: قەدىمقىزامان ئۇيغۇر تىلىدا بەزى سوزلەردىكى ئۈزۈك تاۋۇشلار چۈشۈپ قالىدىغان ھادىسە بار، بۇلار توۋەندىكى بىر قانچە ھالالاردا كۆرۈلىدۇ:

(1) غ، گ نىڭ چۈشۈپ قىلىشى بىر قەدەر بۇرۇنراق بولۇپ، تەخمىنەن 11 — ، 12 — ئەسىرلەرگە توغرا كېلىدۇ.

| تۈرك يېزىقى دەۋرىدە | قاراخانىلار سۇلالىسى دەۋرىدە | |
|---|---|---|
| ئەشگەك | ئەشەك | 驴 |
| قاغار | قار | 雪 |
| تاغام | تام | 墙 |
| تامغاق | تاماق | 咽喉 |

(2) شەرت رايى «سار/سەر» دىكى « ر » نىڭ چۈشۈپ قىلىشى. 11 — ئەسىردىن 13 — ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا «سا/سە» دىگەن بۇ شەكىل مەيدانغا كەلگەن ۋە «سار/سەر» بىلەن بىرلا ۋاختىتا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان. مەسلەن: «ئالتۇن يارۇق»، «شىۋەنجۇاڭ ( سامتسۇ ئاچارى) نىڭ تەرجىمە ھالى»، ئىدىقۇت قاغانىنىڭ توھپە يادنامىسى». «مائىترى سىممىت» دا يەنىلا «سار/سەر» شەكلى قوللۇنۇلغان. «تۈركى تىللار دىۋانى»، «قوتادغۇ بىلىگ»، «ئەتەبەتۇلھايىق» دا «سا/سە» شەكلى قوللۇنۇلۇشقا باشلىغان، يوقۇردىكىيازما يادىكارلىقلاردا «سا/سە» شەكلىنىڭ ئىشلىتىلىش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، بۇنىڭ جەنۇبى شىنجاڭدا بالدۇرراق، شىمالى شىنجاڭدا كېيىنرەك قوللۇنۇلغانلىقى مەلۇم. 15 — ئەسىرگە كەلگەندە «سار/سەر» شەكلى قوللۇنۇلمايدىغان بولغان.

(3) ئۈزۈك تاۋۇش ئالدىكى ياكى سوز ئاخىردىكى « ر » نىڭ چۈشۈپ قېلىشى

| قەدىمقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا | | ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا |
|---|---|---|
| ئوردەك | 鸭 | ئودەك |
| ئورغاق | 镰刀 | ئوغاق |
| قارغا | 乌鸦 | قاغا |
| تەرس | 难 | تەس |
| با(ر) | 有 | بار |

(4) ئۈزۈك تاۋۇش «ت» نىڭ ئالدىدىكى «ل» نىڭ چۈشۈپ قىلىشى (بۇ پەقەت ئېغىز تىلىدا چەكلىنىدۇ.)

| قەدىمقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا | | هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا |
|---|---|---|
| كەلتۇر | 拿来 | كەتۇر |
| ئولتۇر | 坐 | ئوتۇر |
| ئۆلتۇر | 杀 | ئۆتۇر |

هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئېغىز تىلىدا، «ل» بىلەن ئاخىرلاشقان پېئىل ئۇزەكلىرىنىڭ كەينىگە سۈپەت پېئىل قوشۇمچىلىرى «- غان- گەن» ئۇلانغاندا، ئۇزۇك تاۋۇش «ل» چۈشۈپ قالىدۇ. مەسلەن:

| | | |
|---|---|---|
| كەل + گەن | كەگەن | 来的 |
| قال + غان | قاغان | 乘下的 |

بۇ خىل چۈشۈپ قېلىش ھادىسىسىنىڭ يۈز بېرىشىمۇ ئېھتىمال يوقۇرىدىكى ھادىسە بىلەن باغلىنىشلىق بولۇشى مۇمكىن.

4. تاۋۇشلارنىڭ كوپۇيىشى

قەدىمقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى يازما يادىكارلىقلاردىن بەزى سوزلەرنىڭ ئارلىغىدا بىرلا ئۇزۇك تاۋۇش بارلىغىنى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا كەلگەندە ئەنە شۇنىڭغا ئوخشاش بىر ئۇزۇك تاۋۇش كوپەيگەنلىگىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. مەسلەن:

| قەدىمقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا | | هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا |
|---|---|---|
| ئىسىگ | 热 | ئىسسىق |
| ئىكى ـ ئەكى | 二 | ئىككى |
| ئۇشاق | 细小的 | ئۇششاق |
| سەكىز | 八 | سەككىز |
| توقۇز | 九 | توققۇز |
| يېتى ـ يەتى | 七 | يەتتە |
| پىشىغ | 熟 | پىششىق |

بەزى تاۋۇشلا كوپۇيۇش ھادىسىلىرى 11- ئەسىردە باشلانغان، بەزى تاۋۇش كوپۇيۇش ھادىسىسى 15 - ئەسىرگە كەلگەندە ئاندىن باشلانغان ھەمدە ھەر ئىككى شەكىل بىرلا ۋاقىتتا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان. مەسلەن:

ئىكى - ئىككى؛ سەكىز - سەككىز ئوتتۇز

(Janos Eckmann: «چاغاتاي تىلى قوللانمىسى» 105- بەتكە قارالسۇن.)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

قەدىمقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا بەزى سوزلەر سوزۇق تاۋۇش بىلەن باشلانغان، تەرەققى قىلىپ كېيىنكى ۋاقىتلارغا كەلگەندە سوزنىڭ بېشىدا بىر ئۇزۇك تاۋۇش كۆپەيدى. مەسىلەن:

(1) «ي» قوشۇلغان سوزلەر

| | | |
|---|---|---|
| ئەم | يەم | 药 |
| ئىغلا | يىغلا | 哭 |
| ئىر | يەر | 北方 |
| Ir | Yir | |
| ئىراق | يىراق | 远 |
| Irak | Yirak | |
| ئىر | يىر | 歌 |
| ئىنچكە | يىنچكە | 细 |
| ئىغاچ | يىغاچ | 树 |
| Iqaq | Yiqaq | |

قەدىمقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «ر» بىلەن باشلىنىدىغان سوز بولمىغاچقا «ر» بىلەن باشلىنىدىغانلىكى قوبۇل قىلىنغان سوزلەرگە سوزۇق تاۋۇش «ئا» ياكى «ئە» قوشۇلغان. مەسىلەن:

| | | |
|---|---|---|
| ئەردەن | 珍宝 | (سانسكرت يېزىقىدا: راتنا) |
| ئەرىۋاد | 星 | (سانسكرت يېزىقىدا: رىۋاتى) |
| ئارشى | 仙人 | (سانسكرت يېزىقىدا: رىشى) |

(5) «ھ» قوشۇلغان سوزلەر.

| | | |
|---|---|---|
| [illegible] | [illegible] ھار- | 累 |
| ئۆپۆپ | ھۆپۆپ | 戴胜鸟，[illegible] |
| ئارى | ھەرە | 蜂 |

ئۇنىڭدىن باشقا، 8 — ئەسىردىن 14 — ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتىكى يازما يادىكارلىقلاردىن شۇ نەرسە بىلىنىدىكى، 3 — شەخس ئىگىلىك قوشۇمچىسى «sɪ/-si- ɪ/-i-» بىلەن كەلگەن ئىسىملارنىڭ كەينىگە كېلىش قوشۇمچىسى ئۇلانغاندا ئىگىلىك قوشۇمچىسى بىلەن كېلىش قوشۇمچىسىنىڭ ئارىلىقىغا كۆپۈنچە تاۋۇشى «ن» قوشۇلىدۇ. مەسىلەن:



Altun0q

| | |
|---|---|
| كوكمەن ئىچىنىدە | 在曲曼山里 |
| ئىسىنىگە | 到其同盟处 |
| ئۇشبۇ يارۇقلۇق ئاراسىندا | 在这霞光中 |
| | |
| قايۇسىنىگا | 给哪个 |

چاغاتاي تىلى دەۋرىدە «ـنـ» بىلەن كەلگەن ياكى «ـنـ» بىلەن كەلمىگەن شەكىللەر بىرلاۋاقىتتا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان، تەخمىنەن 15ـ ئەسىردىن كېيىن تاۋۇش «ن» ئاندىن يوقالغان. لېكىن بۇ خىل ھادىسەنىڭ قالدۇغى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ بەزى دىئالېكتلىرىدا يەنىلا ساقلىنىپ كەلمەكتە مەسىلەن: ئالدىندا......

5. ئورۇن ئالماشتۇرۇش

قىدىمقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى يازما يادىكارلىقلاردىن بەزى سوز ئارىلىغىدىكى ئۇزۇك تاۋۇش فونېمىلىرىدا ئورۇن ئالماشتۇرۇش ھادىسىلىرى بولۇدىغانلىغىنى بايقىۋېلىش مۇمكىن. مەسىلەن:

| | | |
|---|---|---|
| ياغمۇر | يامغۇر | 雨 |
| چاغمۇر | چامغۇر | 蔓菁 |
| ئاغدۇق | ئاھغۇق | 稳匿的 |

تەرەققى قىلىپ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا كەلگەندە بەزى سوز ئارىلىغىدىكى سوزۇق تاۋۇش فونېمىلىرىدىمۇ ئورۇن ئالمىشىش ھادىسىلىرى يۈز بەردى. مەسىلەن:

| | | |
|---|---|---|
| ئاغۇ | ئوغا | 毒物 |
| ئەچكۇ | ئۇچكە | 山羊 |

بەزى دىئالېكتىلاردا يەنە سوز ئارىلىغىدىكى ئۇزۇك تاۋۇش فونېمىلىرى ئوزئارا ئورۇن ئىگىشىدىغان ھادىسىمۇ بار. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| ئۇيغۇر | ئورغۇي |

6. بوغۇم تۈزۈلۈشى.

قىدىمقى ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ بوغۇم تۈزۈلۈشى (قوبۇل قىلىنغان سوزلەردىن باشقىلار) بىر-بىرگە ئوخشاشتۇر. بۇنىڭدا تۆۋەندىكىدەك 6 خىل بوغۇم تۈزۈلۈش تىپى بار. بۇنىڭدىن ئالدىنقى ئىككى خىلى ئوچۇق بوغۇم، كېيىنكى تۆت خىلى يېپىق بوغۇمدۇر. مەسىلەن:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قەدىمقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا

| | | |
|---|---|---|
| سوزۇق تاۋۇش | ئى (I) | 树 |
| ئۇزۇك تاۋۇش + ئۇزۇك تاۋۇش | كۈ | 消息 |
| سوزۇق تاۋۇش + ئۇزۇك تاۋۇش | ئىل | 国家人民 |
| سوزۇق تاۋۇش + ئۇزۇك + ئۇزۇك تاۋۇش | ئانت | 誓言 |
| ئۇزۇك + سوزۇق + ئۇزۇك تاۋۇش | كۆز | 眼睛 |
| ئۇزۇك + سوزۇق + ئۇزۇك + ئۇزۇك تاۋۇش | بارس | 虎 |

هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا

| | | |
|---|---|---|
| سوزۇق تاۋۇش | ئۇ | 他（她、它） |
| ئۇزۇك + سوزۇق (تاۋۇش) | يا | 弓 |
| سوزۇق + ئۇزۇك (تاۋۇش) | ئۈچ | 三 |
| سوزۇق + ئۇزۇك + ئۇزۇك (تاۋۇش) | ئالد | 前面 |
| ئۇزۇك + سوزۇق + ئۇزۇك (تاۋۇش) | بىل | 知道 |
| ئۇزۇك + سوزۇق + ئۇزۇك + ئۇزۇك(تاۋۇش) | تورت | 四 |

٧. ئۇرغۇ

قەدىمقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا سوز ئۇرغۇسىنىڭ هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكىدەك، سوزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بوغۇمى ئۈستىگە چۈشىدىغان — چۈشمەيدىغانلىقى توغرىسىدا ئالىملارنىڭ قارىشى ئوخشاش ئەمەس. بەزىلەر قەدىمقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ سوز ئۇرغۇسى سوزنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىغا چۈشىدۇ، دەپ قارىسا، يەنە بەزىلەر قەدىمقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ سوز ئۇرغۇسى سوزنىڭ بىرىنچى بوغۇمىغا چۈشىدۇ دەپ ھىساپلايدۇ. قىسقىسى بۇ ھەقتىكى پاراڭ ھەر خىل بولۇپ، بىر پىكىرگە كېلىنگىنى يوق. مېنىڭچە بىرىنچى خىل پىكىر بىر قەدەر ئورۇنلۇق. چۈنكى هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دەل قەدىمقى زامان ئۇيغۇر تىلى ئاساسىدا راۋاجلانغان. شۇنىڭ بىلەن بىللە، تۈركىي تىللار تۈركۈمىدىكى هازىرقى زامان تىللارغا ئاساسلىنىپ ئېيتقاندا، سوزنىڭ ئۇرغۇسى، ئومۇمەن، سوزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بوغۇمى ئۈستىگە چۈشىدۇ، بۇنىڭدىن هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ قەدىمقى زامان ئۇيغۇر تىلى سوز ئۇرغۇسىنىڭ ئەنئەنىسىنى ۋارىسلىق قىلغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

× × × ×

قەدىمقى ۋە هازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقى فونېتىكىسىنى تەتقىق قىلغاندىن كېيىن شۇنداق دەپ ئېيتالايمىزكى،

هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكا سىستېمىسى قەدىمقى زامان ئۇيغۇر تىلى فونېتىكا سىستېمىسىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخى تەرەققىياتىنىڭ نەتىجىسىدۇر. گەرچە بۇ تىلنىڭ فونېتىكا سىستېمىسىدا نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەر بولغان بولسىمۇ لېكىن فونېتىكا سىستېمىسىنىڭ ئاساسى تاكى هازىرغىچە يەنىلا ساقلىنىپ كەلمەكتە. يۇقۇرىدا تىلغا ئېلىنغان قەدىمقى ۋە هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكا پەرقى توغرىسىدىكى تەتقىقات ئەھۋالى بۇ نوقتىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ.

فونېتىكا سىستېمىسىدا يۈز بەرگەن بۇ ئۆزگىرىشلەر فونېتىكا سىستېمىسىنىڭ تارىخى تەرەققىيات جەريانىدا بارغانسىرى مۇكەممەللىشىۋاتقانلىقىنىڭ نەتىجىسىدۇر.

شۇنىمۇ تەكىتلەپ كۆرسىتىش لازىمكى، بۇ ئۆزگىرىشلەر پەيدىن - پەي، ئۇزاق دەۋرىلەر مابەينىدە يۈز بەرگەن، بەزى كونا شەكىللەرنىڭ قالدۇقلىرى تا بۈگۈنگىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە.

قەدىمقى ۋە هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكا جەھەتتىكى پەرقىنى تەتقىق قىلىش، بىزنى بەزى فونېتىكىلىق هادىسىلەرنىڭ كېلىش مەنبەسى ھەققىدە تېخىمۇ چوڭقۇر ئىزدىنىش، بۇ فونېتىكا شەكىللىرىنى، بولۇپمۇ هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكا قائىدىلىرى ئارقىلىق چۈشەندۈرگىلى بولمايدىغان شەكىللەرنى تېخىمۇ چوڭقۇر بىلىۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ.

ناھايىتى كۆپلىگەن تارىخى تاۋۇش ئۆزگىرىش هادىسىلىرى ئارقىلىق فونېتىكا جەھەتتە يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەرنىڭ سەۋەبىنى تېپىپ چىقالايمىز. مەسىلەن، قەدىمقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا، قوش بوغۇملۇق سۆزنىڭ ئىككىنچى سوزۇق تاۋۇشى ئۇرغۇلۇق ئوقۇلىدىغان تار سوزۇق تاۋۇش ("ى" مىدى، ئېيىۋ) تاۋۇشىنىڭ تەسىرى ئاستىدا ئۇنىڭ ئالدىدىكى كەڭ سوزۇق تاۋۇش "ئا" ياكى "ئە" بولار ئىككى ئۆزۈك تاۋۇش تەۋرىنى-پىدىن ئايرىۋېتىلمىسىلا: ئاغرىغ) هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا "ئې"غا ئۆزگەردى: سارىغ ~ سېرىق. بۇ بىر ئەمەلىيەتتە قانۇنىيەتلىك ئۆزگىرىشتۇر. بۇ خىل قانۇنىيەتلىك تاۋۇش ئۆزگىرىش هادىسىلىرى هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا بىرخىل فونېتىكىلىق قانۇنىيەت بولۇپ قالدى. لېكىن يەنە بەزى بىر تارىخى تاۋۇش ئۆزگىرىش هادىسىلىرىگە كەلسەك، فونېتىكا جەھەتتە بىز ئۇنىڭ ئۆزگىرىش سەۋەبلىرىنى تاپالىمىدۇق. مەسىلەن: قەدىمقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا غ/گ بىلەن ئاخىرلاشقان سۆز ياكى سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا كەلگەندە كۆپ قىسىملىرى جاراڭسىزلىشىپ "ق/ك"گە ئۆزگىرىپ كەتتى. مەسىلەن: سارىغ ~ سېرىق، ئاغرىغ ~ ئاغرىق، كىچىگ ~ كىچىك، سۆزۈگ ~ سۆزۈك

قاتارلىقلار. بۇ خىل تاۋۇش ئۆزگۈرۈش ھادىسىلىرىنىڭ فونېتىكا جەھەتتىكى ئۆزگۈرۈش سەۋەپلىرىنى تېپىش قىيىن بولسىمۇ لېكىن ۋاقىت، رايون، شارائىت جەھەتلەردىن ئۆتكەندىكى ئالاھىدە سەۋەپلەرنى تېپىپ چىقىشقا بولىدۇ. مەسىلەن قەدىمدىن تار-تىپ ھازىرقى زامانغىچە بولغان بۇ تارىخى دەۋردە، ئىلى، تۇرپان رايونلىرىدىكى ئۇيغۇر تىلىدا غ/گ بىلەن ئاخىرلاشقان سۆز ياكى ياسىغۇچى قوشۇمچىلار بىردەك جاراڭسىزلىشىپ «ق/ك» گە ئۆزگۈرۈپ كەتكەن:

| ئىلىدا | تۇرپاندا | قەشقەردە | |
|---|---|---|---|
| قانداق | قانداق | قانداغ | 怎么样 |
| ئولاق | ئولاق | ئولاغ | 耕 畜 |
| ئۇرۇق | ئۇرۇق | ئۇرۇغ | 种 子 |
| كىچىك | كىچىك | كىچىك | 小 |
| كېرەكلىك | كېرەكلىك | كېرەكلىك | 需要的 |

شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز شۇنداق يەكۈن چىقىرالايمىزكى، قەدىمقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغىچە بولغان تارىخى تاۋۇش ئۆزگۈرۈشىدە جاراڭلىق تاۋۇشلارنىڭ جاراڭسىزلىنىشىغا قاراپ يۈزلىنىش ئەھۋالى ماۋجۇت.

ئومۇمەن قىلغاندا، فونېتىكىنىڭ تارىخى ئۆزگۈرۈشى ئايرىمچە ئەمەس، بەلكى بىر پۈتۈن بولىدۇ؛ قالايمىقان ۋە تەرتىپسىز ئەمەس، بەلكى قانۇنىيەتلىك بولىدۇ.

ئىزاھلار:

(1) لېنىن: «ماركىس، ئېنگېلىس ۋە ماركىسىزىم ھەققىدە» سوۋېت ئىتتىپاقى چەتئەل يېزىقىدىكى كىتاپلار نەشرىياتى ئىدارىسى. 1949 — يىل نەشرى. 407 — 408 — بەتلەرگە قارالسۇن.

(2) ئې (e) فونېمىسى مەسىلىسى توغرىسىدا تاكى ھازىرغا قەدەر تېخى ئىشەنچىلىكرەك ماتېرىيال چېلىقتۇرمىدىم. بەزى ئالىملار «ä» فونېمىسىنى «e» گە تىرانسكىرىپسىيىلەشتۈرۈپ يازغان، بەزى ئالىملار ä بىلەن e نى ئۆز-ئارا ئالماشتۇرۇپ يازغان س. ئې. مالوۋ ئۆزىنىڭ سۆزلۈكلەر جەدۋېلىگە e تاۋۇشىنى كىرگۈزگەن. مەسىلەن «ec‹ku›» (p.94) بىراق ئەسلى نۇسخىنىڭ 7 - قۇرىدا «ئى (1)» دەپ ئېلىنغان. مالوۋ ئۆزى ئۇنى تىرانسىكرىپسىيەلەشتۈرۈپ āc (εs) قىلىپ يازغان. (p.27). شۇنىڭ بىر ۋاقىتتا، مەيلى تۈرك يېزىقى ياكى قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقى ئالفاۋىت جەدۋىلىدە

بولسۇن، ئۇمۇمەن e تاۋۇشىنى بىلدۈرىدىغان ھەرىپ كۆرۈلمەيدۇ. مېنىڭچە سوزۇق تاۋۇش e نىڭ پەيدا بولۇشى كام دېگەندە 15 — ئەسىردىن كېيىن بولغان ئىش. ئۇ «اي» دىن پەيدا بولغان. (ي.ئېكمان «چاغاتاي تىلى قوللانمىسى» 37-بەت)

(3) mq — مۇيۇنچۇر يادنامىسى. رەقەم قۇر سانىنى كۆرسىتىدۇ. mk — «تۈركى تىللار دىۋانى» ئۇيغۇرچە نەشرى 1 — توم. رەقەم بەت سانىنى كۆرسىتىدۇ.

پايدىلانغان كىتاپلار:


(1) «قەدىمقى تۈرلۈك يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما... مەركىزى مىللەتلەر ئىنىستىتۇتى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى فاكولتېتى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن.

(2) ئا. م. شىرباك، «شىنجاڭنىڭ 10 — 13 — ئەسىرگە تەئەللۇق تۈركچە يازما يادىكارلىقلار گىراماتىكىسى»

4. مەھمۇت قەشقىرى: «تۈركى تىللار دىۋانى» ئۇيغۇرچە نەشرى. 1- توم.

5. س. ئې. مالوۋ: «قەدىمقى تۈركى يازما يادىكارلىقلار»

6. «قەدىمقى تۈرك تىلى لوغىتى»

7. ي. ئېكمان: «چاغاتاي تىلى قوللانمىسى»

8. گاۋمىڭكەي، شى ئەنشى: «تىلشۇناسلىق ھەققىدە ئومۇمى چۈشەنچە»

9. ماشويلىياك «تىلشۇناسلىق ھەققىدە ئومۇمى چۈشەنچە»

10. تىنشۇ: «تۈرك تىل تەتقىقاتىغا كىرىش سوز» خەنزۇچە.

11. گېلىشمەن، ئۇيغۇر ئەدەبى تىلىنىڭ تەرەققىياتى توغرىسىدا»

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ۋەتەن سۆيۈش-زوزۇڭتاڭنىڭ ئىدىيە يادروسى

لېنىن: ۋەتەنپەرۋەرلىك، «ئىنقىلاپ يىللار جەريانىدا مۇستەھكەملىنىپ كەلگەن، ئۆز ۋەتىنىگە بولغان بىر خىل چوڭقۇر ھېسسىياتتۇر.» («لېنىن ئەسەرلىرى» 28- توم. خەنزۇچە نەشرى، 168- بەت) دەپ كۆرسىتىدۇ. زوزۇڭتاڭنىڭ پۈتۈن ھاياتىدىكى سۆز ۋە ھەركەتلىرى ئەشۇنداق چوڭقۇر ھېسسىياتنى نامايان قىلىدۇ.

زوزۇڭتاڭ 3- ئەجدادىدىنچە شيۇسەي بولۇپ ئۆتكەن ئائىلىدە تۇغۇلغان. ئۆكۈز- دچىلارنىڭ تەرىقەت كىتاپلىرىنى تويغىچە ئوقۇغان، شۇڭا «قەلەمدار بولۇش ئەلەمدار بولۇشتىن ئەۋزەل»، دىگەن ئېتىقاتتا كۈچلۈك بېرىلگەن بولغاچقا، ئالدىن - كېيىن 3 قېتىم پايتەختكە بېرىپ ئىمتىھانغا قاتنىشىپ كېجۈي بولۇشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ ئۆتەلمەي، نىيىتىدىن ۋاز كەچكەن. ئەمما، چۈشكۈنلىشىپ كەتمىگەن. ئۇ ھېسسىياتىنى ئىپادىلەپ مۇنداق يازىدۇ:

يوق قولۇمدا يېرىم مو يەر، كۆڭلۈمدە بار چەكسىز ئاسمان.
ئوقۇپ چىقتىم تۈمەن كىتاپ مەلۇم بولدى قەدىم ئىنسان.
(«زوزۇڭتاڭ تورەمىنىڭ تەزكىرىسى» 1- توم. 11- بەت)

بۇ مىسرالاردىن ئۇنىڭ چۈشەنچىسىنىڭ ئايدىڭ، ئىنتىلىشچان ئىكەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ. ئۇ ئاكا - ئۇكا خېچاڭلىڭ، خېشىڭلىڭلارنىڭ تەربىيىسى ۋە تەسىرى بىلەن 17 يېشىدىن باشلاپلا يەر ناملىرى، جۇغراپىيىگە ئائىت ئىلىم ۋە لەشكىرى ئىلىمگە ئائىت - كىلاسسىك پەنلەر بىلەن تونۇشۇپ، تەتقىق قىلىشنى باشلىغان. ئۇ «تارىخى خاتىرىلەرنى ئوقۇش ۋە خاتىرىلەر»، «ھەر قايسى خانلىقلاردىكى كېسەللىكلەر ھەققىدىكى كىتاپ»، «توقۇمچىلىق توغرىسىدىكى ئىزمۇنى تەزكىرە»، «غەربى دىيار جۇغراپىيىسى» قاتارلىق كىتاپلار بىلەن تونۇشۇپ چىققان. «كىتاپلار جۇغلانمىسى» ئىچىدىكى كاڭشى خان ماتىرىياللىرى ۋە چيەنلۇڭ خان ئوردىسى ئىچىدىكى مەھكىمىسىنىڭ ھوججەتلىرى ھەمدە «دولەت ئوردىسى» قانۇنلىرىغا ئائىت ماتىرىياللارنى ئوقۇپ چىققان. ئۇنىڭ ۋەتىنىنىڭ چېگرىلىرى، تاغ - دەريالىرى ۋە مۇھىم قورۇللار، لەشكىرى قورغانلار قاتارلىقلار-

نىڭ ھەممىسىنى بەش قولدەك بىلىشى تۈپەيلىدىن چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى ۋە تارىختىكى مۇھىم خەرىتىلەرنى ئىخلاس بىلەن سىزىپ، ئىشلەپ چىققان. ئۇنىڭدىن باشقا تارىختىكى ھەننۇۋا لەشكىرى ۋەقەلەرنى تەپسىلىي، ماددىلارغا بولۇپ رەتلەپ چىققان. ئۇنىڭ تاغ - ئېدىرلاردىكى خەتەرلىك قورۇل - ئېغىزلار، قاتناش تۈگۈنلىرى قاتارلىقلارنى باپ، پاراگىراپلارغا ئايرىپ يېزىپ رەتلەپ چىققان كىتاۋىلا نەچچە ئون چوڭ توم كىتاپ بولۇپ، بۇنىڭ ئۆز ۋاقتىدا مول ئىلمىي قىممىتى بار ئىدى. مانا بۇلار ئۇنىڭ ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈشتەك چوڭقۇر ھېسسىياتىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

ئەمەلىيەتتە، بۇخىل يوكسەك ئىدىيىۋى ھېسسىيات خېلى بالدۇرلا، يەنى ئۇ بىرىنچى قېتىم پايتەختكە بېرىپ ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىگەن چاغدىلا مەلۇم بولغان ئىدى. ئۇ شۇچاغدىلا بىر شېئىر يېزىپ مۇنداق دىگەن:

يىلمۇ - يىللار غەربىي قاسناقتا يۈرەر لەشكەر ھېرىپ،<br>
مۇددىئاسى دۆلىتىمگە شان قوچۇش، غەرپنى ئېچىش.<br>
مىڭ تۈمەن توگە قاتار بولۇپ ئۇ ياقا ئاش توشار،<br>
بەك قېيىن مىڭ يىل بويى ياتقان باياۋاندا مېڭىش.<br>
قۇرۇلسا ئۆلكە ئازدىياتتى ئۇندىكى ئاۋارىلىق،<br>
بوز ئېچىلسا ھېچ زودۇر بولماس ئىدى ئاقچا چېچىش.<br>
لەشكەرى سەردار بىلىپ يەتسە ئىدى بۇ ئىشلىنى،<br>
ئوتتۇرا تۈزلەڭ ئۈچۈن ھاجەت ئەمەس ئالۋاڭ سېلىش.

يۇقارقى مىسرالار ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىگەن بولسىمۇ كۆڭلىگە پۈككەن ئارمىنىنىڭ كوپ ئىكەنلىگىنى ۋە ۋەتەن سويۈش ھېسسىياتىنى كورسىتىپ بېرىدۇ. بۇ شۇنداقلا ئۇنىڭ كېيىنكى ۋاقىتلاردا شىنجاڭنى قەتئىي قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈنمۇ ئىدىيىۋى ئاساس بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

1840- يىل ئەپيون ئۇرۇشى پارتلىدى. زوزۇڭتاڭ بۇچاغدا ئەنخۇۋا تاغلىق يېزىسىدا تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، ئۇرۇش ۋەزىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا يېقىندىن كوڭۈل بولۇپ تۇرغان. ئۇ چەتئەللەرگە ئائىت يېزىلغان قەدىمى ۋە شۇ ۋاقىتتىكى ماتېرىياللارنى قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلىپ، ئۇرۇش قىلىش، مۇداپىئەلىنىش مەسىلىلىرىنى مۇھاكىمە قىلغان. ئۇ ئەنگلىيىگە قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇشنى تەشەببۇس قىلاتتى ۋە ئالدىنقى سەپتە قارشىلىق كورسىتىۋاتقان لىن زېشۈي قاتارلىقلار بىلەن ئوخشاش نەپەس ئالاتتى. كېيىن، چىڭ خانىدانلىق قىلىپ دولەتكە نومۇس كەلتۈرگەندە ئۇ ئىنتايىن قاتتىق غەزەپلەنگەن. ئۇ بۇ مۇناسىۋەت بىلەن؛

www.uyghurkitap.com

رۇڭلار بىلەن بولغان ھېساپ قىلىنىمىدى،
چىلبۆرىلەر كەلدى يەنە ئەدەپ يېمەي.
(«زورۇڭتاڭ تورەمنىڭ تولۇق ئەسەرلىرى» 1- توم. 4-بەت.)

دەپ يېزىپ كۈچلۈك ھەسرىتىنى بىلدۈردى. ئۇ ئازاپلانغان بولسىمۇ قولىدا تىغ يوقلىقىنى، دۆلەتنى قوغداي دېسە ئىشكى يوقلىقىنى ھېس غەزىۋى تېشىپ مۇنداق شېئىر يېزىپ غەيرەت - جاسارىتىنى ئىپادىلىدى:

موللا - تالىپ بولغاندا قاراپ تۇرماي چارە يوق،
قانداق قىلىپ ئەل - يۇرتنى ئامان - ئېسەن قىلغۇلۇق؟
(«زوزۇڭتاڭ شېئىرلىرى» 4-بەت)

1842- يىلى، ۋېيۈەن ئەنگلىيەنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى ھېسسىياتى بىلەن غەزەپلىنىپ «مۇقەددەس جەڭنامە» دېگەن كىتابنى يازدى. كېيىن لىن زېشۈي مەسئۇللىقىدا «تۆت تەرەپ قەۋملەر تەزكىرىسى» دېگەن كىتاپ تەرجىمە قىلىنىپ پۈتكەندىن كېيىن كېڭەيتىلىپ «دېڭىز ئەتراپىدىكى دۆلەتلەرنىڭ جۇغراپىيىلىك تەزكىرىسى» دېگەن 100 جىلدلىق كىتاپ قىلىپ ئىشلەندى. زوزۇڭتاڭ بۇ كىتاپلارنى ئوقۇغاندىن كېيىن ۋەتەنپەرۋەرلىك قىزغىنلىقى تېخىمۇ ئۇرغۇپ تاشقان. 1865- يىلى ئۇ باش مەھكىمىگە يازغان خېتىدە: «جۇڭگو ئۆزىنى كۈچەيتىش سىياسىتى يۈرگۈزىشى لازىم. باشقۇرۇش ئىشلىرىنى ئىسلاھ قىلىپ، ئەسكەرلەرنى پۇختا مەشىق قىلدۇرۇپلا قالماي، پاراخوتلارنى ياساش كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا ياتلارغا تاقابىل تۇرغىلى بولىدۇ.» دەپ يازغان. («جۇڭگونىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى سانائەت تارىخى ماتېرىياللىرى» 1- بۆلۈم، 1- قىسىم 267- بەت) كېيىنچە ئۇ، فۇجۇ كېمىسازلىق مەمۇرى ئىدارىسى قۇرۇش توغرىسىدىكى مەخسىدىنى شەرھىلىگەندە: «غەرپتىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر پاراخوتتىكى زەمبىرەكلىرىگە تايىنىپ دېڭىزدا زومىگەرلىك قىلىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ بىساتىدا بار نەرسىلەرى بىزدە يوق. شۇڭا، بىزمۇ ئۇلاردىن ئۈستۈنرەك تۇرىدىغان تېخنىكا بىلەن ئۇلارنى توسۇشىمىز كېرەك.» («زوزۇڭتاڭ لىن‌ۋېي ئىشلىرىنىڭ ۋارىسى» دە كەلتۈرۈلگەن نەقىل. «نۇر گېزىتى» نىڭ 1982- يىل 6- ئۆكتەبىر سانى) دەپ يازغان. بۇنداق باشقىلارنىڭ تۇتقان يولى بىلەن باشقىلارنىڭ ئۆزىنى باپلاش روھى، شۇ چاغدىكى تارىخ ئېقىمىغا ئۇيغۇن بولغان ۋەتەنپەرۋەرلىكتۇر.

19- ئەسىرنىڭ 60- يىللىرىدا، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قوقان خانلىقى رۇسىيە، ئەنگلىيە جاھانگىرلىكى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ شىنجاڭغا تاجاۋۇز قىلىپ كىردى ھەمدە ياقۇپبەگنى قوللاپ ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەت تۇرۇپ، شىنجاڭنى بۆلۈۋېلىش خام خىيالىدا بولدى. بۇ ۋاقىتتا شەنشى گەنسۇ ئۆلكىلىرىنىڭ باش نازارەتچىسى ۋەزىپىسىنى

ئۆتەۋاتقان زوزۇڭتاڭ شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىش كېرەكمۇ ياكى كارى بولماسلىق كېرەك-
مۇ دېگەن مەسىلىدە، شىنجاڭنى قايتۇرۇۋېلىشنى تەشەببۇس قىلدى. 1875- يىلى ئۇ
ئالاھىدە ئەۋەتىلگەن ۋەزىر مەنسىۋى بىلەن شىنجاڭنىڭ ھەربىي ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا
تەيىنلەندى. قورۇلدىن چىقىش ئالدىدىلا ئۇ ئۆزىنىڭ قەلبىنى مۇنداق ئىزھار قىلغان:
«پەقىر ۋەزىر بولساممۇ، ئەسلىمەدىن پىرمۇللا – تالىپ ...... بۇ مەرتىۋە كەمىنىلەر-
گە بەك يۇقۇرى ئىنئام ...... ئۇزۇندىن بۇيان تىنچ – خاتىرجەم ئۆتۈشنى چۈشۈمدى-
مۇ خىيال قىلىپ ئارزۇ يۇمغا يېتەلمىدىم. ئەندى چېگرىدىن چىقىپ توھپە كۆرسىتى-
دىغان ئىمكانىيەت بەرگەن شەپقەتلىرىگە جاۋاپ بېرىشىم بەسى مۇشكۇل. كەمىنە ۋە-
زىرلىرى، يېشىم 65 دىن ئاشتى، ئەندىلىكتە مۇشەققەتلىك سەپەرنىڭ رىيازىتىگە بەرداش-
لىق بېرەلمەسمەنمىكىن، دەپ ئەنسىرەيمەن. شۇنداقتىمۇ، چېگرىدىكى جاپا – مۇشەققە-
ت ۋە قاقاسلىقلاردا ئىشلەشنى، كام ئېقىل بولسامىمۇ، قىلماي بولمايدۇ دەپ ئويلاپ-
مېنى كۈتۈپ تۇرغان مىڭلىغان قىيىن ئىشلارغا ئۆزەمنى ئاتىدىم ...... ئىلى ھازىر
رۇسىيىلىكلەرنىڭ ئىگەللىۋېلىشىدا تۇرۇپتۇ. قەشقەردىكى ھەرقايسى شەھەرلەرنى ئەنجا-
نلىقلار ئىگەللىۋالدى. ئىش مۇشۇ يەرگە يەتكەندە سوئال سوراپ قويمىساق كېلىپ
چىقىدىغان ئاقىۋەتتىن كۆڭۈلسىزلىكلەر تۇغۇلغۇسى. بۇ ئىشلا مېنى نەچچە يۈز چاق-
رىم يول ئۈستىدە تەشۋىشلەندۈرىدۇ، ئۇيقۇمنى قاچۇرىدۇ. شۇڭا كۆڭلۈمدىكىنى مەلۇم
قىلماي تۇرالمىدىم». («گۇاڭشۈي ئوردىسى. سەپەر خاتىرىلىرى» ئومۇمى بەتلەرنىڭ 200
ۋارىغى) ئۇ يەنە مۇنداق دېگەن: «بۇ جايلارنى قايتۇرۇۋېلىش، ئۇنىڭ چاقىرىم كېلى-
دىغان رۇڭلارنىڭ كونا ماكانىدا تەرتىپىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ھەممە مىللەت پۇخرا-
لىرىغا ئامانلىق بېرىش دېمەكتۇر. ئۇلارنىڭ ئۆرپى – ئادىتى، دىنى ئۆز بۇيىچە بو-
لسۇن. ئۇ يەرنىڭ باشقۇرۇلىشىنى ئوڭشاش، مالىيە كۈچىدىكى ئۇزۇندىن بۇيانقى
يېتىشسىزلىكنى ھەل قىلىش لازىم. ئىچكى بالايى – ئاپەتنى تىنجىتىش، پۇخرالارنى
ئەمگەك قىلىشقا ئويۇشتۇرۇش شىنجاڭنى ئاچقۇچىلار ئۈچۈن تولىمۇ قىيىن ئىش. كەمى-
نە ۋەزىر كام ئېقىل، ئىختىدارسىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە ياشىنىپ كۈچتىن قالدىم. ئىرا-
دەمنىڭ ۋە ئارزۇ يۈمنىڭ كەينىگە كىرىپ ئۆزەمنىڭ كۈچىمنى چوڭ ساناپ بۇ ئىش-
قا ھودە قىلىپ قالدىم. مۇبادا، ئويلىسام، بۇ ئىش ۋۇجۇتقا چىقماي قالسا، جاۋا-
پكارلىققا ئۆزگىلەر تارتىلىپ قالمىغاي..» («زوزۇڭتاڭ تورەمىنىڭ تولۇق ئەسەرلىرى» 15
– توم) زوزۇڭتاڭ ئەنە شۇنداق قايناق ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنىڭ تۈرتكىلىگىدە ھېرىپ –
چارچاپ مۇشەققەت چېكىشتىن قورقماي، چېدىر – بارگاھلارنى توشۇپ، قوشۇن باشلاپ
چىقىپ شىددەت بىلەن جەڭ قىلىپ ياقۇپبەگنىڭ ئەكسىيەتچى ھاكىمىيىتىنى بىراقلا
سۈپۈرۈپ تاشلىدى. شۇنىڭ بىلەن رۇسىيە، ئەنگلىيىنىڭ شىنجاڭنى ئىلىمىزدىن پار-

چىلاپ، ئايرىۋېتىش سۇيىقەستىنى بىت - چىت قىلدى.

جۇڭگو - فىرانسىيە ئۇرۇشى پارتلىغاندا، زوزۇڭتاڭ قاتارلىقلار ئەرزنامە سۇنۇپ ۋەتەن ساتقۇچ تەسلىمچى لىخۇڭجاڭنى ئەيىپلىگەن ئىدى. ئۇ بۇچاغدا 70 ياشقا كىرىپ قالغان بولسىمۇ، ئىلتىماس قىلىپ يۈننەنگە ئەسكەر باشلاپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ماۋىدا بولغان ئۇرۇشتىن كېيىن، ئۇ فۇجيەننىڭ ھەربى ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا تەيىنلىنىپ، فوجيەنگە لەشكەر باشلاپ باردى ۋە دۆلەتكە سادىق بولۇپ يالغۇز ئۆزى ۋەزىپە ئۆتەش قىيىنچىلىقىدىن قورقمىدى. ئۇ لىخۇڭجاڭ تەرەپدارلىرىدىن بولغان دېڭىز بويىدىكى باج ئېلىش ئامبىلىجىن دىكچىيەننىڭ فىرانسىيە بىلەن شەرتنامە ئىمزالاپ ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى تۈزگەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، ئورىدىغا نامە يوللاپ قارشى تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇزۇن ئۆتمەي، فىرانسىيىگە قارشى ئۇرۇشنىڭ ئالدىنقى سېپىدە، ئۇ كېسەل بولۇپ ئۆلدى. سەكراتتىكى چېغىدا ئۇ ئۆزىنىڭ ئىرادىسىنىڭ ئەمەلگە ئاشمىغانلىقىغا چوڭقۇر ئېچىنىپ: «بۇ قېتىمقى ئىشتا بىر نۆۋەت ئۇرۇش قىلىش ياكى يارىشىش، جۇڭگونىڭ كۈچلۈك ياكى ئاجىزلىقىنى كۆرسىتىدىغان چوڭ ئاچقۇچ ئىدى. كەمىنە ۋەزىرلەشكەر تارتىپ جەنۇپقا كەلگەن بولسامۇ، تېخى ئەدەپ بىرەلىگىدەك جەڭ قىلىپ دۆلىتىمىزنىڭ ھەيۋىسىنى ئۇستۇرەلمىدىم. ئۆتكەن پۈتۈن ئۆمرۈمگە ئەپسۇسلىنىمەن، كۆزۈممۇ يۇمۇلماي كېتىدىغان بولدى.» («چىڭ سۇلالىسى تارىخىغا ئائىت ئارگىناللار» 12034- بەت) دېگەن. بۇ ھەيۋەتلىك ۋەسىيەت «ئەپلىشىپ يارىشىشنى سوزلەيدىغان ئېغىز يۇمۇلسۇن» دەيدىغان ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ زوزۇڭتاڭ ئىدىيىسىنىڭ يادروسى ئىكەنلىكىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

(جوشويشۇن)

## زوزۇڭتاڭغا باھا بېرىشتە مېتودولوگىيە نۇقتىسىدىن سوزلەش لازىم

زوزۇڭتاڭ جۇڭگو يېقىنقى زامان تارىخىدىكى ئاتاغلىق شەخس. ئۇنىڭغا بېرىلگەن باھا تارىختىن بۇيان بىردەك ئەمەس. بۇ ماقالا تارىخى مېتودولوگىيە نۇقتىسىدىن قاراپ بۇ مەسىلە توغرىسىدا سوزلەپ ئۆتمەكچى.

1840- يىلىدىكى ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كېيىن، جۇڭگودا بۇرژۇئازىيە تۇغۇلۇشتىن ئىلگىرىكىچە بولغا ئارىلىقتا، جۇڭگونىڭ قالاقلىقتىن، بوزەك بولۇشتىن، ئاجىزلىق ۋە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشى ئۈچۈن بىرلا چىقىش يولى بار ئىدى. ئۇ بولسىمۇ چەتئەل كاپىتالىستىك جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ تاجاۋۇزىغا قەتئىي قارشىلىق كۆرسىتىش، شۇنداقلا، يەنە غەرپتىن ئۆگىنىپ ئۆزىنىڭ تەرەققىيات يولىدا مېڭىش. شۇنداق بولغانلىقى

ئۇچۇن، مۇشۇ دەۋردىكى تارىخى شەخسلەر ۋەتەننى سۆيۈش يـاكى ۋەتەن سېتىش، غەرىپتىن ئۆگىنىپ، ئۆز قىياپىتىنى ئىسلاھ قىلىش ياكى بـۇرۇنقىغا ئېسىلىۋېلىپ، فىئودالىزىم قالدۇق ئىسكىلىتلىرىغا ئۆلگىدەك يېپىشىۋېلىشتىن ئىبارەت مـۇشـۇ ئىككى خىل ئوبيېكتىپ ئولچەمنىڭ سىنىقىنى قـوبۇل قىلىشى كېرەك ئىدى. زوزۇڭتاڭ دەل مۇشۇ دەۋردە ياشىدى. بىز يۈزلىگەن، مىڭلىغان قېتىم ئۆزگىرىپ تـۇرغـان، شىددەت بىلەن پىقىراپ تۇرغان مۇشۇ تارىخ قاينىمىدا زوزۇڭتاڭنىڭ قانداق ئويۇنلارنى قويغانلىقىغا قاراپ باقايلى.

تۇڭجىز، گۇاڭشۈي يىللىرىدا، جۇڭگو ئېغىر مىللى بوھرانغا دۇچ كـەلگەن ئىدى. شەرقى جەنۇبى دېڭىز ياقىلىرىدا، ئەنگىلىيە، فىرانسىيە قاتارلىق دۆلەتلەر تـوپچى پاراخوتلىرىنى ئىشقا سېلىپ، جۇڭگونىڭ دەرۋازىلىرىنى توپقا تۇتۇش ئارقىلىق ئاچقاندىن كېيىن، ياپونىيىمۇ ئەسكەر ئەۋەتىپ تەيۋەنگە تاجاۋۇز قىلدى. غەربى شىمال چېگرىسىدا، چاررۇسىيە 1871— يىلى ئـۇشتۇمتۇت ئەسكەر چىقىرىپ ئىلىنى تاجاۋۇز ئارقىلىق بېسىۋالدى. ئەنگىلىيىمۇ پـۈتۈن كۈچى بىلەن جەنۇبى شىنجاڭنى تاجاۋۇز قىلىش ئارقىلىق بېسىۋالغان ياقۇپبەگ ھـاكىمىيىتىنى قوللىدى. غـەربى شىمال چېگرىسى ئېغىر خەۋپ ئىچىدە قىلىپ، ئـەنگىلىيە رۇسىيەلەرنىڭ بىزنىڭ شىنجاڭنىڭ چوڭ بىر پارچە زېمىنىنى يۇتۇپ كېتىش ۋەزىيىتى شەكىللىنىپ قالدى. مانا شۇنداق خەتەرلىك ۋاختىدا زوزۇڭتاڭ «چېگرىدىكى مـۇشەققەتلىك ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئېلىپ،» لى خۇڭجاڭ قـاتارلىق كىشىلەرنىڭ شىنجاڭدىن ۋازكېچىشنى تـەشەببۇس قىلىشتـەك جۆيلۈشلىرىنى چۆرۈپ تاشلاپ، لەشكەر باشلاپ غەرپكە سەپەر قىلىپ ئىككى يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ئىلى رايونىدىن باشقا شىنجاڭنىڭ پۈتۈن زېمىنىنى قايتۇرۇۋالدى. ئۇنىڭغا ئۇلاپلا، ئۇ پۇختا، ئاكتىپ ئۇرۇش تەييارلىقى كـۆرۈپ زىڭ جىزېنىڭ دىپلوماتىيە كۆرىشىگە ياردەم بەردى. ئەگەر سوھبەت بۇزۇلىدىغانلا ئىش بولسا، ئىلىنى قورال كۈچى بىلەن قايتۇرۇۋالماققا تەييارتۇرۇپ، ھەقىقى ۋەتەن سۆيۈش قىزغىنلىقىنى ئىپادىلىدى. مۇبادا زوزۇڭتاڭ كـۆكرەك كېرىپ چىقىپ چەتئەل تاجاۋۇزچىلىرى بىلەن جان تىكىپ كۆرەش قىلمىغان بولسا، ۋەتىنىمىزنىڭ ئەشۇ بىر بولەك يـاخشى زېمىنى بىزگە يات بولغان زېمىنگە ئايلىنىپ قـالغان، چاررۇسىيە بالدۇرلا يـۇيمەن قورۇلىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئاچكوزلۇك بىلەن شالىنى ئېقىتىپ قاراپ تـۇرغان بولار ئىدى. جاھانگىرلارنىڭ جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىشتىكى مـەخسىدى، جۇڭگونى ئۆزلىرىنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلاندۇرۇۋېلىشتىن، جۇڭگونىڭ تارىخىنى ئارقىغا قايتۇرۇۋېتىشتىن ئىبارەت. زوزۇڭتاڭنىڭ، ۋەتەن زېمىنلىرىنىڭ پـۈتۈنلىكىنى ۋە بىرلىكىنى قـوغدىشى، «قورقۇتۇشقا قارىتامدىرلىماي، ھىلىگەرلىك بىلەن ئالدىشىغا بوزەك بولماي تۇرىشى»،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە مۇستەقىللىقى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپە كۆرسەتكەنلىك بولىدۇ. بۇ ئوبېكتىپ جەھەتتە تارىخنى ئىلگىرىلىتىشتە چوڭ رول ئوينايدۇ

شۇنىمۇ كۆرۈش كېرەككى، يېقىنقى زامان دەۋرىدىكى جۇڭگودا، ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ مەزمۇنى بۇرۇنقىغا نىسبەتەن خېلى زور دەرىجىدە ئوخشاشماسلىققا ئىگە. يېقىنقى زاماندىكى جۇڭگو، چەتئەل كاپىتالىزمىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا ئۇچرىغانلىقتىن، زېمىن پۈتۈنلىكى ۋە بىرلىكىنى قوغداشلا كۇپايە قىلمايتتى. چەتئەلنىڭ بوزەك ئېتىشىگە ئېگىلمەيدىن قارشىلىق كۆرسىتىش بىلەن پاسسىپ ۋە خورلىنىش ۋەزىيىتىنى تۈپتىن بۇراش ئۈچۈن غەربتىن ئۆگىنىشكە، يېڭىلاش، تەرەققىي قىلدۇرۇش يولىغا مېڭىشقا توغرا كېلەتتى. 19‑ ئەسىرنىڭ 60‑ يىللىرىدا نوقۇل دىخانلار ئۇرۇشى قىلىش ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن، مىللىي بۇرژۇئازىيە تېخى باش كۆتۈرمىگەن بولغاچقا، غەربتىن ئۆگىنىش، يېڭىلاش، تەرەققىي قىلىش يولىدا مېڭىشتىن ئىبارەت ئېغىر مەسئۇلىيەت «چەتئەلپەرەس» لەرنىڭ زىممىسىگە چۈشكەن ئىدى. بۇنداق چەتئەللىكلەر بىلەن ئارىلىشىدىغان كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى، جۇڭگودىكى پومېشچىكلار سىنىپىنى 1‑ قېتىم پارچىلاپ تاشلىدى. شۇنداق قىلىپ، جۇڭگونىڭ يېقىنقى زامان سىياسىي، ئىقتىسادىي ئىسلاھاتىنى ئېلىپ بېرىشتا ئۇلار ھەممىدىن ئىلگىرى باشلامچىلىق قىلدى. زوزۇڭتاڭ دەل ئەشۇنداق ھەممىدىن ئاۋۋال چەتئەللىكلەر بىلەن بىرلىشىپ ئىش ئېلىپ بېرىش ھەركىتىنى تەشەببۇس قىلغۇچىلارنىڭ مۇھىم ۋەكىللىرىدىن بىرسى ئىدى. ئۇ دۆلەتنىڭ ئاجىز، قالاق ھالەتتە قېلىشىغا تەن بەرمىگەن، چەتئەل تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ ئىلغار قوراللاردىن پايدىلىنىپ كۆز ئالدىدا خالىغانچە زوراۋانلىق قىلىۋاتقىنىغا رازى بولۇشنى خالىمىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، جۇڭگو غەربكە يەتمەيدۇ، غەربتىن ئۆگىنىشكە بولىدۇ» («ئارخىپلاردىكى يازما» 107‑ جىلد 35‑ بەت) دەپ قارىغان. ئۇ، لىن زېشۈي، ۋېي يۈەنلەرنىڭ «ياتلارنىڭ قوشۇنىدىكى ئارتۇقچىلىقلاردىن پايدىلىنىپ ياتلارنى چەكلەش» ئىدىيىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ ئۇنى ئەمەلىيەتتە ئىزچىللاشتۇرغان، يەنى فوجۇدا كېمىسازلىق مەمۇرى ئىدارىسى، گەنسۇدا ياساپ ئىشلەش ئىدارىسى، لەنجۇدا توقۇمىچىلىق ئىدارىسى قاتارلىق ھەربىي ۋە خەلق لازىمەتلىك بويۇملىرى كارخانىلىرىنى قۇرغان. لى خۇڭجاڭ قاتارلىقلارنىڭ ھىمايىسىدىكى چەتئەل بىلەن شېرىك ئىش ئېلىپ بارغۇچى تۆرىلەرنىڭ بارلىق چارە ـ تەدبىر بىلەن مىللىي سانائەتنىڭ تەرەققىياتىنى چەتكە قېقىش ۋە چەكلىمىگە ئوخشىمايدىغىنى شۇكى، زوزۇڭتاڭ سودا ئىشلىرىنى دۆلەت باشقۇرسا، دولەت نازارەت قىلسا بولىدۇ، لېكىن ۋاقىتلىق شۇنداق باشقۇرۇش، ئۇزۇن داۋاملاشتۇرماسلىق كېرەك، دەپ قارىغان، ھۆكۈمەت تەرەپ «ئادەم ئەۋەتىپ

زاۋۇتلارنى ئىدارە قىلماسلىقى كېرەك» («رەتلەنگەن يازمىلار» 63- توم. 55- بەت) دەپ ئوتتۇرىغا قويغان. زوزۇڭتاڭ گەنسۇدا چەتئەل بىلەن شېرىكلىشىپ كارخانا باشقۇرۇۋاتقاندا ھېمىشە «سىناق» تەرىقىسىدە ئىشلەشنى تەكىتلىگەن. «ئەگەر ئۈنۈمى كۆرۈلسە، كېڭەيتىشنى كېڭىشىپ بېقىش» («ئارخىپلاردىكى يازما» 23- توم. 24- بەت) كېرەك دەپ ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇنىڭ دېمەكچى بولغىنى، ھۆكۈمەت باشقۇرۇپ سىناق قىلىپ بېقىش، ئۆلگە كۆرسىتىش ئارقىلىق سودىگەرلەرنىڭ باشقۇرۇشىغا يول ئېچىش بىلەن يېقىنقى زامان پەن تېخنىكىسىنى كېڭەيتىپ ئۈنۈم ھاسىل قىلىش رولىنى جارى قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغدا، زوزۇڭتاڭ غەربنىڭ يېقىنقى زامان سانائىتىنى باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى قوغداش ۋە ئىلگىرى سۈرۈش تەدبىرىگىمۇ ئېنتايىن قىزىققان. ئۇ: «ئەنگلىيىچە، فىرانسىيىدە سودىگەرلەر ئىگىلىك باشقۇرىدىكەن، دۆلەت باج ئالىدىكەن. ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالىنى دۆلەت ئەنگە ئېلىپ تۇرىدىكەن. ئەگەر دۆلەت باشتىلا مەبلەغ سالسا، سوددىدىن پايدا چىقىشىغۇ مەيلى، پايدا چىقمايدىغان بولسا ئەڭ ئاۋال زىيان تارتىدىغىنى دۆلەت بولىدۇ. سىرتىدا، ئىش باشقۇرغۇچىلەر ئىگىلىك باشقۇرۇپ، دۆلەت چارە ئىزدىگەندىن كۆرە، ئۆزى باشقۇرۇپ ئۆزى چارە ئىزدىگىنى ئەۋزەل. ئۆزى چارە تاپقاندا، دۆلەت چارە تېپىپ بەرگەندىن ئۈنۈمى كۆرەك بولىدۇ.» («ئارخىپلاردىكى يازما» 19- توم. 7- بەت) دېگەن. بۇ شۇنداق دېگەنلىككى، غەربتە دۆلەتلىرىنىڭ كۈچلۈك بولۇشىدىكى سەۋەب، ئۇلارنىڭ قوللانغان ئۇسۇلى «سودىگەرلەر ئىگىلىك باشقۇرۇپ، دۆلەت باج ئالغان» لىقتىن ئىبارەت، جۇڭگو غەربتىن كۈچلۈك بولۇش يولىنى ئۆگىنىش ئۈچۈن «ئۆزى چارە تېپىش» يولىدا مېڭىش لازىم. ھالبۇكى بۇ يول كاپىتالىزمغا ئېلىپ بارىدۇ. زوزۇڭتاڭنىڭ چەتئەل بىلەن شېرىكلىشىپ ئىش ئېلىپ بېرىشتىكى يېتەكچى ئىدىيىسى ۋە ئۇ ئاچقان شىرىكچىلىك كارخانىلارنىڭ ئىشلىرى، شۇ چاغدىكى جۇڭگونىڭ تارىخى تەرەققىياتىدىكى ئوبيېكتىپ ۋەزىيەتكە ئۇيغۇن ئىدى. ھەمدە بۇ ئوبيېكتىپ ۋەزىيەتمۇ ئىلغار، تۈرتكىلىك رول ئوينىغان ئىدى.

تارىخى ماتېرىيالىزىم شۇنداق قارايدۇكى، تارىخنىڭ تەرەققىياتىدا قايسى خىل رول ئويناش بىر كىشىنىڭ تۆھپە-گۇناھى، ھەق-ناھەقلىقىنى ئۆلچەشتىكى ئەڭ تۈپ كەمچەن. ئەگەر بىز ئەستايىدىللىق بىلەن مۇشۇ كەمچەن ئارقىلىق تارىخى شەخسلەرگە باھا بېرىدىغان بولساق، تۆۋەندىكىدەك خۇلاسە چىقارمىقىمىز قىيىنغا توختىمايدۇ: زوزۇڭتاڭ جۇڭگو يېقىنقى زامان تارىخىدا جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى سۆيىدىغان، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ قىياپەتنى يېڭىلايدىغان جاسارەتكە باي بىر پەرسە-پەردىلىك دىرامىمىغا رېژىسسورلۇق قىلدى. ئۇ، لىن زېشۈي بىلەن بىر سەپتە تۇرالى-

شى تامامەن مۇمكىن بولغان ئاتاغلىق ۋەتەنپەرۋەر. ئەلۋەتتە، زوزۇڭتاڭنىڭ ۋەتەن-
پەرۋەرلىكىمۇ ئېغىر سىنىپى چەكلىمىلىككە ئىگە ئىدى. ئۇ ۋەتەننى سۆيىدۇ، چىڭ سۇ-
لالىسىنىمۇ سۆيىدۇ؛ ئۇ ۋەتەننىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلىدۇ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇزۇن
مەۋجۇت بولۇشى ۋە ئەمىنلىكىنىمۇ ئارزۇ قىلىدۇ. شۇڭلاشقا، چەت دۈشمەنلەر تاجاۋۇز
قىلىپ كىرگەندە، پۈتۈن كۈچى بىلەن قارشىلىق قىلدى. دىخانلار قوزغىلاڭ كۆتەرگەن-
دە بولسا، غالجىرلارچە باستۇردى. ماركسىزىم بىزدىن تارىخى ۋەقەلەر ۋە تارىخى
شەخسلەرگە باھا بەرگەندە، ئۇلارنى ئۆز ۋاقتىدىكى تارىخى شارائىت ئىچىگە قويۇپ
تەكشۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. فېئوداليزىم جەمئىيىتىدە، پومېششىكلار سىنىپىنىڭ ۋەكىل-
لىك خاراكتېرىدىكى شەخسلىرى ئىچىدە دىخانلار قوزغىلىڭىنى باستۇرمىغىنى يوق.
ھالبۇكى، مىللەت مۇ قەرز بولىدىغان ئاچچىق پەيتلەردە تاجاۋۇزچىلار بىلەن قە-
تئىي كۆرەش قىلالىغانلىرى بولسا بىر نەچچىگىلا يېتىدۇ. بىز يوبفېيىنىڭ جۇڭشىياڭ،
ياڭ ياۋ باشچىلىقىدىكى دىخانلار قوزغىلىڭىنى باستۇرغانلىقى ئۈچۈنلا، ئۇنىڭ مىل-
لى قەھرىمانلىقىنى ئىنكار قىلالمايمىز. شۇنداقلا لىن زېشوي يۈننەندىكى ئاز سانلىق
مىللەتلەرنىڭ چىڭ سۇلالىسىغا قارشى كۆرىشىنى باستۇردى، دەپلا ئۇنىڭ يېقىنقى
زامان تارىخىدىكى باشلامچىلىق ئورنىنى ئىنكار قىلالمايمىز. ئۇنداق ئىكەن، زوزۇڭتاڭغا
باشقىچە تەلەپ قويۇپ، ئۇنى دىخانلار قوزغىلىڭىنى باستۇرغان جاللات دەپ، ئۇنىڭ
ئاتاغلىق تارىخى توھپىلىرىنى تەكىتلىمەيمىزمۇ؟

تارىخى ھادىسىلەر ئاجايىپ، مۇرەككەپ بولىدۇ. زوزۇڭتاڭنىڭ جۇڭگو يېقىنقى
زامان تارىخىدىكى ئورنىغا نىسبەتەن، بىز ئۇنى پەقەت ئۆز ۋاقتىدىكى كونكرېت
تارىخى مۇھىت ئىچىگە قويۇپ، ئۇنىڭ پۈتكۈل پائالىيەتلىرىدىن پەيدا بولغان ئوبيې-
كتىپ ئىجتىمائىي ئۈنۈمىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈشىمىز، يەنى ئۇ، تارىخ تەرەققىياتىدا
ئىلگىرىلىتىش رولىنى ئوينىغان ياكى توسالغۇلۇق قىلغانلىقىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈشىمىز لازىم.
شۇ چاغدىلا تارىخ چىنلىقىغا ئەڭ مۇۋاپىق كېلىدىغان توغرى باھا چىقارغىلى بولىدۇ.

«خۇنەن پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمى ژورنىلى»
83-يىل 3-سانىدىن سەمەت دۈگايلى تەرجىمىسى.

# هونلار جۇڭگودا ※

تۇرغۇن ئالماس

## 1 - هونلارنىڭ جۇڭگوغا كۆچۈپ كىرىشى

### غەربىي خەن دەۋرىدىكى كۆچۈش

مىلادىدىن 121 يىل بۇرۇن هونلار بىلەن خەن سۇلالىسى ئارىسىدا بولغان ئۇرۇشتا، هونلار مەغلۇپ بولۇپ، شۇ ئۇرۇشتا خەن سۇلالىسىنىڭ مەشھۇر سانغۇنى خوچۈبىڭ كەڭسۇنىڭ خېشى كارىدورىدىن هونلارنى قوغلاپ چىقارغان. شۇ چاغدا هونلارنىڭ تونيى خان ئاتلىق خانى 50 مىڭ هوننى ئەگەشتۈرۈپ كېلىپ خەن سۇلالىسىغا تەسلىم بولغان. يۇقۇردا ئېيتىپ ئۆتۈلگەندەك تەسلىم بولغان هونلار سەددىچىن سېپىلىنى ئىچىگە كۆچۈرۈلۈپ، گەنسۇ (كەڭسۇ)، شەنشى، سەنشى قاتارلىق ئۆلكىلەرنىڭ شىمالى قىسمىدىكى ۋىلايەتلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

قوغۇشار تەڭرىقۇت ھاكىمىيەت تالىشىش يۈزىسىدىن بولغان ئۇرۇشتا قېرىندىشى قۇتئۇشۇ تەڭرىقۇت تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇ مىلادىدىن 52 يىل بۇرۇن بىر نەچچە تۈمەن ئادىمىنى باشلاپ (بۇنىڭ 50 مىڭى ئاتلىق قوشۇن ئىدى.) خەن سۇلالىسىغا بېقىنغان. قوغۇشار مىلادىدىن 49 يىل بۇرۇن قۇتئۇشۇ تەڭرىقۇت موڭغۇلىيەدىكى هونلا پايتەختىنى تاشلاپ كەتكەندىن كېيىن، مىلادىدىن 43 يىل بۇرۇن هونلار پايتەختىگە قايتقان. قوغۇشار هونلار پايتەختىگە قايتقاندا ئۇزىگە ئەگىشىپ جۇڭگوغا كەلگەن هونلارنى باشلاپ كەتكەن بولسىمۇ، بىر قىسىم هونلار جۇڭگودا قېپ قالغان.

### شەرقىي خەن دەۋرىدىكى كۆچۈش

مىلادىنىڭ 48 ــ يىلى هون تەڭرىقۇتلىقى، شەرقى (ياكى جەنۇبى). شىمالى (ياكى غەربى) هوندىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا بۆلۈنۈپ كەتكەن. ئۇلارنىڭ شەرقى

※ بېشى ئۆتكەن سانلاردا

AltunOq

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

هون دەپ ئاتالغان قىسمى بەى تەڭرىقۇتنىڭ (خوخەيىنى 2 ــ نىڭ) يېتەكچىلىكىدە جۇڭگوغا بېقىنغان. مانا شۇ شەرقى هونلار، سەددىچىن سىپىلىنىڭ ئىچىگە كۆچۈپ كىرىپ، چېگرا بويىغا يېقىن بولغان ۋىلايەت، ناهىيىلەرگە ئورۇنلاشقان، شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ سانى 200 مىڭ بولسىمۇ كېيىن كۆپىيىپ ئاۋۇپ كەتكەن.

شەرقى هونلار مىلادىنىڭ 48 ــ يىلىدىن 216 ــ يىلغىچە (خەن سۇلالىسىغا قارام بولسىمۇ) هەر هالدا مۇستەقىل دولەت سۈپىتىدە ياشىغان. شەرقى هونلار دولىتى يوقۇردا ئېيتىپ ئۆتۈلگەندەك، مىلادىنىڭ 220 ــ يىلى ساۋشاۋتەرىپىدىن يوقۇتۇلۇپ، بولىشىمۇ بەش قىسىمغا (سول، ئوڭ، شىمال، جەنۇپ، ئوتتا،) بۆلۈنگەن هونلارغا قوغۇشار، (خۇخەيىنى 1 ــ) نىڭ نەۋرە ــ ئەۋرىلىرى يېتەكچىلىكىگە قويۇلغان. ئۇلارغا خەن ئەمەلدارلىرى نازارەت قىلىپ تۇرغانلىقى، خەن سۇلالىسى بىلەن ئارىلىشىپ ئولتۇرغانلىقى ئۈچۈن هون بەگلىرى فامىلىسىنى ليۇغا ئۆزگەرتكەن. مەسىلەن: سول قانات هونلارنىڭ يېتەكچىسى تىجىشى سوغۇ تەڭرىقۇت (195 ــ 188) نىڭ ئوغلى ليۇباۋ (279 ــ 216) ئىدى. ليۇباۋنىڭ ئوغلى ليۇيەنمۇ سول قانات هونلارغا 30 يىل (310 ــ 279) يېتەكچى بولغان.

سەددىچىن سىپىلىنىڭ ئىچىگە كۆچۈپ كىرگەن هونلار 19 ئۇرۇغدىن ئىبارەت ئىدى. هەر بىر ئۇرۇغ ئۆز ئالدىغا بىر قەبىلە ئىدى. مانا شۇ ئۇرۇغلار ئىچىدە توغا ئۇرۇغى ئەڭ ئىسىل ئۇرۇغ هىساپلىناتتى. توغالار ئورغۇن ئۇرۇغلارغا يېتەكچىلىك قىلاتتى.

فامىلىسىنى خەنسۇچە ليۇغا ئۆزگەرتكەنلەر توغا ئۇرۇغى ئىچىدىكى ئەڭ ئىسىل ئۇرۇغ ئىدى. ئۇلار ئەزەلدىن تارتىپ ئەنئەنىۋى ئابرۇيغا ئىگە بولۇپ، ئۇلارنىڭ چاقىرىق كۈچى ناهايىتى چوڭ ئىدى. مىلادىنىڭ 280 ــ يىللىرى جۇڭگودىكى هونلار ئاهالىسى بىرنەچچە يۈز مىڭ كىشىدىن ئاشقان.

### 2 ــ هونلارنىڭ جۇڭگودا قۇرغان دولەتلىرى

جۇڭگو تىرىتورىيىسىدە ئولتۇراقلاشقان هونلار 4 ــ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ 5 ــ ئەسىرنىڭ 50 ــ يىللىرىغىچە ئىلگىرى ئاخىرى بولۇپ، هون ــ توغا ،دولىتى (329 ــ 304)، هون دولىتى (350 ــ 319)، تۇبا هون دولىتى (431 ــ 407) هون قۇتقۇ دولىتى (460 ــ 397) قاتارلىق 4 دولەت قۇرغان. تۆۋەندە بۇ دۆلەتلەرنى قىسقىچە بايان قىلىمىز.

## هون - توغا دولىتى

مىلادىنىڭ 220 ــ يىلى، 427 يىل هۆكۈم سۈرگەن خەن سۇلالىسى تارىخ سەھنە

سىدىن غايىپ بولدى. شۇندىن باشلاپ جۇڭگودا ۋېي پادىشالىقى (220 — 265)، چۇ (221 — 265)، ۋۇ پادىشالىقى (222 — 280) دىن ئىبارەت ئۈچ دۆلەت پەيدا بولدى.

ميلادىنىڭ 280 ـ يىلىغا كەلگەندە ۋېي پادىشالىقىدىكى سىما ئۇرۇقىدىن بولغان سىمايەن ئىگىرى ـ ئاخىرى بولۇپ 3 دۆلەتنى يوقىتىپ جىن (265 — 420) سۇلالىسىنى قۇردى.

ميلادىنىڭ 291 ـ يىلى جىن سۇلالىسى ھوكۇمران گورۇھى ئوز ـ ئارا تەخت تالىشىپ ئىچكى ئۇرۇش باشلىدى. بۇ ئۇرۇش 16 يىل (291 — 306) داۋام قىلدى. سەككىز خان بىر ـ بىرى بىلەن ھايات ـ ماماتلىق ئۇرۇشلارنى قىلىپ، نۇرغۇن قانىنىڭ توكۇلىشىگە سەۋەپ بولدى.

ميلادىنىڭ 304 ـ يىلى ھون خانزادىسى ليۇيۈەن جىن سۇلالىسىدىكى ئىچكى قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلىنىپ قوشۇن تارتىپ چىقىپ باش كوتەردى. ئۇ ئۆزىنى خان دەپ جاكالىدى. ليۇيۈەن جىن سۇلالىسىغا قارشى ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلاردا غەلبە قىلدى. ميلادىنىڭ 308 ـ يىلى ئۆزىنى پادىشا دەپ جاكالىدى. پىڭ ياڭ (سەنشىدىكى لىنفىن ناھىيىسى) شەھىرىنى پايتەخت قىلدى. ليۇيۈەن ميلادىنىڭ 309 ـ يىلى لىۇجىڭ باشچىلىقىدىكى ھون قوشۇنلىرىنى ئىۋەتىپ لوياڭغا ھۇجۇم قىلدى. ھونلار يەنجىڭ ناھىيىسىدە ئەر ـ ئايال بولۇپ ئۈچ تۈمەندىن ئارتۇق ئادەمنى ئولتۇردى.

ميلادىنىڭ 310 ـ يىلى ليۇيۈەن ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ ئورنىغا ليۇسۇڭ پادىشا بولدى. ليۇسۇڭ ميلادىنىڭ 311 ـ يىلى لوياڭنى، 316 ـ يىلى چاڭئەننى بېسىپ ئالدى. جىن سۇلالىسى ھونلار تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلدى. جىن سۇلالىسىنىڭ خان جەمەتىدىكى بىر قىسىم خانزادىلار جەنۇپقا قاراپ قاچتى. ئۇلار ميلادىنىڭ 317 ـ يىلى جىنلىڭ (ھازىرقى نەنجىڭ) نى پايتەخت قىلىپ، تارىختا «شەرقى جىن» دەپ ئاتالغان دۆلەتنى قۇردى. باشتا ھونلار ئاغدۇرۇپ تاشلىغان جىن دۆلىتى تارىختا «غەربى جىن» دەپ ئاتالدى. غەربى جىن 52 يىل (265 — 316)، «شەرقى جىن» 104 يىل (317 — 420) ھوكۇم سۈرگەن.

ليۇسۇڭ ميلادىنىڭ 316 ـ يىلى پايتەختىنى پىڭياڭدىن چاڭئەنگە يوتكىدى. ئۇ چاڭئەنگە كېلىپ ئىككى يىلدىن كېيىن (ميلادىنىڭ 318 ـ يىلى) ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ ئورنىغا ليۇتسەن پادىشا بولدى.

ھونلار قۇرغان مانا شۇ دۆلەت 26 يىل ھوكۇم سۈرگەن. بۇ دۆلەتنى ھونلارنىڭ تۇغا ئۇرۇقى باش بولۇپ قۇرغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى «ھون ـ تۇغا دۆلىتى» دەپ ئاتىسا بولىدۇ. بۇ دۆلەتنى قېدىمقى چاغدىكى جۇڭگو تارىخچىلىرى ھەر خىل نام بىلەن «خەن»، «ئالدىنقى جاۋ» دەپ ئاتاشقان.

# ھون دولىتى

سەددىچىن سېپىلىنىڭ ئىچىگە كۆچۈپ كىرگەن ھونلارنىڭ ئون توققۇز ئۇرۇقتا بولۇنىدىغانلىقى باشتا ئېيتىپ ئۆتۈلگەن ئىدى. مانا شۇ ئۇرۇغلارنىڭ ئىچىدە قانقۇي دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئۇرۇغ بار ئىدى. بۇ ئۇرۇغنى قەدىمقى چاغدىكى جۇڭگو تارىخچىلىرى «جىيەن» دەپ يېزىشقان.

«جىيەن» لار ئۆزىنىڭ تالانتلىق باتۇر يېتەكچىسى غىجۇ باشچىلىقىدا كۈچلۈك دولەت قۇرغان. بۇ ھون دولىتى يوقۇرىدا بايان قىلىنغان ھون — توغادولىتى ئىچىدىن ئايرىلىپ ۋۇجۇتقا كەلگەن.

غىجۇ باشتا ھون — توغا دولىتىنىڭ سانغۇنلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ لىيۇيەن قۇرغان ھون دولىتىنىڭ كۈچىيىپ بېرىشىغا كوپ ھەسسە قوشقان. مىلادىنىڭ 318 — يىلى لىيوتىسەن پادىشا بولغان چاغدا غىجۇ ئىسيان كوتۈرۈپ ھازىرقى خېبەيدىكى شۈندىنى پايتەخت قىلىپ مۇستەقىل بولىۋالدى. غىجۇ 319 — يىلى ئۆزىنى خان دەپ جاكالىدى. غىجۇ بىلەن لىيۇتىسەن ئارىسىدا قاتتىق ئۇرۇشلار يۈز بەردى. غىجۇ مىلادىنىڭ 328 — يىلى ھون — توغا دولىتىنىڭ خانى لىيۇتىسەننى ئولتۇردى. غىجۇ بۇددىست بولۇپ، جۇڭگودا بۇددا دىنىنىڭ تېخىمۇ كەڭ تارقىلىشىغا كوڭۈل بولدى. ئۇنىڭ يېنىدا ھىندىستاندىن كەلگەن بۇدداچىن ئاتلىق بۇددا «ئەۋلىياسى» بار ئىدى. غىجۇ بۇدداچىننىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئاجايىپ ھەيۋەتلىك بۇددا ئىبادەتخانىلىرىنى سالدۇرغان.

غىجۇ مىلادىنىڭ 333 - يىلى ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇنىڭ جىيەنى شىخو غىجۇنىڭ ھەممە ئوغۇللىرىنى ئولتۇرۇپ، ئۆزى خان بولدى. ئۇ مىلادىنىڭ 349 - يىلى ئالەمدىن ئۆتتى. شىخۇنىڭ ئاسىراندى ئوغلى رۆەنمىن (خەنسۇ) ھون دولىتىنى يوقاتتى. جۇڭگو تارىخچىلىرى بۇ دولەتنى «كېيىنكى جاۋ دولىتى» دەپ ئاتىغان.

# توبا - ھون دولىتى

مىلادى 3 — ئەسىردىن باشلاپ 5 — ئەسىرگىچە بولغان ئۇزۇن بىر مەزگىلدە ھونلار بىلەن باشقا مىللەتلەرنىڭ چېتىشىپ كېتىشىدىن «توباھون» دەپ ئاتىلىدىغان ھونلار كېلىپ چىققان. تارىختا، «دادىسى ھون، ئانىسى سايىپىلاردىن تۇرەلگەن» لەرنى، شىماللىقلار «تۇبا ھون» دەيدۇ، دېيىلگەن.

تۇبا ھونلارنىڭ خانزادىلىرىدىن بىرى غىران بور — بور مىلادىنىڭ 407 — يىلى

تۇبا خۇن دۆلىتىنى قۇرغان. بۇ دۆلەتنى جۇڭگو تارىخىدا: «شىيا دۆلىتى» دەپ ئاتايدۇ. غىران بور — بور ناھايىتى شەپقەتسىز بىر زالىم ئىدى. ئۇ خەنسۇ تورەزادىلىرىنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ، ئۆز دۈشمەنلىرىگە قارشى قىلغان ئۇرۇشلاردا دايىم دىگۈدەك غەلىبە قىلغان. مىلادىنىڭ 410 — يىللىرى تۇبا خۇن دۆلىتى قۇدرەتلىك بىر دۆلەتكە ئايلانغان. غىران بور — بور مىلادىنىڭ 413 — يىلى خەلىقتىن 600مىڭ ئادەمنى ئىشلىتىپ، تۇڭۋەنچىڭ (ھازىرقى شەنشىنىڭ خىڭشەن ناھىيىسىدە) شەھرىنى سالدۇرۇپ، بۇ يەرنى پايتەخت قىلغان. بۇ يېڭى پايتەختنىڭ سېپىل ھولىنىڭ قېلىنلىغى 30 قەدەم، ئېگىزلىگى 15 مېتىر كېلەتتى. شەھەر سېپىلىنى ياساشتا ئىشلەتكەن تۇپا پىشۇرۇلغان، سېپىل قوپۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن سېپىل تېمىغا تۆمۈر بىگىزنى تىقىپ كۆرۈشكەن. ئەگەر سانچىلغان تۆمۈر بىگىز تامغا بىر سۇڭ كىرگەنلا بولسا سېپىلنى قوپارغانلا ئۆلتۈرۈلگەن. بىگىزنى تامغا سانچىغۇچىلار بىگىزنى تامغا كىرگۈزەلمىسە ئۇلارمۇ ئۆلتۈرۈلگەن. شەھەر ئىچىدىكى ئوردا سېپىلىنىڭ قېلىنلىغى 8 مېتىر كېلەتتى. ئوردا سېپىلىنىڭ پۇختا، چىڭلىغىدىن قېلىچ، پالتا قاتارلىق نەرسىلەرنى بولەشكىمۇ بولاتتى. غىران بور — بور پايتەختنى قوروپ چىققۇچى ئىشچى ۋە ئۇستىلاردىن بولۇپ ئاز دىگەندە بىر نەچچە مىڭ كىشىنى ئۆلتۈرگەن. ①

مىلادىنىڭ 417 — يىلى شەرقى جىن سۇلالىسىنىڭ مەشھۇر سانغۇنى لىيۇيۇ «كېيىنكى چىن دۆلىتى» (بۇ دۆلەتنى تىبەتلەر قۇرغان) نىڭ پايتەختى چاڭئەنگە بېسىپ كىرىپ «كېيىنكى چىن دۆلىتى» نى يوقاتقان. ئۇ 12 ياشلىق ئوغلى لىيۇيىجېڭنى نۇرغۇن قوشۇنغا باش قىلىپ چاڭئەننى ساقلاشقا قالدۇرۇپ، ئۆزى شەرقى جىن سۇلالىسىنىڭ خانلىق تەختىنى تارتىپ ئېلىش ئۈچۈن نەنجىڭگە كەتكەن. بۇ ئەھۋالنى بايقاپ يۈرگەن غىران بور — بور مىلادىنىڭ 418 — يىلى چوڭ قوشۇننى باشلاپ چاڭئەنگە ھوجۇم قىلغان. لىيۇيۇنىڭ چاڭئەننى قوغداشقا قالدۇرغان سانغۇنلىرى ئۆز — ئارا بىر — بىرىنى قىرىشقا كىرىشىپ كەتكەن. بۇنداق ئەھۋالدا قالغان لىيۇيۇجېڭ چاڭئەندىكى دۇنيا — دەپىنىلەرنى، چىرايلىق قىزلارنى بىر نەچچە مىڭ ھارۋىغا يۈكلەپ ۋە ئۇلتۇرغۇزۇپ، تۇڭگۇەنگە قاراپ قاچقان، غىران بور — بورنىڭ قوشۇنلىرى لىيۇيۇجېڭنى قوغلاپ كېلىپ ئۇنىڭ قوشۇنلىرىنى پۈتۈنلەي يوقاتقان. لىيۇيۇجېڭ قېچىپ قۇتۇلغان.

غىران بور — بور چاڭئەننى ئالغاندىن كېيىن ئۆزىنى پادىشا دەپ جاكالىغان. ئۇ مىلادىنىڭ 425 — يىلى ئالەمدىن ئۆتكەن. ئورنىغا ئوغلى غىرانچان پادىشا بولغان.

غىرانچان (425 — 427)، غىرانتىن (427 — 431) لار پادىشا بولغان مەزگىلدە، تۇبا خۇن دۆلىتى بىلەن شىمالى ۋېي پادىشالىغى (386 — 534) ئارىسىدا

www.uyghurkitap.com

ئوزلۇكسىز ئۇرۇشلار بولغان. 426 — يىلى شىمالى ۋى قوشۇنلىرى تۇڭۋەن شەھرىگە ھوجۇم قىلغان. چاڭئەننى بېسىپ ئالغان. 427 — يىلى تۇڭۋەننىمۇ بېسىپ ئالغان. غىرانچان گەنسۇدىكى تىيەنشۈي ناھىيىسىنىڭ غەربى، جەنۇبىغا قېچىپ كەتكەن. 428— يىلى شىمالى ۋي قوشۇنلىرى غىراننى ئەسىر قىلغان. غىرانچان ئەسىر چۈشۈپ كەتكەندىن كېيىن غىراندىن پادىشا بولۇپ، ئۇ گەنسۇدىكى فىڭياڭغا جايلىشىپ ئالغان. ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن شىمالى ۋي قوشۇنلىرى تارمار قىلىنغان، غىراندىن شىمالى ۋي پادىشالىغى بىلەن بىر نەچچە يىل ئۇرۇشقان. ئۇ 431 — يىلى غەربى چىن دولىتى (بۇ دولەتنى سايىبىلار قۇرغان) نى يوقاتقان. ئۇ شۇ يىلى بىر نەچچە مىڭ ئادەمنى باشلاپ خېشى كارىدورىغا كەتمەكچى بولغان. ئۇ خېشى كارىدورىغا كېتىش ئۈچۈن دەريادىن ئۆتۈۋاتقاندا شىمالى ۋي پادىشالىغىغا بېقىنىدىغان تۇيغۇتلار تەرىپىدىن يوقۇتۇلغان. ②

## ھون قۇتقۇ دولىتى

تارىخى سەۋەپلەرگە كورە، ھازىرقى گەنسۇنىڭ بەزى جايلىرىدا قەدىمقى چاغلاردىن باشلاپ ھونلار ياشاپ كەلگەن. مىلادىنىڭ 90 — يىللىرى غەربى ھونلارنىڭ ناھايىتى نۇرغۇن قىسمى ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربى ئاسىيانىڭ شىمالىغا كوچۈپ كەتكەندىن كېيىنمۇ يەنە شەرقىدە بىر قىسىم ھونلار تۇرۇپ قالغان. مانا شۇ شەرقىدە قالغان ھونلارنىڭ «لۇشۈي ھونلىرى» دەپ ئاتىلىدىغان قىسمى گەنسۇدا؛ «ھون قۇتقۇ دولىتى» نى قۇرغان.

قەدىمقى چاغلاردا ھونلارنىڭ دولەت تەشكىلىدىكى قائىدە بويىچە سول قول، ئوڭ قول قۇتقۇ دەپ ئاتىلىدىغان مەنسەپدارلار بولاتتى. لۇشۈي ھونلىرىنىڭ ئاتا — بوۋىلىرى سول قۇتقۇ مەنسىپىدە بولۇشقان ئىكەن. شۇڭا لۇشۈي ھونلىرىنىڭ خانلىرى «قۇتقۇ» دىگەن مەنسەپ ئاتالغۇسىنى ئوزلىرىگە فامىلە قىلىپ ئېلىشقان. لۇشۈي — ھازىرقى كوكنۇر (چىڭخەي) دىكى شىنىڭ شەھرىنىڭ غەربىدىكى بىر دەريانىڭ نامى، تارىخچىلار مانا شۇ دەريانىڭ ئەتراپىدا ياشىغان ھونلارنى «لۇشۈي ھونلىرى» دەپ ئاتاشقان.

لۇشۈي ھونلىرىنىڭ مەشھۇر خانى قۇتقۇ مونسۇن، مىلادىنىڭ 400 — يىلى گەنسۇدا ھوكۇمرانلىق قىلىدىغان دەنيە ئاتلىق سانغۇننى ئولتۇرۇپ، جاڭيىنى بېسىپ ئالىدۇ. قۇتقۇ مونسۇن خانلىق قىلغان مەزگىلدە (432 — 400 ) ھون قۇتقۇ دولىتى تازا كۈچىيىدۇ. ئۇنىڭ تېرتورىيەسى دائىرىسىگە گەنسۇنىڭ خېشى كارىدورى، كوكنۇرنىڭ بىر قىسمى، تارىم ۋادىسىنىڭ بىر قىسمى (لوپنۇر، تۇرپان ئويمانلىقى) كىرگەن.

قۇتقۇ مونسۇن مىلادىنىڭ 414 — يىلى گوزاڭ شەھرىنى بېسىپ ئالىدۇ. ئۇ



Altun

420 — يىلى غەربىي لىياڭ خانلىقى (گەنسۇنىڭ غەربىدە) نى يوقۇتۇپ، ئۇنىڭغا قاراشلىق 7 ۋىلايەتنى بېسىپ ئالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھون قۇتقۇ دۆلىتى غەربىي ئەللىرى ئارىسىدىكى قاتناش راۋانلىشىپ كېتىدۇ. قۇتقۇ مونسۇن قۇرغان دۆلەت بايلىقى مول بىر دۆلەتكە ئايلىنىدۇ. ئۇرۇش ھادىسىلىرى ئازىيىدۇ. دۆلەتتە بۇددا دىنى ئەۋج ئالىدۇ. قۇتقۇ مونسۇن گوزاڭ شەھرىنىڭ جەنۇبىدىن يۈز يول يىراقلىقتىكى تاغ قىيالىرىغا (بوگۈنكى ئۈرۈمچىدىكى تىيەن تىشەن تېغى قىياسىغا) بۇددا ئەۋلىياسى ساكىيامونىنىڭ چوڭ بۇتلىرىنى ياساتقۇزىدۇ. بۇنداق بۇتلار ناھايىتى ھەيۋەتلىك بولۇپ كىشىنى ھەيران قالدۇراتتى. قۇتقۇ مونسۇننىڭ بۇددا دىنىغا ئېتىقادى كۈچلۈكلىكىنى ئاڭلىغان ھىندىستانلىق مەشھۇر بۇددىست دىھارماراكشا ھون قۇتقۇ دۆلىتىگە كېلىدۇ. ئۇ باشتا كەشمىر، كۈچار قاتارلىق دۆلەتلەردە تۇرغان، كېيىن لوپنۇر ئەتراپىدىكى لولان خانلىقىغا كەلگەن. بۇددا مۇخلىسى بولغان لولان خانى دىھارماراكشانى ناھايىتى قىزغىن قارشى ئېلىپ، ئىززەت — ھۆرمەت بىلدۈرىدۇ.

تارىخى خاتىرلەرگە قارىغاندا دىھارماراكشا لولاندا تۇرغان مەزگىلدە خانىنىڭ سىڭلىسى بىلەن ناتوغرا مۇناسىۋەتتە بولغان ئىكەن. بۇ ئىش ئاشكارلىنىپ قالغاندا، دىھارماراكشا لولاندىن ئوغرىلۇقچە قېچىپ، قۇتقۇ مونسۇننىڭ قېشىغا كەلگەن. دىھارماراكشا قۇتقۇ مونسۇننىڭ ئىشەنچىسىگە ۋە ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغىنى ئۈچۈن ئۆزىنى سىرلىق كۆرسۈتۈپ، جىن - ئالۋاستىلارنى ئىشقا سېلىپ، خىلمۇ - خىل كىسەللەرنى داۋالاش ھەم كوپ ئوغۇل تۇغدۇرۇشنىڭ ھېكمەتلىرىنى بىلىمەن دەپ تونۇشتۇرغان. قۇتقۇ مونسۇن دىھارماراكشاغا، قىزلىرى، كېلىنلىرىگە، ئەر بىلەن ئايال ئارىسىدا بولىدىغان ئالاقىنىڭ سەنئىتىنى ئۆگۈتۈشنى تاپشۇرغان. ئۆزىنى ئەۋلىيا قىلىپ كۆرسەتكەن دىھارماراكشا پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قۇتقۇ مونسۇننىڭ قىزلىرى، كېلىنلىرىنىڭ ھەممىسى بىلەن ناتوغرى مۇناسىۋەتتە بولغان. دەل شۇ مەزگىلدە شىمالىي ۋېي پادىشاسى توباتاۋ ( 424 — 451 ) ھون قۇتقۇ دۆلىتىدە دىھارماراكشا ئاتلىق ئەۋلىيانىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپ قۇتقۇ مونسۇنغا ئەلچى ئەۋەتىپ ئەلچىلەر يىتىپ بارغان ھامان دىھارماراكشانى ئۇلارغا قوشۇپ شىمالىي ۋېي پادىشالىقىغا ئەۋەتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەگەر تەلەپ ئورۇندالمىسا توباتاۋ ئۆزى قوشۇن تارتىپ قۇتقۇ مونسۇن ئۈستىگە بېسىپ بارىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇلىدۇ. لېكىن قۇتقۇ مونسۇن توباتاۋنىڭ تەلەپلىرىگە پىسەنت قىلماي ئۇنى قەتئىي رەت قىلىدۇ. شىمالىي ۋېي ئەلچىلىرى قۇرۇق قول قايتىدۇ. ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي دىھارماراكشانىڭ ئېپلاسلىقى ئاشكارلىنىپ قالىدۇ. بۇنىڭدىن ناھايىتى غەزەپلەنگەن قۇتقۇ مونسۇن، يوغان كالتەك بىلەن دىھار ماراكشانى ئۇرۇپ قىيناپ ئۆلتۈرىدۇ.

قۇتقۇ مونسۇن مىلادىنىڭ 433 — يىلى ئالەمدىن ئۆتتىدۇ. ئورنىغا ئوغلى قۇتقۇمۇقان پادىشا بولىدۇ. قۇتقۇ موقان 7 يىل خانلىق تەختىدە ئولتۇردۇ. شىمالى ۋېي پادىشاسى مىلادىنىڭ 439 — يىلى ناھايىتى چوڭ كۆلەملىك قوشۇننى باشلاپ هون قۇتقۇ دولىتىگە هۇجۇم قىلىدۇ. قۇتقۇ مۇقان باشچىلىقىدىكى هون قوشۇنلىرى گوزاڭ شەھىرىنىڭ سىرتىدا بولغان ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولىدۇ. قۇتقۇمۇقان ئەسىر چۈشىدۇ. تۇباۋتاۋ 100 مىڭدىن ئارتۇق هوننى ئەسىر قىلىپ ئېلىپ كېتىدۇ. قۇتقۇمۇقان تۇباتاۋغا ئەسىرگە چۈشكەندە قۇتقۇ مونسۇننىڭ ئوغوي، ئارگۇ ئاتلىق ئوغۇللىرى بىر قىسىم هونلارنى باشلاپ دۇڭخۇاڭغا چېكىنىدۇ. ئاندىن ئۇلار 12 مىڭ كىشىنى باشلاپ دۇڭخۇاڭدىن غەربكە قاراپ يولغا چىقىپ، قۇم چۆللىرىدىن ئۆتۈپ لولانغا كەلگىچە 6000 كىشى ئۇسسۇزلۇقتىن ئۆلىدۇ. هونلارنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان لولان خانى بىر قىسىم ئاھالىنى باشلاپ چەرچەنگە قېچىپ كېتىدۇ. ئوغوي بىلەن ئارگۇ لولاندا بىر ئاز تۇرغاندىن كېيىن تۇرپانغا كېلىدۇ. تۇرپان هون قۇتقۇ دولىتىنىڭ بىر ۋىلايىتى بولۇپ ئۇ يەردە قۇتقۇ مونسۇننىڭ ئوغلى قۇتقۇپانتاي ۋالىلىق قىلاتتى. مىلادىنىڭ 440 — يىلىدىن باشلاپ هون قۇتقۇ دولىتىنىڭ پايتەختى تۇرپان بولىدۇ.

هون قۇتقۇ دولىتى تۇرپاننى پايتەخت قىلغاندىن باشلاپ ئاۋارلار بىلەن ئۇرۇشۇپ تۇردى. ئاخىرى هون قۇتقۇ دولىتى مىلادىنىڭ 460 — يىلى ئاۋارلار تەرىپىدىن يوقۇتۇلدى.

هون قۇتقۇ دولىتىگە 440 — يىلىدىن 460 — يىلغىچە ئوغوي، ئارگۇلار خان بولغان. ئارگۇ مىلادىنىڭ 460 — يىلى ئاۋارلار بىلەن بولغان ئۇرۇشتا ئۆلگەن. جۇڭگونىڭ قەدىمقى تارىخچىلىرى 60 يىل (400—460) هوكۇم سۈرگەن هون قۇتقۇ دولىتىنى „شىمالى لياڭ“ دەپ ئاتاشقان.

هونلار، جىيەلەر، سايىبىلار، چاڭلار، دىيلار (دۇ ئىككىسى تىبەت) نىڭ جۇڭگودا دولەت قۇرۇپ، هوكۇمرانلىق قىلغانلىقىنى جۇڭگونىڭ قەدىمقى تارىخچىلىرى „بەش خۇلارنىڭ جۇڭگونى قالايمىقان قىلغانلىقى“ دەپ ئاتاشقان.

تۆۋەندە هونلارنىڭ جۇڭگودا قۇرغان دولەتلىرىنىڭ ئەھۋالىنى قىسقىچە چۈشەندۈرىدىغان بىر جەدۋەلنى قوشۇمچە قىلىمەن.

| دۆلەت نامى | دۆلەتنى قۇرغۇچى | مىللىتى | پايتەختى | تېررىتورىيەسى | ھۆكۈم سۈرگەن ۋاقتى | قايسى دۆلەت يوقاتقان |
|---|---|---|---|---|---|---|
| ھون ـــ تۇغا دۆلىتى | لىيۇيۈەن | ھون | چاڭئەن | ھازىرقى خېبەي، سەنشى، خېنەن، شەنشىلەرنىڭ بىر قىسمى | 329 — 304 | ھون دۆلىتى |
| ھون دۆلىتى | غەجۇ | ھون | يە | ھازىرقى خېنەن، خېبەي، سەنشى، سەندۇڭ سەنشى، جاڭسۇ، ئەنخۇي، گەنسۇ، لىياۋنىڭ، خۇبېي، قاتارلىق ئۆلكىلەرنىڭ بىر قىسمى | 350 — 319 | رۇەنۋي |
| تۇباھون دۆلىتى | غەران بور ـــ بور | ھون | تۇڭۋەن | ھازىرقى شەنشىنىڭ شىمالى ۋە ئىچكى موڭغۇلنىڭ بىر قىسمى | 431 — 407 | تۈيغۇنلار |
| ھون قۇتقۇز دۆلىتى | قۇتقۇ مونسۇن | ھون | جاڭيې | گەنسۇنىڭ غەربىي كارىدورى، كوكنۇرنىڭ بىر قىسمى، لوپنۇر، تۇرپان. | 460 — 400 | ئاۋارلار |

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## يوقۇردىكى 4 دۆلەت خانلىرىنىڭ نەسەبنامىسى

### ھون توغا خانلىرى

| | | |
|---|---|---|
| 1 | لىيۇيۈەن | 304 — 309 — يىللار |
| 2 | لىيۇسۇڭ | 410 — 417 — يىللار |
| 3 | لىيۇتسەن | 418 — يىلى |
| 4 | لىيۇباۋ | 418 — 428 — يىللار |
| 5 | لىيۇشى | 429 — يىلى |

### ھون دۆلىتىنىڭ خانلىرى

| | | |
|---|---|---|
| 1 | غەججۇ(شەل) | 319 — 333 — يىللار |
| 2 | شىخۇڭ | 334 — يىلى |
| 3 | شىخۇ | 335 — 349 — يىللار |
| 4 | شىزۇن | 449 — يىلى |
| 5 | شىجەن | 450 — يىلى |

### ھون تۇبا دۆلىتىنىڭ خانلىرى

| | | |
|---|---|---|
| 1 | غەرانبور—بور | 407 — 424 — يىللار |
| 2 | غەرانچان | 425 — 427 — يىللار |
| 3 | غەرانتەن | 428 — 431 — يىللار |

هون قۇتقۇ دولىتىنىڭ خانلىرى

| | | |
|---|---|---|
| 1 | قۇتقۇمونسۇن | 400 — 432 — يىلار |
| 2 | قۇتقۇموقان | 433 — 439 - يىللار |
| 3 | قۇتقۇئۇغۇي | ؟ — 440 — يىللار |
| 4 | قۇتقۇئارگۇ | 460 — ؟ يىللار |

هونلارنىڭ بىر قىسمى تۇرلۇك سەۋەپلەرگە كورە سەددىچىن سىپىلى ئىچىگە كوچۇپ كىرىپ، جۇڭگودا يوقۇرىدا بايان قىلىنغان دولەتلەرنى قۇرۇپ بىر مەزگىل هوكۇمرانلىق قىلغان بولسىمۇ، ئاخىرىغا كېلىپ خەنسۇلار تەرىپىدىن ئاسمىلاتسىيە قىلىنىپ كەتكەن.

## هۇنلارنىڭ هاكىمىيەت تەشكىلى ۋەهەربى تۇزۇمى

مىلادىدىن 3 ئەسىر بورۇن ۋۇجۇتقا كەلگەن ئولۇق هون تەڭرىقۇتلىغى (ئىمپىراتۇرلىغى) ۋاقتىدا هونلارنىڭ ئىجتىمائى تۇزۇمىنىڭ قانداقلىغى هەققىدە هېلىغىچە تالاش — تارتىش مەۋجۇت. بەزى تارىخچىلار: هونلار قۇللۇق جەمىيەتتە ئىدى، دېيىشسە، يەنە بەزى تارىخچىلار: هونلار فىئودالىق جەمىيەتتە ئىدى، دېيىشىدۇ. هونلارنىڭ جەمىيەت خارەكتىرى زادى قانداق؟ مېنىڭچە ئۇ هەرگىزمۇ قۇللۇق تۇزۇمىدىكى جەمىيەت ئەمەس، ئىپتىدائى جەمىيەت تېخىمۇ ئەمەس، بەلكى يېرىم پاتىرىيارخاللىق تۇزۇمىدىكى يېرىم فىئۇداللىق جەمىيەت......! «تەڭرىقۇت- پۇتكۇل دولەت بويىچە ئەڭ ئالى هوكۇمران بۇلۇپ، ئۇنىڭ ئاستىدا فىئۇداللىق، سۇيۇرغاللىق تۇزۇمى يۇرگۇزۇلگەن». ③

هونلارنىڭ هاكىمىيەت تەشكىلى ۋە هەربى تۇزۇمىنىڭ خېلىموكەممەللىگىگە قارىغاندىمۇ، هونلارنىڭئىجتىمائىتوزۇمى بەزى،تارىخچىلارئېيتقانىدەكقۇللۇق تۇزۇمدە بولماستىن فىۇداللىقتۇزۇمدە ئىدى.بۇنداق ئەهۋاللارنى هونلارنىڭ ئوز زامانىسىغا يارىشا خېلى مۇكەممەلبولغانهاكىمىيەت تەشكىلىۋە هەربى تۇزۇمى ئارقىلىق كورۇشمۇمكىن.

Altun Oq

www.uyghurkitap.com

# 1 - ھونلارنىڭ ھاكىمىيەت تەشكىلى

## تەڭرىقۇتلۇق تەختىگە ۋارىسلىق تۈزۈمى

ھونلاردا تەڭرىقۇتلۇق تەختىگە تەڭرىقۇتنىڭ بىر تۇغقانلىرى ئەمەس، ئوغۇللىرى ۋارىسلىق قىلاتتى.

مىلادىدىن 210 يىل بۇرۇن باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ ئۆز ئاتىسى تۇمەن تەڭرىقۇتنى ئۆلتۈرۈشى، ھون ئۇرۇغچىلىق جەمئىيىتىنىڭ دېموكراتىك سىياسى تۈزۈمىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقى ۋە پادىشا مۇستەبىتلىك سىياسى تۈزۈمىنىڭ ۋۇجۇتقا كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىپلا قالماستىن، ھونلارنىڭ ئىجتىمائى ئىقتىسادىنىڭ تەرەققى قىلغانلىقىنىمۇ كۆرسىتىدۇ. باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ ئۆز ئاتىسى، ئۆگەي ئانىلىرىنى، ئۇكىلىرىنى، بويسۇنمىغان ھون ۋەزىرلىرىنى... ئۆلتۈرۈشى يېڭى تۈزۈم بىلەن كونا تۈزۈم ئارىسىدىكى كەسكىن كۈرەشنىڭ ئىنكاسى، باتۇرنىڭ تەڭرىقۇت بولۇشى، ئۇرۇغ ئەزالىرىنىڭ سايلاپ چىقىشى بىلەن ئەمەس، زورلۇق كۈچ بىلەن ھاكىمىيەت تارتىۋېلىپ، كونا تۈزۈمنى يوقۇتۇش ئارقىلىق بولغان. باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ ئاتىسى تۇمەن تەڭرىقۇتنى ئۆلتۈرۈپ، تەڭرىقۇت بولۇشى؛ ھونلارنىڭ جەمئىيىتى، سىياسىسىنىڭ ئالغا باسقانلىقى، ئىقتىسادىنىڭ تەرەققى قىلغانلىقىنىڭ روشەن بەلگىسى ئىدى. جەمئىيەت ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ھاكىمىيەت تەشكىلى، ئەمەلدارلىق تۈزۈمى مۇكەممەللىشىپ، قانۇن يۈرگۈزۈلۈپ، دۆلەت ھاكىمىيىتى مۇستەھكەم بىر ھالغا كەلگەن. (④)

ھونلاردا تەڭرىقۇتلۇق تەختىگە ۋارىسلىق قىلىش تۈزۈمىدە ئاتا ئورنىغا ئوغۇلنىڭ تەڭرىقۇت بولۇشى باتۇر تەڭرىقۇتتىن باشلاپ مۇقىملاشقان. تارىخى پاكىتلارنىڭ ئىسپاتلىشىچە؛ تۇمەن تەڭرىقۇتتىن (174 — 210) تارتىپ، باتۇر تەڭرىقۇت (210-174)كىيوك تەڭرىقۇت (174—161)، كونچىن تەڭرىقۇت (161 -126)، ئىل چىشىسى تەڭرىقۇت (126—114)ئۇۋي تەڭرىقۇت (114—105)، ئۇيىشىلۇر تەڭرىقۇت (108—105)، قولىغۇ تەڭرىقۇت (102 — 101) غىچە بولغان سەككىز تەڭرىقۇتنىڭ ئىچىدە قولىغۇ تەڭرىقۇتتىن باشقا

(ئويشىلۇرنىڭ تاغىسى ئىدى) ھەممىسى ئاتىسىنىڭ ئورنىغا تەگرىقۇت بولۇش تۈزۈمى بويىچە تەگرىقۇت بولغان. كېيىنكى چاغلاردا ھونلار ئىچىدە يۈز بەرگەن ھاكىمىيەت تالىشىشتىكى ئاساسى سەۋەپ ئاتا ئورنىغا ئوغۇلنىڭ تەگرىقۇت بولۇش تۈزۈمىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. مىلادىدىن 60 يىل بۇرۇن شولۇي قانقۇي تەگرىقۇت (60 — 68) ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن باشلانغان ئىچكى ئۇرۇشلار يەنە شۇنىڭغا ناھايىتى ئوبدان مىسال بولىدۇ. چۈنكى شۇ چاغدا چۈڭئالچى جانقۇي ئوكىسى تاۋۇنچى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئوڭ قول بىلگە خان توجۇتاننى ئويانغۇتى تەگرىقۇت نامىدا تەختىكە چىقارغان. ئەسلىدە ھونلارنىڭ ھاكىمىيەت تەشكىلى قائىدىسى بويىچە شولۇي قانقۇي تەگرىقۇتنىڭ ئورنىغا، ئۇنىڭ ئوغۇللىرىدىن بىرى تەگرىقۇت بولۇشى لازىم ئىدى.

## ئەمەلدارلىق تۈزۈمى

باتۇر تەگرىقۇت بولغاندا ئەڭ ئەۋۋەل دۆلەتنىڭ ھاكىمىيەت تەشكىلىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈشكە كىرىشكەن. ئۇ دۆلەتنى باشقۇرۇشتا يىگىرمە تۆت خىل دەرىجىگە بۆلۈنگەن ئەمەلدارلىق تۈزۈمىنى ئورناتتى.

تەگرىقۇت ھونلاردا ئەڭ ئالى ھوكۇمران ئىدى. تەگرىقۇت دېگەن سۆز «خۇدانىڭ ئوغلى» ياكى «خۇدانىڭ بەختى» دېگەن مەنانى بىرەتتى. تارىخى مەلۇماتلار («تارىخى خاتىرلەر» ۋە «خەن يىلنامىسى») ئاساسلانغاندا، مىلادىدىن 265 يىل بۇرۇن «ھون تەگرىقۇتى» دېگەن نام تىلغا ئېلىنىدۇ. ئىسمى نامەلۇم بولغان بۇ تەگرىقۇتنىڭ تىلغا ئېلىنىشى ھونلارنىڭ ئەڭ قەدىمقى چاغدىن تارتىپ ئۆز خانلىرىنى «تەگرىقۇت» دەپ ئاتىغانلىقى مەلۇم. سىماچەن ھونلارنىڭ چوڭقۇي ئاتلىق خانى ئۈستىدە توختۇلۇپ، ئۇنى «ھونلارنىڭ بوۋىسى» دەيدۇ. تارىخى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، چوڭقۇي مىلادىدىن 1766 يىل بۇرۇن ئۆتكەن. ⑤ شۇنداق بولغاندا، ھونلارنىڭ بوۋىسى ھېساپلانغان چوڭقۇي بۈگۈنكىدىن 4000 مىڭ يىل بۇرۇن ياشىغان ئىكەن. بىر قەدەر ئىشەنچىلىكرەك تارىخى خاتىرلەردە ھون تەگرىقۇتلىرىنىڭ نامى تۈمەن تەگرىقۇت (220 — 240) دىن باشلاپ تىلغا ئېلىنىشقا باشلىغان.

باتۇر تەگرىقۇت (ئۇغۇزخان) تەگرىقۇتتىن باشقا يەنە 24 خىل دەرىجىگە بۆلۈنگەن ئەمەلدارلىق تۈزۈمىنى ئورنۇتۇپ، دۆلەتنى باشقۇرۇش ئۈچۈن خانلار، بەگلەرنى تەيىنلىگەن. مەسىلەن:

1 ) سولقول بىلگە خان. 2 ) ئوڭ قول بىلگە خان. 3 ) يابغۇ(باشۋەزىر).

www.uyghurkitap.com

4 ) سولقول قۇتىغۇ.
5 ) ئوڭ قول قۇتىغۇ
6 ) سولقول خان.
7 ) ئوڭقول خان.
8 ) سولقول ئۇلۇغ سانغۇن.
9 ) ئوڭقول ئۇلۇغ سانغۇن.
10 ) سولقول ئۇلۇغ تۇتۇق بەگ.
11 ) ئوڭقول ئۇلۇغ تۇتۇق بەگ.
12 ) سولقول ئۇلۇغ غەزىنە بېگى.
13 ) ئوڭقول ئۇلۇغ غەزىنە بېگى.
14 ) باتىس خان.
15 ) تۇمەن بېشى.
16 ) مىڭبېشى.
17 ) يۈز بېشى.
18 ) ئون بېشى ... قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

تەڭرىقۇت ئالى ھوكومران سۈپىتىدە دولەتنىڭ ھەربى، مەمۇرى ۋە تاشقى سىياسىتىدىكى بارلىق چوڭ ھوقۇقلىرىنى يابغۇ (باش ۋەزىر) سولقول قۇتىغۇ، ئوڭقول قۇتىغۇ (ۋەزىرلەر) ئاتلىق ۋەزىرنىڭ ياردەمچىلىكىدە يۈرگۈزەتتى. قۇتىغۇلار بولسا ھونلاردا ئىسىل ئۇرۇغ ھىساپلىنىدىغان غۇيان، لان، شابۇ قاتارلىق ئۈچ ئۇرۇغدىن تەيىنلىنەتتى. ھون تەڭرىقۇتلىرى ئوغۇللىرىنى مانا شۇ ئۈچ ئۇرۇغنىڭ قىزلىرىغا ئۆيلەندۈرەتتى.

غۇيان ئۇرۇغىدىن تەيىنلەنگەن قۇتىغۇلار تەڭرىقۇتنىڭ سول تەرىپىدە، لان، شابۇ ئۇرۇغىدىن تەيىنلەنگەن قۇتىغۇلار تەڭرىقۇتنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئولتۇراتتى.

باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ ۋاقتىدا ھون تەڭرىقۇتلىقىنىڭ پايتەختى ھازىرقى كوكخۇت شەھرى (ئىچكى موڭغۇلدا) نىڭ شەرقى جەنۇبىدىكى تەگرى بالىق ئىدى. كېيىنچە ھونلار پايتەختىنى ئۇرخۇن دەرياسىنىڭ شەرقى قىرغىقىدىكى خوشو سايدام كولىنىڭ بويىغا يوتكەپ كەتكەن. تەڭرىقۇت، ئالچى (خانىش) پايتەختتىكى ئوردىدا تۇراتتى.

باتۇر تەڭرىقۇت ھون تەڭرىقۇتلىقىنىڭ تېرتورىيەسىنى 4 قىسىمغا بولۇپ باشقۇرۇشنى يولغا قويغان. تەڭرىقۇت ھونلار تېرتورىيەسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنى ئوزى بىۋاستە باشقۇراتتى. تەڭرىقۇتنىڭ ئوز ئوغۇللىرىدىن تەيىنلەنگەن سولقول بىلىگە خان ھونلار تېرتورىيەسىنىڭ شەرق قىسمىنى باشقۇراتتى. ئۇنىڭ ئايرىم ئوردىسى بولۇپ ئورنى قورۇلۇن دەرياسى (ھازىرقى تاشقى موڭغۇلىيەدە) نىڭ يوقۇرقى ئېقىمىدا ئىدى. سول-

قول بىلگە خان باشقۇرىدىغان تىرتورىيەنىڭ شەرقى ئۇلۇق ئوكيان قىرغاقلىرىغا سوزۇلغان ئىدى. ئۇ ئاساسەن بويسۇندۇرۇلغان توڭگۇسلار ئۈستىدە ھوكۇمرانلىق قىلاتتى.

ئوڭقول بىلگە خان (بۇمۇ تەڭرىقۇتنىڭ ئوغۇللىرىدىن تەيىنلىنەتتى.) ھونلار تىرتورىيەسىنىڭ غەربى قىسمىنىڭ شەرقى رايونلىرىنى باشقۇراتتى. ئۇنىڭ ئوردىسى ئۇلاستايدىكى خاڭگەي (تاشقى موڭغۇلىيەنىڭ غەربىدە) تاغلىرىنىڭ ئىچىدە ئىدى. ئۇ باشقۇرىدىغانجايلارنىڭ ئىچىگە ھازىرقى ئىچكى موڭغۇلىيەنىڭ ئالاسەن ئايمىقى، ئىرسىن ئايمىقى، تەڭرى تېغىنىڭ شىمالىدىكى جۇڭغار دالىسى، تارىم ۋادىسىنىڭ شىمالى قىسمى، سىلىنغا دەرياسى (تاشقى موڭغۇلىيەدە) نىڭ غەربى قىسمىدىكى توبدۇ قاتارلىق جايلار كىرەتتى.

سولقول، ئوڭقول بىلگە خانلاردىن قالسا، باتىس خان دەپ ئاتىلىدىغان خانلار ناھايىتى چوڭ ھوقۇققا ئىگە ئىدى. باتىس خان ھونلار تىرتورىيەسىنىڭ غەربى رايونلىرىنى (شەرقى تارىم ۋادىسىنىڭ ئوتتۇرا جەنۇبى قىسمىدىن تارتىپ غەربى كاسپى دېڭىزىنىڭ بويلىرىغىچە) باشقۇراتتى. ئۇنىڭ ئوردىسى ھازىرقى كورلا ئەتىراپىدا ئىدى. ئۇ تەڭرىقۇتقا ۋاكالىتەن ھوكۇم يۈرگۈزەتتى.

ئۇرۇش ۋاقىتلىرىدا بولسا تەڭرىقۇتتىن تارتىپ، ئۇلۇغ غەزىنە بېگىگىچە بولغانلارنىڭ ھەممىسى قوشۇنلارغا يېتەكچىلىك قىلىپ ئۇرۇشقا قاتنىشاتتى. تۈمەنبېشى، مىڭبېشى، يۈزبېشىلار بولسا نۇقۇل ھەربى ئىشلارغا يېتەكچىلىك قىلاتتى.

## ھونلارنىڭ قانۇن تۈزۈمى

دونيادا قانداق تۈزۈمدىكى دولەت بولمىسۇن ئۇنىڭ ئۆز ھوكۇمرانلىقىنى يۈرگۈزۈش ئۈچۈن لازىم بولىدىغان قۇراللار ئىچىدە مۇھىم قۇرالنىڭ بىرى قانۇندۇر. قەدىمقى چاغلاردا دولەت پەيدا بولغاندىن تارتىپ، قانۇن — تۈزۈملەر ئورنۇتۇلۇپ ئىجرا قىلىنىشقا باشلىغان. ئېنگېلس مۇنداق دەپ يازىدۇ: „ئۇنىڭ ئورگانلىرى خەلق ئىرادىسى قۇراللىرىدىن مۇستەقىل ئورگانلارغا ھوكۇمرانلىق ۋە زۇلۇم ئورگانلىرىغا، خەلقنىڭ ئۆزىگە قارشى قارىتىلغان ئورگانلارغا — ئايلىنىدۇ.“ ⑥ چۈنكى دولەت تۈپ ماھىيىتى جەھەتتىن بىر سىنىپ يەنە بىر سىنىپنى ئېزىش قۇرالىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ھونلار مىلادىدىن بىر نەچچە ئەسىر بۇرۇنلا سىنىپى جەمىيەتكە كىرگەن. ئۇلاردا سىنىپى پەرقلەر ناھايىتى روشەن شەكىللەنگەن. 1924 — يىلى سېۋېت ئارخېلوگى كوزلوۋ تاشقى موڭغۇلىيەدىكى ھون خانلىرىنىڭ قەۋرىستانلىقىنى تاپقان. شۇ قەۋرىلەرنىڭ بىرىدىن، ھون خانى بىلەن بىللە كۆمۈلگەن قۇللارنىڭ جەسەتلىرى چىققان. بۇ پاكىت مىلادىدىن نەچچە ئەسىر بۇرۇنلا ھونلاردا سىنىپلار

www.uyghurkitap.com

نىڭ مەۋجۇتلىقىنى كۈچلۈك ھالدا ئىسپاتلايدۇ.

سىنىپى جەمئىيەتتە، ھۆكۈمران سىنىپ ئۆزىگە قارشى چىققانلارنى تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن چەكلەش ئۈچۈن ئەلۋەتتە قانۇن تۈزۈملەرنى بەلگىلەپ، ئۇنى ئىجرا قىلىدۇ.

سىماچەننىڭ «تارىخى خاتىرىلەر، ھونلار ھەققىدە قىسسە» ۋە يەنىشىگو (7-ئەسىردە ئۆتكەن) نىڭ «خەن يىلنامىسى» غا بەرگەن ئىزاھاتىدىكى خاتىرىلەرگە قارىغاندا، ھونلارنىڭ قانۇنى بويىچە:

① پىچاق كۆتۈرۈپ ئادەم ئۆلتۈرگەنلەرگە ئۆلۈم جازاسى بېرىلەتتى.

② ئوغۇرلۇق قىلغانلارنىڭ ئائىلىسىدىكى مال-مۈلۈك مۇسادىرە قىلىناتتى

③ جىنايەتچىلەرنىڭ جىنايەتلىرىگە (ئېغىر-يەڭگىللىكىگە) قاراپ جازا بېرىلەتتى. مەسىلەن: يەڭگىلرەك جىنايەت قىلغانلارنى (ئادەم ئۆلتۈرگەنلەردىن باشقىلارنى) باغلاپ، تاش ئۈستىدە يۇمۇلۇتۇپ، ئۆگە سۆڭەكلىرىنى غۇچ-غۇچ قىلىۋەتتى. ياكى ھوشۇقىنى چېقىپ تاشلايتتى.

④ ھونلارنىڭ قاماقخانىسىغا قامالغانلار 10 كۈندىن ئارتۇق ياتمايتتى. دۆلەتتىكى قاماقخانىلارنىڭ بىردىكى جىنايەتچى بىر نەچچە ئوندىن ئاشمايتتى ⑦

بۇنىڭغا قارىغاندا، ھونلاردا جىنايەتچىلەر ناھايىتى تېز بىر تەرەپ قىلىنىدىكەن.

تارىخى يىلنامىلاردا ھونلارنىڭ قانۇن تۈزۈمىگە دائىر ماتېرىياللار ئاز بولسىمۇ، يوقۇرىدىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا ھونلار قاماقخانىلارنى سالدۇرۇپ جىنايەتچىلەرنى قامىغان. ھونلارنىڭ جازا قانۇنلىرىغا دائىر بەزى بىر پاكىتلارنى ياۋرۇپا ھون ئىمپېرىيىسى (375 — 465) دەۋرىدە تولا قوللانغان بەزى بىر جازالاش تەدبىرلىرىدىنمۇ كۆرۈش مۇمكىن. ياۋرۇپا ھون ئىمپېرىيىسىنىڭ ئىمپېراتورى ئاتتىلا

روما ئىمپېرىيىسىگە ئەۋەتكەن ئەلچىسى ئىدىقۇن روما ئىمپېراتورغا يالغاندىن سېتىلىپ ئاتتىلانى ئۆلتۈرمەكچى بولىدۇ. ئۇ ئۆز ئېلىگە قايتىشىدا، ئۆزى بىلەن بىللە بىر نەچچە نەپەر رومالىق سۈيىقەستچى دىپلوماتلارنى بىللە ئېلىپ كېلىدۇ. ئىدىقۇن ئاتتىلانىڭ ھوزۇرىغا يېتىپ كەلگەن زامان سۈيىقەستنى ئاتتىلاغا مەلۇم قىلىدۇ. روما ئىمپېراتورىنىڭ بۇنداق سۈيىقەستىدىن غەزەپلەنگەن ئاتتىلا ئۆزۈن بىر نوتۇق سۆزلىگەندىن كېيىن: „ئەگەر كەچۈرمەيدىغان بولسام سىلەرنى (رومالىق سۈيىقەستچىلەرنى دېمەكچى — ئا) ھون ئادىتى بويىچە دالىغا ئىگىز موما ياغاچ تىكىپ موما ياغاچنىڭ ئۇچىغا سىلەرنى يالىڭاچلاپ باغلا قويۇپ، ياۋايى يىرتقۇچ قۇشلارغا يەم قىلىپ بېرىپ جازالايتتىم.“ دېگەن. شۇنىڭغا قارىغاندا، ھونلاردا ئېغىر جىنايەت ئۆتكۈزگەنلەرنى ئەنە شۇنداق ئۇسۇل بىلەن ئۆلتۈرىدىكەن.

يوقۇرىدىكى پاكىتلارغا قارىغاندا ھونلاردا مىلادىدىن بىر نەچچە ئەسىر بۇرۇنلا مۇكەممەل دۆلەت تەشكىلى تۈزۈمى بولغانلىقتىن قانۇن تۈزۈم ئورنىتۇلغان قاماقخانىلارمۇ بولغان. ئىنگىلىس مۇنداق دەپ يازىدۇ: „دۆلەتنى كونا ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمى بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرگىنىمىزدە، دۆلەتنىڭ بىرىنچى خۇسۇسىيىتى — ئۇنىڭ پۇقرالىرىنىڭ تېرىتورىيىگە قاراپ بۆلۈنۈشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ . . . . . . . دۆلەتنىڭ ئىككىنچى خۇسۇسىيىتى — ئۆزىنى ئۆزى قوراللىق كۈچ قىلىپ ئۇيۇشتۇرىدىغان ئاھالىدىن ئىبارەت بولمىغان ئىجتىمائى ھاكىمىيەتنىڭ تەسىس قىلىنىشىدۇر . . . . . . ئۇ پەقەت قوراللىق كىشىلەردىنلا ئىبارەت ئەمەس، بەلكى ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىگە مەلۇم بولمىغان ماددى قوشۇمچىلار — قاماقخانىلار، ۋە خىلمۇ — خىل مەجبۇرى قىلغۇچى ئورگانلاردىن ئىبارەت“ ⑧ ھونلار دۆلىتى مانا شۇ ئىككى خىل خۇسۇسىيەتكە تولۇق ئىگە بولغان دۆلەت ئىدى.

# ھونلارنىڭ دۆلەت كېڭىشى

ھونلاردا زۆرۈر تېپىلغاندا دۆلەت كېڭىشى ئۆتكۈزۈلەتتى. باتۇر تەڭرىقۇت قەددىمقى چاغدىن تارتىپ بار بولغان دۆلەت كېڭىشىنىڭ رولىغا ناھايىتى چوڭ ئەھمىيەت بەرگەن ئىدى. دۆلەت كېڭىشى ئاساسەن ناھايىتى چوڭ ۋە جىددىي ئىشلارنى ھەل قىلىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلغاندا ئۆتكۈزۈلەتتى. مەسىلەن:

(1) تەڭرىقۇت ئالەمدىن ئۆتكەن چاغدا، ئۆزىنىڭ ئورنىغا كىمنىڭ تەڭرىقۇت بولۇش مەسىلىسىدە تالاش — تارتىش بولۇپ قالغاندا، دۆلەت كېڭىشىنى ئۆتكۈزۈپ، ھەل قىلىشقا توغرا كېلەتتى. بۇنداق چاغدا ھون خانلىرى پايتەختكە چاقىرىلىپ، ھون تەڭرىقۇتىنىڭ ئوردىسىدا بىرنەچچە كۈن كەسكىن تالاش — تارتىش ئارقىلىق يېڭى تەڭرىقۇت تەختكە چىقىرىلاتتى.

(2) دۆلەت جىددىي ۋە ناھايىتى خەتەرلىك ئەھۋالغا ئۇچرىغاندا (بىرەر دۆلەت بىلەن ئۇرۇشىدىغان چاغدا) دەرھال دۆلەت كېڭىشى ئۆتكۈزۈلەتتى. كېڭەشتە ھون خانلىرى بىرلىكتە كېڭىشىپ، دۆلەتنىڭ سىياسىتى، ئومۇمى ھەربى سەپەر ۋەرلىكىدىن تارتىپ ئۇرۇشنىڭ ستراتېگىيە، تاكتىكىلىرىغىچە بولغان مۇھىم مەسىلىلەرنى بەلگىلىشەتتى.

(3) ھونلار دۆلىتى باشقا بىر دۆلەت بىلەن ئەھدىنامە تۈزۈدىغان چاغدا دۆلەت كېڭىشى ئۆتكۈزۈلۈپ، تۈزۈلىدىغان ئەھدىنامىنىڭ مەزمۇنى، شەرتلىرى بەلگىلىنەتتى. بۇنداق كېڭەشنى ئۆتكۈزۈشنىڭ مۇقىم بەلگىلەنگەن ۋاقتى يوق ئىدى. قاچانىكى زۆرۈر تېپىلسا شۇ چاغدا ئۆتكۈزۈلەتتى.

بۇنىدىن تاشقىرى، ھونلار يەنە ھەر يىلى بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا ئۈچ قېتىم كېڭەش ئۆتكۈزۈپ تۇراتتى. بۇنداق كېڭەشنىڭ بىرىنچىسى، بىرىنچى ئايدا ئۆتكۈزۈلۈپ، ھون خانلىرى، بەگلىرى تەڭرىقۇت ئوردىسىغا يىغىلىپ، ئاتا-بوۋىلىرى ئەرۋاھىغا ئاتاپ ئەتىيازلىق نەزىر قىلىشاتتى. ئىككىنچى قېتىملىق كېڭەش 5-ئايدا ھونلار پايتەختىدە ئۆتكۈزۈلەتتى. بۇنىڭدىمۇ ھونلار كۆك تەڭرىگە، يەر تەڭرىگە، قوياش ئاي تەڭرىگە سېغىنىپ ئىبادەت قىلىشاتتى، نەزىر قىلىشاتتى. ئۈچىنچى قېتىملىق كېڭەش كۈزدە چارۋا-ماللار سەمىرگەن چاغدا ئورخۇن دەرياسىنىڭ تامىر دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئورمانلىقنىڭ بويىدا ئۆتكۈزۈلەتتى. بۇ كېڭەشتە ھونلار ئاھالە سانىنى، چارۋا — ماللار سانىنى ھېساپلاپ كۆزدىن كەچۈرۈشەتتى. مانا شۇ ھەر يىلى ئۆتكۈزۈلىدىغان ئۈچ قېتىملىق كېڭەش ئىچىدە كۈزدە ئۆتكۈزۈلىدىغىنى ناھايىتى مۇھىم ئىدى. چۈنكى كۈزدىكى كېڭەشتە ھون ئاھالىسىنىڭ نوپۇسى، چارۋا ماللارنىڭ سانى تەكشۈرۈلۈپ، كۆپەيگەن ياكى كېمەيگەنلىكى، چارۋا — ماللارنىڭ ئاۋۇغان ياكى ئاۋۇمىغانلىقى مەلۇم بولاتتى. بۇ كېڭەشلەرنىڭ ھەممىسىدە ھونلار يۇقۇرىدىكى ئىشلارنى قىلغاندىن تاشقىرى ئات چاپتۇرۇپ (بەيگە بولسا كېرەك) تۆگەسىز قاشتۇرۇپ كۆڭۈل ئېچىش قىلاتتى.

يىغىپ ئېيتقاندا، هونلاردا ھەربى دېموكراتىيە تۈزۈمى خېلى مۇكەممەل ۋە كۈچلۈك ئىدى.

## 2. هونلارنىڭ ھەربى تۈزۈمى

### هون قوشۇنلىرىنىڭ خىللىرى

باتۇر تەڭرىقۇت تەرىپىدىن تېخىمۇ مۇنتىزىملاشتۇرۇلغان ھەربى تۈزۈم بويىچە، هون قوشۇنلىرى ئاساسەن ئاتلىق، قىسمەن پىيادە قوشۇنلاردىن تەشكىللەنگەن ئىدى. هونلارنىڭ ياشلىرى ۋە يىگىتلىرىنىڭ مۇتلەق كوپچۈلىكى ئاتلىق قوشۇنغا كىرەتتى. هون ئاتلىقلىرى ئاتلارنىڭ رەڭلىرى بويىچە تومەنلىككە بولۇنۇپ تەشكىللەنگەن. باتۇر تەڭرىقۇت تەشكىللىگەن 400 ئاتلىق قوشۇن كوك، ئاق بوز، قارا، قىزىل تورۇقتىن ئىبارەت 4 خىل رەڭدىكى ئاتلارغا (ھەر بىر رەڭدىكىسى 100 مىڭدىن) مىندۈرۈلگەن. بۇ 400 مىڭ كىشىلىك ئاتلىق قوشۇننىڭ قوماندانلىق تەركىۋىدە 44440 كىشى بار ئىدى. ئۇنىڭ ئىچىدىن 40 نەپىرى تۈمەن بېشى، 400 نەپىرى مىڭبېشى، 4000 نەپىرى يۈز بېشى، 40000 نەپىرى ئون بېشى ئىدى. چۈنكى هونلارنىڭ ھەربى تۈزۈمى بويىچە قوماندانلىق ۋەزىپىسىنى ئوتەشتە 4خىل دەرىجە (تۈمەن بېشى، مىڭ بېشى، يۈز بېشى، ئون بېشى) لىك يېتەكچىلەر ئاساسى گەۋدە ئىدى.

هون ئاتلىقلىرى ناھايىتى باتۇر، چىداملىق (ئىسسىق — سوغۇققا، ئاچلىققا بوران — يامغۇرغا) ئىدى. چۈنكى هونلار قەدىمدىن تارتىپ ئۆزى ياشىغان جايلارنىڭ تەبىئى ئەھۋالىدىكى قىيىن شارائىتلارنى (قۇملۇق، سوغاق، ۋاھاكازالار) نى يېڭىش ئۈچۈن ئۇلاردا باتۇرلۇق ۋە قەيسەرلىك روھى بولۇشى زۆرۈر ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە هونلار ئۆزىنىڭ كۈچلۈك خوشنىلىرىنىڭ هۇجۇمىدىن ئۆزىنى مۇداپىيە قىلىشلا ئەمەس بەلكى ئۇلارنى باش ئەگدۈرۈش ئۈچۈنمۇ ئەسىرلەر بويى ئۇرۇشۇپ كەلگەن. مانا شۇنداق تەبىئى ۋە تارىخى شارائىتلار هونلارنىڭ باتۇر ۋە قەيسەر، چىداملىق بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلىرىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن. هون ئاتلىقلىرىغا جەڭچى بولۇپ كىرگەنلەر كىچىكىدىن تارتىپ (قوشۇنغا كىرمەستىن بۇرۇن) ئوقيا ئېتىش مەشىقىنى قىلىشتا ئىشنى توشقان ئوۋلاشتىن باشلىسا، ئات مىنىش مەشىقىنى، قويغا مىنىشتىن باشلايتتى. ياشلار ۋە يىگىتلەر قوشۇنغا كىرگەندىن كېيىن ناھايىتى قاتتىق جاپالىق ھەربى مەشىق ئارقىلىق تەربىيلىنەتتى. بۇنداق مەشىقلارنىڭ بىرى ئوۋ ئولاش ئىدى. ئوۋدا كوكتە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئوقتەك ئۇچۇپ كېتىۋاتقان شۇڭقارنى ئېتىپ چۈشۈرگەنلەر جەڭچى ھېساپلانسا، ئادەتتىكى مەشىقتە ئۇچقۇر ئاتنى چاپتۇرۇپ كېتىۋېتىپ ئوقيانى نىشانغا تەككۈزگەنلەر جەڭچى ھېساپلىناتتى. ھون ئاتلىقلىرى ئۈستىگە ساۋۇت (زەنجىر چاپان)، بېشىغا دۇبۇلغا (تومۇر قالپاق) كېيىشەتتى. ئۇلار نەيزە، ئەگرى قىلىچ، قالقان، ئوقيا بىلەن قوراللىناتتى.

ھون قوشۇنلىرىدا ئاتلىقلاردىن باشقا مەلۇم ساندا پىيادە قىسىملار بولاتتى. ئۇلار ئۇرۇش ھارۋىلىرىغا ئوندىن، ئوندىن ئولتۇرۇپ، ھەربى يۈرۈشلەرگە باراتتى. ئولار ئوقيا، قىلىچ، نەيزە، قالقان بىلەن قوراللىناتتى.

## ھون قوشۇنلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى

ھون قوشۇنلىرى بىر نەچچە ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە ئىدى. ئۇلار ئۇرۇش ۋاقتىدا ئۇرۇش قوشۇنى بولسا، تىنچلىق مەزگىلدە ئىشلەپچىقىرىش قوشۇنى ئىدى. ھونلارنىڭ ھەربى تۈزۈمى بويىچە ئىشلەپچىقىرىش تەشكىلى بىلەن ھەربى تەشكىلى بىر تۇتاش گەۋدە ئىدى. ھەربى قوشۇن ئەزاسى بولغان جەڭچى ئەينى ۋاقىتتا ئىشلەپچىقىرىش ئەمگەكچىسى ئىدى. ھون قوشۇنلىرى ئۇرۇشقا كەتكەن چاغلاردا ھون ئاھالىسىدىن ياشانغانلار، ئاياللار يول ياساش، كۆۋرۈك سېلىش، چارۋا — ماللارنى بېقىش، دېخانچىلىق قىلىش ئىشلىرى بىلەن شوغۇللىناتتى.

ھونلاردا باتۇرغا ھورمەت قىلىش ئومۇملاشقان ئادەت ئىدى. ھون جەڭچىلىرى باتۇرلۇق كورسەتسە، پۈتكۈل ئەلنىڭ ھورمىتىگە سازاۋەر بولاتتى. ئوندىن باشقا قولغا چۈشۈرگەن غەنىمەت باتۇر جەڭچىلەرگە ھەدىيە ئورنىدا بېرىلەتتى. 5-ئەسىردە شەرقى ئۇيغۇرلار ئوزىنىڭ باتۇر خانى بەگ قۇلى ھەققىدە مۇنداق قوشاق توقۇغان:

ۋاي كەلدى بەگ قۇلى دىگەندە ئانا،
توختايدۇ بوۋاقنىڭ يىغىسى شۇ ئان.
دېيىشەر ياش قىزلار ئېيتقاندا ناخشا،
«يېگىتىم بولسىدى بەگ قۇلى سىمان.»

يوقۇرىدىكى قوشاقمۇ بىزنىڭ ئەجداتلىرىمىزنىڭ باتۇرلۇقنى ناھايىتى يۇكسەك ھالدا قەدىرلەيدىغانلىقىنى بىلدۇرۇدۇ. ھونلارنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ئىچىدە، ئالى جاناپ بىر خىسلەت بار ئىدى. ئۇ بولسىمۇ ئۇرۇشتا قۇربان بولغانلارنىڭ جەسىدىنى ئۇرۇش مەيدانىدا قالدۇرماي ئېلىپ كېتىش ھەر بىر جەڭچىنىڭ مۇقەددەس بورچى ئىدى. شۇنىڭغا كورە ئۇرۇشتا قۇربان بولغانلارنىڭ جەسىدىنى مەرھوم تۇغانقىسمىدىكى جەڭچىلەر ئۇرۇش مەيدانىدىن كوتۇرۇپ، ئوز يۇرتلىرىغا ئېلىپ كىلەتتى.

شۇنىڭ ئۈچۈن ھونلار جەمئىيىتىدە بىر كىشىنى ئۇلاچەشتە، ئۇنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى بىلەن ئۇرۇشتا (بولۇپمۇ ئۇرۇشتا) ئوينىغان رولىنى ئۇلچەم قىلاتتى. (9)

ھون قوشۇنلىرىنىڭ جەڭگىۋارلىقى ھەققىدە خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر سىياسىي ئەنزارچى جاۋسۇ غەمكىنلىك بىلەن ھەسرەتلىنىپ؛ ھون ئاتلىقلىرى بوراندەك بېسىپ كېلىدۇ، قوۋۇندەك غايىپ بولىدۇ. خەن قوشۇنلىرى ئۇلارغا يېتىشەلمەيدۇ، دېگەن. (10) ھونلار ئەسىرلەر بويى ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلىرىنىڭ تەجرىبىسىدىن، يەرنى تىڭشاپ تۇرۇپ، دۈشمەن قوشۇنلىرى كېلىۋاتقان جاي بىلەن ئۇزلىرى تۇرغان جاينىڭ ئارىسىدىكى مۇساپىنىڭ قانچىلىكىنى، كۆتۈرۈلگەن چاڭ — توزاڭغا قاراپ دۈشمەن قوشۇنلىرىنىڭ سانى قانچە ئىكەنلىكىنى بىلىش سەنئىتىنى ئىگەللەپ ئالغان ئىدى. (11)

# ھونلارنىڭ ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيىتى

## 1 . ھونلارنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى

### چـــارۋىـــچـــىـــلـــىـــق

ھونلارنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشىدا چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق، ھۈنەرۋەنچىلىك، سودا، ئوۋچىلىقتىن ئىبارەت ساھەلەر ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە رول ئوينايتتى.

ھونلار تىرىتورىيىسىدىكى قىدىرقان تاغلىرى (ھازىرقى خىنگان تاغلىرى)، نۇيان تاغلىرى، خاڭگەي تاغلىرى (بۇ تاغلار ھازىر تاشقى موڭغۇلىيىدە) ئالتاي تاغلىرى، تەڭرى تاغلىرى، كەڭسۇ (گەنسۇ) دىكى تەڭرى تاغلىرى. ئالچى تاغلىرى قاتارلىق تاغلار ۋە شۇ تاغلارنىڭ ئەتەكلىرىدىكى يايلاقلار، سىبىرىيىدىكى لېنا دەرياسى، ئانغارا دەرياسى. يەنسەي دەرياسى، موڭغۇلىيىدىكى سېلېنگا دەرياسى، كېرۇلون دەرياسى، ئالتۇن ئۆزۈن دەرياسى، ئورخۇن دەرياسى، تۇغلا دەرياسى، ئالتايدىكى ئېرتىش دەرياسى بويلىرىدىكى ياپيېشىل يايلاقلار، خۇسەن تاشقى موڭغۇلىيەدىكى ئوتوكەن يايلىقى، ئىچكى موڭغۇلىيەدىكى چۆغاي تاغلىرىنىڭ (يىڭشەن تاغلىرى) جەنۇبىدىكى ئوردوس يايلىقى، كوكنۇر يايلىقى، (چىڭخەي كۆلىنىڭ بويلىرى)

AltunOq

ئىرتىش يايلىقى، (تاشقى موڭغۇلىيەنىڭ غەربىي جەنۇبىدا)، باركول يايلىقى (قۇمۇلدا) قاتارلىق يايلاقلار چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ناھايىتى ئوبدان ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ھونلاردا چارۋىچىلىق ناھايىتى تەرەققىي قىلغان بولۇپ، مىليونلىغان ئاتلار، نەچچە ئون مىليون كالا — قوي، تۆگىلەر يوقۇرىدا تىلغا ئېلىنغان تاغلار، يايلاقلار، دالىلارنى رەڭمۇ — رەڭ بولۇتتەك قاپلاپ تۇراتتى.

چارۋىچىلىق ئىگىلىكى ھونلارنىڭ ئاساسى بايلىقى بولۇپ، چارۋىچىلىق ئۇلار ئۈچۈن تۇرمۇش ۋاستىسى ھەم ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىسى ھېسابلىناتتى. چارۋىچىلىق ئىگىلىكىدە ئىنتايىن كۆپ سانلىق ئات، كالا، قوي، تۆگە ئىگىلەيتتى. ھونلارنىڭ يېمەك — ئىچمىكى، كىيىم — كېچىكى، كۈندۈلۈك تۇرمۇشتا كېرەك بولىدىغان نەرسىلەرنىڭ بىر قىسمىنى چارۋىچىلىق ئىگىلىكى تەمىنلەپ بېرەتتى، ھونلار ئات، كالا، قوي، تۆگىلەرنىڭ گۆشى بىلەن ئوزۇقلىناتتى. سۈت، قىمىز ئىچەتتى. قايماق، ئىرمچىك چىقىراتتى. قوينىڭ تېرىسىنى ئاشلاپ جۇڭگا كىيەتتى. تۆگە يۇڭلىرىنى ئېگىرىپ يۇڭ چەكمەن توقۇيتتى. قوي يۇڭلىرىنى ھەر خىل بوياپ يىپ ئېگىرىپ گىلەم توقۇيتتى. قوي يۇڭلىرىدىن چىرايلىق شىرداقلار، كىگىزلەرنى بېسىپ تۇرمۇشتا ئىشلىتەتتى. چېدىرلارنى ياسايتتى. كالا تېرىسىدىن كۆن (بۇلغارى) ئىشلەپ ئۇنىڭدىن ئۆتۈك تىكەتتى. ئات جابدۇقلىرىنى (قىيىش، ئۈزەڭگى بېغى، قوشقۇن، نوقتا، يۈگەن، بەلتاسما) قاتارلىقلارنى ياسايتتى.

ھونلار چارۋىچىلىق ئىگىلىكىدە، ئات ئۇستۇرۇشقا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرەتتى. چۈنكى ئاتنىڭ رولى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، ئىقتىسادىي جەھەتلەرگە ياكى ھەربىي ئىشلاردا بولمىسۇن ئات ھونلارنىڭ قاتناش ۋە ھەربىي ساھەسىدىكى ئاساسى قورالى ئىدى. ئات مىنىش، ھارۋىغا قوشۇش، يۈك ئارتىش جەھەتلەرگە ئىشلىتىلگەندىن تاشقىرى ئەڭ موھىمى ئۇرۇشتا ئىنتايىن موھىم رول ئوينايتتى. ھونلار يۈز مىليونلىغان ئاتلىق قوشۇنغا تايىنىپ، ھون تەڭرىقۇتلىقىنىڭ قۇدرىتىنى، ھەيۋىسىنى ئۆزىنىڭ كۈچلۈك خوشنىسى ئالدىدا نامايىش قىلاتتى. ھونلار ئات ئۇستۇرۇشكە شۇنچىلىك ئەھمىيەت بەرگەنكى ئاتنىڭ خىللىرى ئوز جايىدا ئىدى. مىلاددىن 200 يىللار ئىلگىرى باتۇر تەڭرىقۇت 400 مىڭ كىشىلىك مۇنتىزىم ئاتلىق قوشۇن تەشكىل قىلغان ئىدى. يوقۇرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك 4 خىل رەڭدىكى 400 مىڭ ئاتنى بىر نەچچە مىليون ئاتنىڭ ئىچىدىن تاللاپ ئېلىش مۇمكىن ئىدى. مانا شۇ پاكىت ھونلاردا چارۋىچىلىقنىڭ ناھايىتى تەرەققىي قىلغانلىقىنى، بولۇپمۇ ئات ئۇستۇرۇشكە تولىمۇ ئەھمىيەت بېرىلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

ھونلارنىڭ فېئوداللىق تۈزۈمدىكى چارۋىچىلىق ئىگىلىكىدە سۈيۈرغاللىق (ئىكتا)

تۈزۈمى يولغا قويۇلغان ئىدى. هون خانلىرى تەڭرىقۇت تەرىپىدىن باشقۇرۇشقا بېرىلگەن رايونلاردا ئۆزى بەگ ئۆزى خان بولۇپ هۆكۈم سۈرۈپ، سۇيۇرغال قىلىنغان تېرىتورىيەدە ئۆز چارۋىلىرىنى ئۆستۈرەتتى. سولقۇل، ئوڭقول بىلگە خانلاردىن تارتىپ ئون بېشىنچىچە بولغان 24 خىل دەرىجىدىكى خانلار، بەگلەرنىڭ هەممىسىنىڭ سۇيۇر-غاللىرى بار ئىدى. ئۇلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت بېقىندىنىڭ بېقىندىسى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت ئىدى. مۇنداق بېقىندىلىق مۇناسىۋىتى هەر قايسىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا سۇيۇرغال قىلىنغان تەۋەلىكىنىڭ بولۇشى فېئوداللىق جەمئىيەتتە بەلگىلەنگەن ئالاهىدىلىكتىن ئىبارەت ئىدى.

بەزى تارىخچىلارنىڭ هونلار جەمئىيىتىنى قۇللۇق تۈزۈمىدىكى جەمئىيەت دېيىشى پۈت تىرەپ تۇرالمايدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ كۆتەرگەن دەلىلى هون خانلىرىنىڭ قەۋرى-سىدىن تېپىلغان قۇللارنىڭ جەسەتلىرى. هون خانلىرى ئۆلگەندە بۇرۇنقى قۇللۇق تۈزۈمنىڭ تەسىرىدىنمۇ ياكى قامان دىنىنىڭ تەسىرىدىنمۇ ئەسىر چۈشكەنلەردىن نەچچە ئوننى ياكى بىر نەچچە يۈزنى مەرھۇم خان بىلەن بىللە دەپنە قىلىش ئادىتى بار ئىدى. لېكىن هونلار جەمئىيىتىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ساھەلىرىدە قۇللار ئەمگىكى هېچقانداق رول ئوينىمىغان. ئۇرۇشتا ئەسىر چۈشۈپ قۇل قىلىنغانلار ناهايىتى ئاز بولۇپ، ئۇلار ئائىلە قۇللىرىلا بولغان. هونلارنىڭ چارۋىچىلىق ئىگىلىكىدە قۇللارنىڭ ئىشلىتىلىشى ئەقىلگە سىغىدىغان ئىش ئەمەس. چۈنكى بۇنى چارۋىچىلىقنىڭ ئالاهىدە بولغان ئىككى تۈرلۈك خۇسۇسىيىتى بەلگۈلىگەن. بىرىنچى خۇسۇسىيەت: چارۋىچىلىق ئىگىلىكىنىڭ كۆچمە خاراكتېردە ئىكەنلىكى، يايلاق هاياتىنى كەچۈرىدىغان هون چار-ۋىچىلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى كۆچمە خاراكتېردە بولۇپ، «پۈتۈنلەي مۇقىم، تۇراقلىق بولغان ئەمەس. بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇنداق كۆچمە خاراكتېردىكى ئىشلەپچىقىرىشنى قۇللار ئەمگىكى بىلەن چەكلەپ قويۇش ئاسان ئەمەس ئىدى. چۈنكى قۇللار ئاسانلا قېچىپ كېتەتتى. بۇ ئەمەلىي ئەھۋال بولۇپ، بۇنى ئىنكار» قىلىشقا بولمايدۇ. ئىككىنچى خۇسۇسىيەت: ئىشلەپچىقىرىشنىڭ كوللېكتىپلىقى؛ يايلاقتىكى چارۋىچىلارنىڭ ئىش-لەپچىقىرىشى، دېخانچىلىق، سودا ئەمگىكىگە ئوخشاش ئۇنداق يەككە - يېگانە (يالغۇز) ئېلىپ بارىدىغان ئىشلەپچىقىرىش بولماستىن، ناهايىتى چوڭ كوللېكتىپ هەرىكەت ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلاتتى. بىر توپ كىشىلەر بىرلىكتە تۇرۇپ، پادا-پادا قويلارنى هەيدەپ يۈرۈپ باقاتتى. مانا شۇنداق كوللېكتىپ ئىشلەپچىقىرىشتا ئەگەر بىر توپ قۇللارنى يىغىپ ئۇلارنى ئەمگەككە سالىدىغان بولسا، قۇللار ناهايىتى ئاسانلا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشى مۇمكىن . . . . . . . ئەگەر قۇللارنىڭ قولىغا تۆمۈر چېتىق، پۇتىغا كىشەن سېلىپ، ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىگە سالماقچى بولسا ئوت،

سۇ قوغلۇشۇپ كوچۇپ يۈرۈيدىغان چارۋىچىلىقنى قىلىش زادى مۇمكىن ئەمەس. (11) شۇڭا ھونلار جەمئىيىتى «قۇللۇق تۈزۈمدە» دېيىشكە ھېچقانداق ئاساس يوق. ئىككىلەنمەستىن تۇرۇپ فېئوداللىق تۈزۈمدىكى جەمئىيەت ئىدى دېيىش ئەمەلىيەتكە ۋە تارىخى پاكىتلارغا ئەڭ مۇۋاپىق كېلىدۇ.

ھونلارنىڭ چارۋىچىلىق ئىگىلىكى، تەبىئىي شەرت — شارائىتلارنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچۇرغاندىن تاشقىرى شۇ چاغدىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئاجىزلىقىدىن تەبىئىي ئاپەتلەرگە قارشى تۇرۇش قابىلىيىتى يېتەرلىك ئەمەس ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بەزى چاغلاردا بوران، يامغۇر، قار شىۋىرغان ۋە قۇرغاقچىلىققا ئوخشاش تەبىئىي ئاپەتلەر يۈز بېرىپ چارۋا - ماللار كۆپ ئۆلۈپ كېتەتتى. ئىشلەپچىقىرىش ۋەيران بولاتتى. ئىقتىسادىي خاراپلىق پەيدا بولۇپ، خەلق ئاچارچىلىققا يولۇقۇپ، ئۆلۈپ كېتەتتى. «تارىخى خاتىرىلەر. ھونلار ھەققىدە قىسسە»، «خەنيىلنامىسى. ھونلار ھەققىدە قىسسە»، «كېيىنكى خەن يىلنامىسى، جەنۇبىي ھونلار ھەققىدە قىسسە» قاتارلىقلاردىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا مىلادىدىن 104 يىل بۇرۇن، قىش مەزگىلىدە، مىلادىدىن 89 — 71 يىل بۇرۇن قىش مەزگىلىدە، مىلادىدىن 68 يىل بۇرۇن ۋە مىلادىنىڭ 46 — يىللىرى ئىلگىرى — ئاخىرى بولۇپ، يوقۇرىدا تىلغا ئېلىنغان ئەھۋاللار (تەبىئىي ئاپەتلەر، ئاچارچىلىق، ئۆلۈم — يىتىم — ئا) يۈز بەرگەن. بەزىدە شۇنداق يامان ئەھۋاللار يۈز بېرىشمۇ مۇتلەق كۆپ چاغلاردا چارۋىچىلىق ئىگىلىكىدە كۆللەپ ياشناش مەنزىرىسى ئاساسى ئورۇندا تۇرىدۇ.

## دېخانچىلىق

ئەڭ قەدىمقى چاغلاردا «ھونلارنىڭ بۇغداي ئامبىرى» دەپ نام ئالغان تارىم ۋادىسىدىكى ئەجداتلىرىمىز ھازىرقى كۈندىن تەخمىنەن 7000 يىل بۇرۇن دېخانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان.

1989 — يىلى 2 — ئاينىڭ 24 — كۈنى ئۈرۈمچىدە شىنجاڭ گېزىتىدە بىرپارچە تارىخى ماقالە بېسىلغان. ماقالىدا شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ كۆنچى دەرياسىنىڭ بويىدىكى بىر ئىپتىدائىي قەۋرىستانلىقتىن ئىككى جەسەت تاپقانلىقىنى ئېيتقان. جەسەتلەرنىڭ بىرى ياش ئايال، يەنە بىرى كىچىك بالا بولۇپ، نەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇغراپىيە پاكولتېتىنىڭ كاربون 14 — تەجرىبە خانىسى قەۋرىستانلىقتىن قېزىپ ئېلىنغان ياغاچلارنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق، جەسەتلەرنىڭ بۈندىن 6412 يىل بۇرۇنقى جەسەتلەر ئىكەنلىكىنى

ئىسپاتلىغان. بۇ جەسەتلەر دەپنە قىلىنغان قەبرىدىن چىغ سېۋەت ئىچىدە ئۆز پېتى بۇيىچە ساقلانغان بۇغداي چىققان.

لوپنۇردىن تېپىلغان جەسەتلەرنىڭ دەپنە قىلىنغان ۋاقتى، قەبرىدىن ئۆز پېتى ساقلىنىپ قالغان بۇغدايلارنىڭ چىقىشى، تارىم ۋادىسىدا بۇندىن تەخمىنەن 7000 يىل بۇرۇن ئەجدادلىرىمىزنىڭ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

هونلار ئەڭ قەدىمقى چاغلاردىن تارتىپ ئۆزىنىڭ ئاشلىققا بولغان ئېھتىياجىنى مەلۇم جەھەتتىن قامداش ئۈچۈن تارىم ۋادىسىدىن چىقىدىغان بۇغدايدىن پايدىلىناتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ قەدىمقى چاغلاردا تارىم ۋادىسى هونلارنىڭ «بۇغداي ئامبىرى» دەپ نام ئالغان.

هونلار بۇغداينى تارىم ۋادىسىدىن كەلتۈرگەندىن تاشقىرى، ئۆزلىرىمۇ دېھقانچىلىق ئەمگىكىگە ئەھمىيەت بەرگەن. ئارخېئولوگىك قېزىشلار ئارقىلىق قولغا كەلتۈرۈلگەن پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا هونلار مىلادىيىدىن 7 ئەسىر بۇرۇن (بۈگۈنكى كۈندىن 2700 يىل بۇرۇن) دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. هازىرقى تاشقى موڭغۇلىيەنىڭ ئوتتۇرا قىسمى ۋە بايكولنىڭ جەنۇبى قىسمىدىكى جايلاردا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىك قېزىشلار ئارقىلىق هونلارنىڭ تۆت چاسا شەكىلدىكى تاش قەبرىلىرى تېپىلغان. ئارخېئولوگلار بۇ قەبرىلەر ئىچىدىن تېپىلغان تاشلارنى مىلادىيىدىن 7 ئەسىر بۇرۇنقى ۋاقىتقا مەنسۇپ دەپ هۆكۈم قىلىشقان. يەنە تاشقى موڭغۇلىيەدىكى نويان تاغلىرىدىن تېپىلغان هون خانلىرىنىڭ قەبرىسىدىن (23 — نومۇرلۇق قەبرىدىن) رەڭگى قارا زىرائەت ئۇرۇقى چىققان. ئارخېئولوگلار: بۇ زىرائەت ئۇرۇقلىرىنى مىلادىيىدىن 3 ئەسىر بۇرۇنقى چاققا مەنسۇپ دېيىشكەن.

1951 — 1944 — يىللىرى هازىرقى سېۋېت ئىتتىپاقىدىكى بورىيات موڭغۇل ئاپتونوم رېسپۇبلىكىسىنىڭ پايتەختى ئۇلان ئۇدەدىن تۆمۈر ئوغاق ۋە تۆمۈر چىشلار (بوقۇسا چىشى) تېپىلغان. [12]

ھەممىگە مەلۇم بولغىنىدەك تاش چاناق ئاشلىق يەنچىيدىغان، بوقۇسا چىشى يەر ئاغدۇرىدىغان، ئوغاق پىشقان زىرائەتلەرنى (بۇغداي، شال، تېرىق، ئارپا، زىغىر، قىچا، قوناق قاتارلىق) ئورىدىغان دېھقانچىلىق سايمانلىرى، مانا شۇ پاكىتلارغا قارىغاندا، مىلادىيىدىن 7 ئەسىر بۇرۇن (تاش چاناق قوللانغانلىقى) دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغانلىقى، مىلادىيىدىن 3 ئەسىر بۇرۇن دېھقانچىلىقتا تۆمۈر چىش، تۆمۈر ئوغاق قاتارلىق سايمانلارنى ئىشلەتكەنلىكى مەلۇم.

هونلارنىڭ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان تارىخى يازما مەلۇماتلارمۇ بار. مىلادىيىدىن 119 يىل بۇرۇن خەن سۇلالىسىنىڭ مەشھۇر سانغۇنى

ۋێچەك ھونلارغا ھۇجۇم قىلىپ ماكەي تېغىدىكى جاۋشىن زاسقى دۆڭغۇلىيەدىكى خاڭگەي تېغىنىڭ جەنۇبى ئېتىكىگە يېقىن) شەھەرگە كىرىپ، ھونلارنىڭ زاپاس سوكلىرىنى قولغا چۈشۈرۈپ، قوشۇنىنىڭ ئوزۇق - تۈلۈگىنى تولۇقلىغان ۋە قوشۇن بىر كۈن تۇرغاندىن كېيىن قايتىپ كەلگەن. شەھەردە قېپ - قالغان سوكلارنى كۆيدۈرۈپ تاشلىغان. » (13) مىلادىيىدىن 88 يىل بۇرۇن ھونلار ئىلىدە «ئول يېغىن توختىماي يېغىپ، بىر نەچچە ئاي قار ياققانلىقتىن چارۋا ماللار ئۆلۈپ كەتكەن. خەلق ئارىسىغا كېسەل تارقالغان. زىرائەتلەر پىشمىغان » (14) مەلىكە جەيۇ (ئۇ مىلادىيىدىن 100 يىل بۇرۇن ئۇيسۇن خانىغا ياتلىق قىلىنغان)، خەن پادىشاسى خەن جاۋدى (74 — 86) غا يازغان مەكتۇبىدا، ھون تەگرىقۇتىنىڭ بىر قانچە مىڭ ھون ئاتلىقلىرىنى ئالدى قوش بەگلىگى (ھازىرقى تۇرپان ۋە ئۇنىڭ ئەتىراپلىرىدا) گە ئەۋەتىپ، دىخانچىلىق بىلەن شوغۇللاندۇرغانلىقى ھەققىدە شىكايەت قىلغان. (15)

«يۇقۇرىدىكى مەدىنى يادىكارلىقلار ۋە يازما مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، بىز دەسلەپكى قەدەمدە تۆۋەندىكى خۇلاسىغا كېلىمىز. بىرىنچى: ۋاقىت جەھەتتىن ئالغاندا ھونلار مىلادىيىدىن 3 ئەسىر بۇرۇنلا دىخانچىلىق بىلەن شوغۇللانغان بولۇپ، ئۇنىدىن كېيىن يېزا ئىگىلىك تېخىمۇ تەرەققى قىلغان. ئىككىنچى، رايون جەھەتتىن ئالغاندا: ھونلار چۆلنىڭ شىمالىدىكى (ھازىرقى موڭغۇلىيەدىكى ئورخۇن بويلىرى) تىزىدىۋىيەسىدە دىخانچىلىق قىلىپلا قالماستىن، بەلكى غەربى رايوندا، خەنسۇلارغا يېقىن بولغان چېگرانىڭ شىمالىدىمۇ زىرائەتلەرنى تېرىشنى كەڭ كۆلەمدە قانات يايدۇرغان. ئۈچۈنچى: زىرائەت ئۇرۇقلىرىنىڭ خىللىرى جەھەتتە، ھونلار سوك ۋە باشقا زىرائەتلەرنى تېرىشنى بىلگەن. تۆتىنچى: تېرىقچىلىق تېخنىكىسى ھەققىدە گەپ ئاچقاندا: ھونلار يەر ئاغدۇرۇش، ئۇرۇق قالدۇرۇش، زىرائەتلەرنى تېرىش، (ئۇرۇق سېلىش) يىغىم (زىرائەتلەر پىشقاندا ئۇنى ئورۇپ يىغىپ ئېلىش) سوكنى ئاقلاش ۋە ئاشلىقلارنى ساقلاش ،... ... بىلىملىرىنى ئاللىقاچان ئىگەللەپ ئالغان. بەشىنچى: دىخانچىلىق سايمانلىرى جەھەتتە، ھونلار تۆمۈردىن ياسالغان بۇ قوسا چىشلىرىنى ۋە ئوغاقلارنى ئىشلەتكەن. ئالتىنچى، تېرىقچىلىق مەيدانلىرىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، تېرىقچىلىق تېخنىكىسىنىڭ ياخشىلىنىشى، ۋە تۆمۈردىن ياسالغان دىخانچىلىق سايمانلىرىنىڭ قوللىنىلىشى دىخانچىلىق ئەمگىكىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمىنى ناھايىتى يۇقۇرى كۆتەرگەن. شۇ سەۋەپتىن قەدىمىمۇ — قەدەم ئېھتىياجدىن ئارتۇق ئاشلىقلار ساقلىنىپ قالىدىغان بولغان. مانا شۇنىڭغا قاراپ ھوكۇم قىلغاندا يېزا ئىگىلىك ھونلارنىڭ ئىجتىمائى ئىقتىسادىدا بەلگۈلۈك ئورۇننى ئىگەللىگەن» (16) مىلادىيىدىن 198 يىل بۇرۇن ھونلار بىلەن خەن

سۇلالىسى ئارىسىدا تۈزۈلگەن ئەھدىنامىغا بىنائەن خەن سۇلالىسى ھەر يىلى ھونلارغا بەلگىلۈك مىقداردا ئەۋەتىپ تۇرىدىغان نەرسىلەر ئىچىدە ھاراق ئېچىتقۇسىمۇ بار ئىدى. بۇ ھونلاردا ھاراق ئىشلەپچىقىرىشقىمۇ كېتىدىغان ئاشلىقنىڭ يېتەرلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

ھونلارنىڭ دېھقانچىلىققا جىددى ئەھمىيەت بېرىشى يالغۇز ئاھالىنىڭ ئاشلىققا بولغان ئېھتىياجىنى قامداش ئۈچۈن بولۇپلا قالماستىن، بەلكى باقما ھايۋانلارنىڭ (ئات، كالا، قوي، تۆگە، قېچىر قاتارلىقلار) يەم - خەشەك ۋە ئوت - چۆپكە بولغان ئېھتىياجىنى قامداش ئۈچۈنمۇ بولغان.

ف. ئىنگىلىس مۇنداق دەپ يازىدۇ: «تۇران ئۆلكىسىنىڭ ئىقلىمى شارائىتىدا ئۇزاق ۋە قاتتىق سوغاق بولىدىغان قىش پەسلىگە يەم—خەشەك تەييارلىماستىن تۇرۇپ چارۋىچىلىق ھاياتىنى كۆچۈرۈش مۇمكىن ئەمەس. دېمەك بۇ يەردە دېھقانچىلىقنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈش، ۋە ھەر خىل دانلىق ئاشلىقلارنى تېرىش زورۇر شەرت ئىدى.» (17) شۇنى چۈشەندۈرۈپ قويۇش لازىمكى، ئىنگىلىسنىڭ «تۇران ئۆلكىسى» دېگىنى، تۈركلەرنىڭ «بوزقىر» دېگىنى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، قەدىمقى چاغلاردا شەرقتە قېدىرقان تاغلىرى (ھازىرقى ھىنگان تاغلىرى) دىن تارتىپ، غەرپتە قارا دېڭىز بويىغىچە سوزۇلغان چەكسىز تىرىتورىيىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى قەدىمقى چاغلاردىن تارتىپ شۇ تىرىتورىيەدە تۈركى خەلقلەر ياشىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ قەدىمقى چاغدىكى ئورتاق نامى «تۇرا» بولۇپ، ياشىغان جايى «تۇران» دەپ ئاتالغان.

## ئوۋچىلىق

ھونلارنىڭ ئىقتىسادى ھاياتىدا ئوۋچىلىقمۇ ئەزەلدىن تارتىپ، خېلى مۇھىم ئورۇندا تۇراتتى. ھونلار بالىلىرىنى كىچىكىدىن تارتىپ قويغا مىندۈرۈپ ئوقيا ئېتىشقا ئۆگۈتۈشتە توشقان، قۇش قاتارلىق نەرسىلەرنى ئوۋلىتاتتى. بالىلار سەل چوڭ بولغاندىن كېيىن تۈلكە، قىرغاۋۇل ئوۋلىتاتتى. ھونلاردا ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەن ئوۋچىلىق ئۇلارنىڭ ماددى يېمەكلىكلىرىنى تولدۇرۇشنىڭ ۋاستىسى ئىدى. ھون تەڭرىقۇتلىرى ھەر دائىم قوشۇنلارنى باشلاپ ئورمانلىقلارغا، تاغلارغا بېرىپ ئوۋ قىلاتتى. تۇمەن تەڭرىقۇت (210—240)، باتۇر تەڭرىقۇت (174—210)، قۇتىغۇ تەڭرىقۇت (96—101) لارنىڭ ئۇتۇكۇن تاغلىرى، سېلىنغا بويلىرى—باي كۆل ئەتراپلىرىغا ئوۋغا چىققانلىقى شۇنىڭدىن گۇۋالىق بېرىدۇ. ئوۋچىلىق يەنە بىر تەرەپتىن قوشۇنلارنى دەم ئالدۇرۇش ۋە مەشق قىلدۇرۇشنىڭ ۋاستىسى ئىدى. مانا شۇنىڭغا قارىغاندا، ئوۋچىلىق يالغۇزلا تورمۇشتىكى يېمەكلىكنى تولدۇرۇشنىڭ ۋاستىسىلا ئەمەس بەلكى ھەربى خارەكتېرگىمۇ

www.uyghurkitap.com

ئىكە ئىدى.

# قول ھۈنەرۋەنچىلىك

سېۋىت ئارخېئولوگىيە ئالىمى كوزلوۋنىڭ 1924-يىلىدىن باشلاپ تاشقى مۇڭغۇلىيەدىكى نويان تاغلىرىدىن تېپىلغان ھون خانلىرىنىڭ قەۋرىلىرىنى كولاپ ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈشلىرى ⑱ 1956—1960-يىللىرىغىچە جۇڭگو ئارخېئولوگلىرىنىڭ ئىچكى مۇڭغۇلىيە رايونىدىن تېپىلغان ھون قەۋرىلىرىنى كولاپ ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈشلىرى ⑲ ئارقىلىق قولغا كەلتۈرۈلگەن ماددى بويۇملار (تۆمۈر قۇراللار، مىستىن ياسالغان تۈرلۈك بويۇملار، ئالتۇندىن ياسالغان زىبۇ-زىننەت ئەسۋاپلىرى، يۇڭ، يىپەك توقۇلمىلىرى، گىلەملەر، پەردىلەر) نىڭ ئىسپاتلىشىچە، ھونلاردا قول ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ خىلمۇ-خىل تۈرلىرى مىلادىيەدىن نەچچە ئەسىر بۇرۇن خېلى يۇكسەك دەرىجىدە تەرەققى قىلغانلىقى مەلۇم.

ھونلاردا تۆمۈر قوراللىرى مەدەنىيەتنى يۈكسەلدۈرۈپ بەرگەن ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى، قول ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ تەرەققىياتىنى ئالغا سۈرۈپ، ياغاچچىلىق، يۇڭ توقۇمىچىلىق، كونچىلىك، (بولغارچىلىق)، بىناكارچىلىققا ئوخشاش تارماقلارنى مۇستەقىل كەسىپ سۈپىتىدە ۋۇجۇتقا كەلتۈردى. ف. ئېنگېلىس مۇنداق دەپ يازىدۇ: «تۆمۈر تارىختا ئىنقىلاۋى رول ئوينىغان...... ئۇ كاسىپلارغا شۇنداق پۇختا ۋە ئۆتكۈر قوراللارنى بەردىكى تاشلاردىن ھېچبىرى شۇ ۋاقىتتا مەلۇم بولغان قۇراللارنىڭ ھېچبىرىگە تەڭ كېلەلمەيتتى. ⑳ ئەمدى ھونلارنىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىكىنى قىسقىچە بايان قىلىمەن.

①مىتال قۇيمىچىلىق: ھونلارنىڭ مىتال قۇيمىچىلىق ھونىرى ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. چۈنكى، ئىنسانىيەت ئۆزىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدا تاش قۇرال دەۋرىدىن، ئۈچ، مىس قۇراللىرى دەۋرىگە، ئاندىن تۆمۈر قوراللىرى دەۋرىگە قەدەم قويغان. مانا شۇ تارىخى تەرەققىيات قانۇنىنى كوزدە تۇتقاندا ھونلار تاش قۇراللىرى دەۋرىدىن مىس قۇراللىرى دەۋرىگە مىلادىيەدىن نەچچە مىڭ يىللار بۇرۇن كىرگەن بولسا، تۆمۈر قۇراللىرى دەۋرىگە مىلادىيەدىن مىڭ يىل بۇرۇن كىرگەن. بەز تارىخچىلار ھونلارنى مىلادىيەدىن ئۈچ ئەسىر بۇرۇن تۆمۈر قۇرال دەۋرىگە كىرگەن دېيىشىۋاتىدۇ. بۇنداق قاراش يېقىنقى يىللاردا ئارخېئولوگىيە ئىلمىي قولغا كەلتۈرۈلگەن مەدەنى يادىكارلىقلار تەرىپىدىن ئۈزۈل-كېسىل رەت قىلىنىدۇ. يېقىنقى يىللاردا سېۋىت ئارخېئولوگلىرى ئالماتا ئەتراپىدىن بىر تۈرك خانىنىڭ قەۋرىسىنى تاپقان. قەۋرىگە دەپنە قىلىنغان جەسەتكە ئالتۇن چاپان كەيدۈرۈلگەن. ئالىملار بۇ جەسەتنىڭ كومۇلگەن ۋاقتىنى مىلادىيەدىن 6 ئەسىر بۇرۇن، دەپ ھوكۇم قىلىشتى. ㉑ ئەجداتـ

لىرىمىزنىڭ مىلادىدىن 4 ئەسىر بۇرۇن ئالتۇننى ئېرىتىپ، ئالتۇن چاپان، قۇيغانلىقىغا قارىغاندا، ھونلارنىڭ تۆمۈر قوراللار دەۋرىگە مىلادىدىن مىڭ يىل بۇرۇن كىرگەنلىكىگە ئەجەبلىنىشنىڭ ھاجىتى يوق. چۈنكى مىتاللار ئىچىدە تۆمۈردىن كېيىن تېپىلغان مىتال ئالتۇن بولۇپ، ئۇنىڭ ئىنسانلار ھاياتىدا ئىشلىتىلىشى تۆمۈردىن كېيىن بولغان.

ھونلار تۆمۈردىن ئوقيا باشاقلىرىنىڭ ئۇچلىرىنى، قىلىچ، خەنجەر، ساۋۇت، دولغا، نەيزە، ئوغاق، چىش (دىخانچىلىق سايمانلىرى)، يۈگەن، ئۈزەڭگە، پالتا، ھەرە، ئۆشكە، رەندە، ئىسكىنە، دەرەش، قازان، داڭقان قاتارلىق قوراللار ۋە سايمانلارنى ياسىغان.

تاشقى مۇڭغۇلىيەدىكى نويان تاغلىرىدىن تېپىلغان ھون خانلىرىنىڭ قەۋرىلىرىدىن ۋە ئىچكى مۇڭغۇلىيەدىكى ھون قەۋرىلىرىدىن بولۇپ، نۇرغۇن مىتال، قورال بويۇملار چىققان، ئۇنىڭ ئىچىدە مىستىن ياسالغان ئوقيا باشاقلىرى، قىلىچ، خەنجەر، يۈگەن، ئۇچاق، چومۇچ، چوگۇن، داڭقان، قوڭغۇراق، ئەينەك، بىلەيزۈك، قالپاق، مىس ئات، قاتارلىقلار بار. يوقۇرىدا تىلغا ئېلىنغان قەۋرىلەردىن چىققان نەرسىلەر ئىچىدە يەنە مىستىن ياسالغان قوي، ئات، يولۋاس، بۇغا قاتارلىق ھايۋانلارمۇ بار. مىستىن ياسالغان زىننەت بويۇملىرىغا جۈپ-جۈپى بىلەن چۈشۈرۈلگەن ھايۋانلارنىڭ سۈرىتى ئالاھىدە ئىتىبارغا ئىگە. ھونلار يىرتقۇچ يولۋاسنىڭ قىياپىتىدە ياسالغان زىننەت بويۇملىرىنى ياخشى كورەتتى. بۇ ھونلارنىڭ بىپايان يايلاقلار، قەدىمى ئورمانلىقلار ئىچىدە ھەردايىم يولۋاس قاتارلىق يىرتقۇچ ھايۋانلار بىلەن كورەش قىلىپ كەلگەنلىكىدىكى ئەمەلىيەتنى ئەكس ئەتتۇرسە، يەنە بىر تەرەپتىن ھونلارنىڭ يولۋاسقا ئوخشاش يىرتقۇچ ھايۋانلارنى باش ئەگدۈرەلەيدىغان قەيسەرلىككە ئىگە مىللىي خارەكتىرىنى ئەكس ئەتتۇرىدۇ.

ھونلارنىڭ مىتال قۇيمىچىلىق ھۈنەرۋەنچىلىكىدە، ئالتۇندىن تۈرلۈك زىبۇ-زىننەت بويۇملىرىنى ياساش، بۇتلارنى قۇيۇش ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىدۇ. نويان تاغلىرىدىن تېپىلغان ھون خانلىرىنىڭ قەۋرىلىرىدىن چىققان تاۋۇت ساندۇقلىرىنىڭ ئۈستىگە يۇپقا (نېپىز) ئالتۇن گۈللەر قادالغان. (22) مىلادىدىن 121 يىل بۇرۇن خەن سۇلالىسىنىڭ مەشھۇر سانغۇنلىرىدىن بىرى گەنسۇدا ھونلار بىلەن بولغان ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغان. ئۇ شۇ ئۇرۇشتا ھون خانى شىئۇت سوگانى يېڭىپ ئۇنىڭدىن ئالتۇندىن ياسالغان بىر بۇتنى غەنىمەت ئالغان. بۇ ئالتۇن بۇت قامان دىنىغا ئېتىقات قىلىدىغان ھونلارنىڭ چوقۇنىدىغان تەڭرىسىنىڭ ئوبرازى ئىدى. مانا شۇ ئالتۇن بۇت ئوز ۋاختىدا پادىشا خەنئۇدىغا تەقدىم قىلىنغان. تارىخىي خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، بۇ ئالتۇن بۇتنىڭ ئېگىزلىكى ئىككى يېرىم مېتىر كېلىدىكەن. پادىشا

خەنئۇدى ئالتۇن بۇتنى ئەتنۋالاپ، پايتەختتىكى شىمەندىكى گەنچۇەن ئوردىسىغا قويدۇرغان. ھەتتا شۇ ئالتۇن بۇتقا ئاتاپ نەزىرە چىراق قىلمىغان بولسىمۇ، لېكىن نوكچا كويدۇرۇپ، بۇتقا ھورمەت بىلدۇرگەن. ㉓

يۇقۇرىدىكى پاكىتلارغا قارىغاندا، ھونلاردا ئالتۇن ئېرىتىپ، تۇرلۇك زىبۇزىنەت بويۇملىرىنى ياساش، ئۇزلىرى چوقۇنىدىغان تەڭرىنىڭ ئوبرازىنى ئالتۇندىن قۇيدۇرۇپ ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلىش ئادەتلىرىنىڭ ئەۋج ئالغانلىقى مەلۇم. شۇنىسى ئالاھىدە دىققەتكە سازاۋەركى، ئاددى بىر يەرلىك ھون خانىدا (شئوت سۇگاخان كوزدە تۇتۇلىدۇ) چوقۇنىدىغان ئالتۇن بۇتنىڭ بولغىنىغا قارىغاندا، ھون تەڭرىقۇتلىرىنىڭ ئوردىلىرىدا ئالتۇندىن ياسالغان بۇيۇملار (ئېھتىمال ئالتۇن تەختلەر، ئالتۇن بۇتلار) نىڭ تۇرلىرى، سۇپىتى قانداق بولغىيدى؟

②ياغاچچىلىق: ھونلاردا ئوقيا، ھارۋا، ئاق ئويىنىڭ چاڭغىراق، كەرەگەلىرى، قالقان، ئىگەر، تاۋۇت قاتارلىق قورال-سايمانلارنى ياسايدىغان مەخسۇس ئورۇنلار بار ئىدى. بولۇپمۇ ياغاچچىلىق كەسپىدە ئوقيا، ھارۋا ياساش ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇراتتى. ھونلار بىلەن باشقا دولەتلەر ئارىسىدا پات-پات بولۇپ تۇرىدىغان ئۇرۇشلاردا ئوقيا ناھايىتى كوپ مىقداردا ئىشلىتىلەتتى. ئوقيانىڭ يالىرى، ئوقيا باشاقلىرىنىڭ ساپلىرىنى ياساش ئۇچۇن پۇختا ۋە كوپ مىقداردا ياغاچ ماتىرىياللىرى بىلەن تەمىنلەيدىغان ئورمانلىق رايونلاردا ياغاچچىلىق ئىشخانىلىرىنى قۇرغان. ئوقيا قەدىمقى چاغلاردىكى ئۇرۇشلاردا ئىشلەيدىغان مۇھىم قۇراللارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنىڭغا بولغان ئېھتىياج ناھايىتى جىددى ئىدى. ئوقيا ياساش بەلگۇلۇك تېخنىكا سەۋىيەسى ۋە تەجرىبىگە ئىگە ئۇستىلارنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلاتتى. شۇنداق بولغاندا تەلەپكە لايىق كېلىدىغان ئوقيا بىلەن قۇراللانغان ھون قوشۇنلىرى ئۇرۇشتا جەڭگىۋارلىق رولىنى ئويىنيالايتتى. شۇنىڭ ئۇچۇن ئوقيا ياسايدىغان ئۇستىلارغا ناھايىتى ئوبدان ئىمتىياز بېرىلەتتى.

ھونلارنىڭ پىيادە قوشۇنلىرى ئۇرۇش ھارۋىلىرىغا ئولتۇرۇپ، ئۇرۇشقا باراتتى. نەچچە يۇزمىڭلىغان پىيادە قوشۇن ئۇچۇن نەچچە تۇمەن ھارۋىلار كېرەك بولاتتى. ھونلاردا ھارۋا يالغۇز ھەربى ترانسپورت بولۇپلا قالماستىن بەلكى قاتناش قۇرالى سۇپىتىدىمۇ مۇھىم رول ئوينايتتى: شۇنىڭ ئۇچۇن ھونلار ئوز ھاياتىدا سان جەھەتتىن ناھايىتى كوپ، سۇپەت جەھەتتىن پۇختا، ئوبدان ھارۋىلارنى ياساش بىلەن شۇغۇللانغان.

بۇنىڭدىن تاشقىرى ھون ياغاچچىلىرى نەچچە يۇز مىڭلىغان ھون قوشۇنلىرى (ئاتلىق ۋە پىيادە قىسىملىرى) ئۇچۇن قالقان، ئىگەر قاتارلىق قورال جابدۇقلارنى

ياسايتتى. ھونلار ھاياتىدا كوچمەن چارۋىچىلىق مۇھىم ئورۇندا ئىدى، ئۇلار ئاق ئويلەردە ياشايتى. ھون ياغاچچىلىرى ئاق ئويلەر (كىگىز ئويلەر) ئۈچۈن ياغاچتىن چاڭقىراق، كەرەگىلەر ياسايتتى.

ھونلارنىڭ ياغاچچىلىق ھۈنەرۋەنچىلىكى مۇھىم ئورۇندا تۇرغانىدىن باشقا ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ئىدى . بايكول ئەتراپلىرى، چوغاي تاغلىرى، خېنشى كارىدورىدا ياغاچچىلىق ئورۇنلىرى كوپ ئىدى، چۈنكى شۇ جايلاردا ياپ-يېشىل ئورمانلىقلار بار ئىدى. مىلادىدىن 40يىل بۇرۇن ئىشىك ئاغاسى خۇيىڭ پادىشا خەن يەنىدىگە يازغان مەكتۇبىدا، چوغاي تاغلىرى ياپ-يېشىل ئوت-چوپلەر يەلپۈنۈپ تۇرىدىغان ئورمانلار بىلەن قاپلانغان، ئۇچار قۇشلار، ياۋايى ھايۋانلار ناھايىتى كوپ ياشايدىغان يەر بولۇپ، بۇرۇن باتۇر تەڭرىقۇت شۇيەردە ئوقيا ياساتقۇزغان.(24) دىگەن. مىلادىدىن 6يىل بۇرۇن باش لەشكەربېشى ۋاڭ گىڭ ئۇجىلونوتى تەڭرىقۇت (مىلادىدىن 8يىل بۇرۇنقى چاغدىن مىلادىنىڭ 13-يىلىغىچە تەڭرىقۇت بولغان) غا ئىۋەتكەن ئەلچى شاخۇيەن ئارقىلىق مۇنداق تەلەپنى قويغان: ھونلار باشقۇرۇپ تۇرىدىغان تىرتۇرىيەسى ئىچىدە بىر جاي بولۇپ، بۇ جاي خەن سۇلالىسى تىرتۇرىيەسىگە تۇتۇشۇپ، جاڭيې ۋىلايىتى (ھازىرقى گەنسۇدىكى جاڭيې ئەتراپلىرى-ئا) گىچە سوزۇلىدۇ. مانا شۇ جايدىن ئاجايىپ ئىسىل ياغاچ ماتىريالىلىرى ۋە ياۋايى قۇشلارنىڭ پەيلىرى چىقىدۇ. شۇ نەرسىلەردىن ئوقيا باشاقلىرىنى ياسىغىلى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن خەن پادىشاسى ھون تەڭرىقۇتىدىن شۇ جاينى بىرىشنى تەلەپ قىلىدۇ دىگەن. بۇ تەلەپنى ئاڭلىغان ئۇجىلۇنوتى تەڭرىقۇت خەن ئەلچىسىگە قايتۇرغان جاۋاپ مەكتۇبىدا مۇنداق دىگەن: ھونلارنىڭ غەرپ تەرەپتىكى خانلىرى ئۈچۈن لازىم بولىدىغان ئاق ئويلەر ۋە ھارۋىلارنى ياساشقا لازىم بولىدىغان ياغاچ ماتىرياللىرى شۇ جايدىن چىقىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇ جاي ئاتا بوۋىمىزدىن بىزگە قالغان. شۇڭا ئۇ جاينى قولدىن بىرىشكە ھەرگىز بولمايدۇ.(25)

(8) تۇقۇمچىلىق: نويان تېغىدىكى ھون خانلىرىنىڭ قەۋرىسىدىن چىققان مەدىنى يادىكارلىقلار ئىچىدە تۇقۇلماماللار (يۇڭ، يىپەك تۇقۇلمىلار) ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىدۇ.

ھون خانلىرىنىڭ قەۋرىلىرىنىڭ ئىچى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، چوڭقۇرلىغى 15 مېتىر كېلىدىغان قەۋرىلەرنىڭ توت تېمى ۋە قەۋرە يوللىرىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى تاملارغا خىلمۇخىل سورەتلەر كەشتىلەپ چۈشۈرۈلگەن يىپەك شايى پەردىلەر تارتىلغان. يىپەك شايى پەردىلەرگە كەشتىلەپ چۈشۈرۈلگەن قىياپەتلەر ئىچىدە، خىلمۇخىل رەڭدىكى بولۇتلار، قۇشلار، ھايۋانلار بۇغىغا مىنىپ بۇلۇتلار ئارا ئۇچۇپ كېتىپ بىرىۋاتقان پەرى قىزلار بار. بۇنداق يىپەك شايى پەردىلەرنىڭ ئىچىدە ھونلارنىڭ ئوزلىرى

www.uyghurkitap.com

تۇقۇغانلىرىمۇ (خوتەندە تۇقۇلغان بولۇشى مۇمكىن) بار. خەن پادىشالىرى تەرىپىدىن ھون تەڭرىقۇتلىرىغا تەقدىم قىلىنغانلىرى ھەم بار.

يۇڭ توقۇلمىلار ئىچىدە گىلەم ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىدۇ. ھون خانلىرىنىڭ قەۋرىلىرىدىن چىققان گىلەملەرنىڭ بىرىگە ئىككى باشلىق ئاجايىپ بىر جۈپ ھايۋاننىڭ بىربىرى بىلەن ئېلىشىۋاتقانلىقىنى تەسۋىرلەيدىغان دەھشەتلىك ھالەت كەشتىلەنگەن. گىلەملەرنىڭ يەنە بىرىگە قىياپىتى مۇلۇنغا ئوخشاپ كېتىدىغان قاناتلىق ئاجايىپ بىر مەخلۇقنىڭ كېيىكنى باسماداپ يەۋاتقانلىقى كەشتىلەنگەن. مانا شۇ گىلەملەرگە كەشتىلەپ چۈشۈرۈلگەن قىياپەتلەرنىڭ كەشتىلىنىشى ستىلى سىلىنغىلەرنىڭ كەشتىلەش ئۇسۇلىغا بىر ئوخشاپ كېتىدۇ. ھونلار خوتەندە گىلەمچىلىككە ناھايىتى بەك ئەھمىيەت بەرگەن. شۇڭا ھون تەڭرىقۇتلىرىنىڭ ئوردىلىرىدا تۇرلۇك نۇسخىدىكى گىلەملەر ناھايىتى كوپ ئىدى. ھونلار تۆگىنىڭ تىۋىت يۇڭلىرىدىن يىپ ئېگىرىپ، يۇڭ چەكمەن، شالچە توقۇيتتى. ھون خانلىرى كىمخاپ، شايىدىن چاپانلارنى كەيسە، ئادەتتىكى ھونلار يۇڭ چەكمەندىن چاپان كىيىشەتتى. ھون خانلىرى قىش پەسلىدە سۇسەر، دولقۇن، تۈلكە تېرىسىدىن تىكىلگەن جۇۋىلارنى، خەلق بولسا، قوي تېرىسىدىن تىكىلگەن جۇۋا كىيەتتى.

ھونلاردا كىگىز بېسىش بەكمۇ تەرەققىي قىلغان. چۈنكى كۆللۈك شىرداق بىلەن كىگىز ئۇلارنىڭ ھاياتىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇراتتى. ھونلاردا ئاق ئۆيلەرنىڭ ھەممە تەرىپى كىگىز بىلەن قاپلىنىپ ياسالغانلىقىدىن كىگىزگە بولغان ئېھتىياج ناھايىتى جىددى ئىدى.

④ بولغارىچىلىق: ھونلاردا بولغارىچىلىق (كونچىلىك) سەرراچلىق ھونىرىمۇ خېلى راۋاجلانغان ئىدى. ھونلار كالا تېرىسىدىن كون (بولغارى)، تۆگە تېرىسىدىن، ئۆچكە تېرىسىدىن يۇمشاق، نېپىز بولغارىلارنى ئىشلەپ چىقىراتتى. مۇنداق ماتېرىياللاردىن ئۆتۈك كىيىشەتتى. ھونلارنىڭ ئەرلىرى قونجى تىزىدىن ئېشىپ تۇرىدىغان ئۆتۈك كەيسە ئاياللار ئىلمى، پۇپۇچلۇق، پاشىنىسى ئېگىز، بەكمۇ چىرايلىق ئۆتۈكلەرنى كىيىشەتتى.

بولۇپمۇ ھونلار كالا تېرىسىدىن قېلىن، يۇمشاق، چىدامىلىق، قېيىشلەرنى ئىشلەپ چىقىرىپ، ئۇرۇش قوراللىرى، (ئاتنىڭ بېشىغا كەيدۈرىدىغان نېقاب، قېيىش چاپانلار، قورامساقلار ئاتجابدۇقلىرى (نوقتا، يۈگەن، ، ئوزەڭگە، ئەيىل تاسما، قېلىچ، خەنجەر غىلاپلىرى، قۇشقۇن، بۆكتەرگىلىك، ۋە قېيىق قاتارلىق نەرسىلەرنى ياسايتتى. ھون ئاتلىقلىرى مىنگەن ئاتلارنىڭ بېشىغا، قېلىچ، نەيزە. ئوقيادىن ساقلىنالايدىغان نىقاپلارنىڭ كەيدۈرۈلمىشى ھون ئاتلىقلىرىنىڭ ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن ساۋۇت كىيىپلا قالماي، ئۆز ئېتىنى دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلاش ئۈچۈنمۇ كۆڭۈل بۆلگەنلىكىنى كورسىتىدۇ.

هونلار دەريا ئېقىنلاردىن ئۆتۈش، ئىچكى دېڭىزلاردا ئۈزۈش، ئۈچۈن ئات تېرىسىدىن قېيىقلار-نى ياساشقىمۇ ئۇستا ئىدى. ئۇلار ياسىغان قېيىقلار ناھايىتى پۇختا بولۇپ، قېلىنچ ۋە ئوقيانىڭ زەربىسىگە بەرداشلىق بېرەلەيدىغان (مۇداپىيە قىلالايدىغان)، شۇ ۋە نەملىككە چىداملىق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە ئىدى.

⑤ كۆلالچىلىق. نويان تاغلىرىدىكى هون خانلىرىنىڭ قەۋرىلىرىدىن، سىغىمچانلىقى شەكلى، رەڭگى بىر-بىرىگە ئوخشايدىغان خىلمۇ خىل ساپال سايمانلار چىققان. بۇ نەرسىلەر مىلادىدىن 3 ئەسىر بۇرۇن ياسالغان بولۇپ، تۈرلىرى ۋە مىقدارىنىڭ كۆپلىكى، شەكلى بىلەن گۈللىرىنىڭ مۇرەككەپلىكى، ناھايىتى نەپىسلىكى قاتارلىق جەھەتلەردىن قارىغاندا، هونلارنىڭ كۆلالچىلىق (ساپالچىلىق) تېخنىكىسىمۇ خېلى يۇقۇرى سەۋىيەگە يەتكەن. ئەگەر ناھايىتى ئۇزاق چاغلاردىن تارتىپ توپلانغان تەجرىبىگە ئىگە كۆلالچىق بولمىغان بولسا كۆلالچىلىق تېخنىكىسى مۇنداق يۇقۇرى سەۋىيىسىگە كۆتۈرۈلمىگەن بولاتتى. مانا شۇنىڭغا قارىغاندا مىلادىدىن بىر نەچچە ئەسىر بۇرۇنلا كولالچىلىق قول ھۈنەرۋەنچىلىكىدە مۇستەقىل بىر ساھە سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەن.

هونلار خىلمۇ-خىل شەكىلدىكى گۈللۈك تاۋاقلار، ئاپقۇرلار، كوزا، يامىلار (تېرە ئاشلايدىغان)، كۆپلەرنى ئىشلەپ چىقىراتتى.

## سودا

هونلاردا چارۋىچىلىق، دېخانچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئۆز زامانىسىگە يارىشا خېلى يۇقۇرى دەرىجىدە تەرەققى قىلغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ بارغانسېرى تېز سۈرئەت بىلەن ئۆسۈپ بېرىۋاتقان ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش جەھەتتىكى ئېھتىياجىنى يەتەرلىك دەرىجىدە قامدىيالمايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئاسىيا ۋە ياۋروپادىكى دولەتلەر بىلەن سودا مۇئامىلىسىنى يولغا قويغان ئىدى.

هونلارنىڭ تاشقى سودا مۇئامىلىسىدە، هونلار بىلەن خەنسۇلار ئارىسىدىكى سودا خېلى مۇھىم ئورۇندا تۇراتتى. ئۇلار چارۋا مال (ئاساسەن ئات) تېرە يۇڭ تۇقۇلمىلارنى خەنسۇلارنىڭ دېخانچىلىق مەھسۇلاتلىرى بىلەن ئالماشتۇرۇپ، ئۆز ئېھتىياجىغا لازىم بولغان كەم نەرسىلەرنى (خۇسۇسەن هون خانلىرىنىڭ زىبۇ-زىنىنەت بويۇملىرىغا دولغان ئېھتىياجىنى) قامدايتتى.

هونلار خەنسۇلار بىلەن بولىدىغان چېگرا سودىسىغا ئالاھىدە ئېتىۋار بەرگەن. هونلار بىلەن خەنسۇلار ئارىسىدىكى چېگرا سودىسى مىلادىدىن ئىككى ئەسىر بۇرۇن (مىلادىدىن 196—يىل بۇرۇن) باشلانغان قۇدىلىشىشتىن كېيىن قىزغىن بىر باسقۇچقا كىرگەن، شۇندىن باشلاپ هونلار ھەر يىلى دىگۇدەك سەددىچىن سېپىلىنىڭ تۆۋىگە (قۇ-

ۋوق ئالدىغا) كېلىپ، خەنسۇلار بىلەن سودا قىلىشىدىغان بولغان، بۇنداق سودىغا هون خانلىرى، ئاددى خەلقلەرمۇ جەلپ قىلىنغان ئىدى، بۇنداق سودا هونلار بىلەن خەنسۇلار ئارىسىدا دەھشەتلىك ئۇرۇشلار يۈز بەرگەن چاغدىمۇ توختاپ قالمىغان.

مىلادىدىن 180 يىل بۇرۇنقى چاغدىن تارتىپ مىلادىدىن 117 يىل بۇرۇنقى چاققىچە بولغان 60 يىل ئىچىدە چاڭئەن (شىئەن) دىكى خەنسۇ سودىگەرلەر شەھەر خەلقلىرىدىن هونلارغا ھەر يىلى ھەربى قۇرال ۋە تۆمۈر سېتىپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن خەن پادىشالىرى تەرىپىدىن ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەنلەر 500 كىشىدىن ئاشقان (26) نويان تاغلىرىدىكى هون خانلىرىنىڭ قەۋرىلىرىدىن چىققان ماددى بويۇملار ئىچىدە، سودا ئارقىلىق ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن كەلتۈرۈلگەن ساپال قاچا-قۇچىلار، ياغاچ سايمانلار، سىرلانغان سايمانلار، تاش قۇراللار، ئات جابدۇقلىرى، زىبۇ-زىننەت بويۇملىرى (ئالتۇندىن ياسالغان) يىپەك شايىلار ئازئەمەس. هونلار بىلەن خەنسۇلار ئارىسىدىكى قىزغىن سودا مۇئامىلىسى ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا كۈچلۈك تەسىر كورسەتكەن.

هونلار بىلەن خەنسۇلار ئارىسىدىكى سودا مۇئامىلىسى ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. تارىخى يازما مەلۇماتلارغا قارىغاندا، بۇنداق سودا مۇئامىلىسى مىلادىدىن 4 ئەسىر بۇرۇن باشلانغان. (27) نويان تاغلىرىدىكى هون خانلىرىنىڭ قەۋرىلىرىدىن «يۇڭدىن توقۇلغان گۈللۈك كەشتىلىك ئاجايىپ پەردىلەر تېپىلغان. بۇ پەردىلەردە سەپ تارتىپ كېتىۋاتقان ئاتلىقلار تەسۋىرلەنگەن. ئادەملەرنىڭ تېپىگە ۋە ئۇلارنىڭ ياۋچىلار چەكيىم كەيگىنىگە قاراپ هوكۇم قىلغاندا، ئۇلار پەقەت تۇخارىستان (هازىرقى ئافغانىستان، پاكىستان ـــ ئا) تىرتۇرىيەسىدىلا مىلادىدىن 2 ئەسىر ياكى بىر ئەسىر بۇرۇن ئىشلەپ چىقىلغان بولۇشى مۇمكىن» (28) ماناشۇ پەردىلەرنىڭ هون خانلىرى قەۋرىسىدىن تېپىلىشى، هونلارنىڭ ئاسىيادىكى تۇخارىستان دولىتى بىلەنمۇ سودا ئىشلىرىنى ئېلىپ بارغانلىقىنى كورسۇتۇدۇ.

هونلار ناھايىتى ئۇزۇن مۇددەتكىچە شەرق بىلەن غەرب ئارىسىدىكى سودا يولىنىڭ خوجايىنى سۈپىتىدە رول ئوينىغانلىقى ئۈچۈن ئۆز هوكۇمرانلىقىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربى ئاسىيا ئارقىلىق يىراقتىكى يۇنانىستان بىلەنمۇ سودا ئالاقىسىنى يۈرگۈزگەن. نويان تاغلىرىدىكى هون خانلىرى قەۋرىلىرىدىن تېپىلغان ماددى بويۇملار ئىچىدە كەشتىلەپ توقۇلغان بىر يىپەك پەردە بار. ئالىملار بۇ پەردىنى «يۇنانلىقلار توقۇغان!» دەپ هوكۇم قىلىشقان. بولۇپمۇ هون خانلىرىنىڭ قەۋرىلىرى ئىچىدىكى ئالتىنچى نومۇرلۇق قەۋرىدىن: «......... يۇنانىستاندا ئىشلەنگەن يىپەك توقۇلمىلار ناھايىتى نۇرغۇن تېپىلغان.» (29) يوقۇرىدىكى پاكىتلار هونلار بىلەن ياۋروپادىكى يۇنانىستان ئارىسىدىكى سودا مۇئامىلىسىنى كورسۇتۇدۇ.

## 2-ھونلارنىڭ مەدەنىيىتى

### تىل

ھونلارنىڭ تىلى ئالتاي تىل سىستېمىسى تۈرك تىللىرى گۇرۇپپىسىغا كىرىدۇ.

قەدىمقى چاغدا ئۆتكەن جۇڭگو تارىخچىلىرى ئۆز ئەسەرلىرىدە بىر مۇنچە ھونچە سۆزلەرنى خەنزۇ يېزىقى بىلەن ئەينى ئاھاڭى (ھونچە ئاھاڭى) بويىچە يېزىشقا ئۇرۇنۇپ كۆرگەن. لېكىن خەنزۇ يېزىقى بىلەن باشقا مىللەتنىڭ سۆزىنى ئەينى ئاھاڭى بويىچە يېزىش قىيىن بولسىمۇ ھەرھالدا جۇڭگونىڭ قەدىمقى تارىخچىلىرى ئۆز ئەسەرلىرىگە يېزىپ قالدۇرغان ھونچە سۆزلەرنى بايقاش ئانچە قىيىن ئەمەس. بۇنىڭ مىساللىرىنى تۆۋەندە كەلتۈرىمىز.

| خەنزۇيېزىقىدا يېزىلىشى | ئەسلى ھونچە ئاتىلىشى | ھازىرقى ئۇيغۇر تىلىدا ئاتىلىشى |
|---|---|---|
| 匈 奴 xingnu | ھون | ھون |
| 撑 犁 chengli | تەڭرى | خۇدا |
| 孤 涂 gutu | قۇت | بەخت-سائادەت |
| 头 曼 tüman | تۈمەن | تۈمەن |
| 阏 氏 yanzhi | ئالچى | خانىش (مەلىكە، رەڭ) |
| 冒 顿 modün | ماتۇر | باتۇر |

| ئۇيغۇرچە | ھونچە | خەنسۇيېزىقىدا يېزىلىشى |
| --- | --- | --- |
| قىز | قىز | 居 穴<br>juci |
| ئوتتۇرا (چىگرا) | ئوتتۇرا | 瓯 脱<br>outuo |
| قېلىچ | قىڭراق | 径 路<br>chenlu |

خەنسۇ يېزىقى دۇنيادىكى باشقا مىللەتلەرنىڭكىگە ئوخشاش مەلۇم ساندىكى ھەرپلەردىن تەركىب تاپقان ئەمەس. خەنسۇ يېزىقى بويىچە قانداق نەرسىنى يازماقچى بولسا شۇ نەرسىنىڭ شەكلىنى كۆرسىتىدىغان سۈرەتنى سىزىدۇ. شۇڭا خەنسۇ يېزىقىنىڭ سانى باشقا مىللەتلەرنىڭكىگە ئوخشاش ئوتتۇز نەچچە ھەرىپتىن ئىبارەت بولماستىن بىرنەچچە مىڭ شەكىلنى كۆرسىتىدىغان سۈرەتتىن ئىبارەت. ئۇنىڭ ئۈستىگە خەنسۇ يېزىقى ئارقىلىق ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «ق»، «غ»، «ھ»، «ر» ھەرپلىرى بىلەن يېزىلىدىغان سۆزلەرنى ئەينى ئاھاڭى بويىچە توغرا يېزىش زادى مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا قەدىمقى چاغدىكى جۇڭگو تارىخچىلىرى ھونچە (تۈركچە) ناملارنى خەنسۇ يېزىقى بىلەن يېزىشتا ناھايىتى ئېغىر قىيىنچىلىقلارغا يولۇققان بولسىمۇ خېلى تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن. مەسىلەن: يۇقۇرىدا كۆرسىتىلگەندەك «ھون» نى «شيۇڭنۇ»، «تەڭرىنى» «چىڭلى «قۇت» نى «گوتۇ»، «ئالچى» نى «يانجىژى»، «قىز» نى «جۇسى»، «ئوتتۇرا» نى «ئوتتۇ» «باتۇر» نى «مودۇن» دەپ يېزىشقان. يۇقۇرىدا مىسال كەلتۈرۈلگەن سۆزلەر ھەققىدە بىر ئاز چۈشەنچە بېرىشكە توغرا كېلىدۇ.

ھونلار، پادىشاسىنى «تەڭرىقۇت» (خۇدانىڭ ئوغلى، خۇدانىڭ بەختى) دەپ ئاتاشقان. قەدىمقى چاغلاردا بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز «خۇدا» نى «تەڭرى» دەيتتى. بۇ سۆز ھازىرقى چاغدىكى ئۇيغۇر تىلىدىمۇ ساقلانغان، «تىيانشان تېغى» ئەسلىدە «تەڭرى تېغى» دەپ ئاتىلاتتى. قەدىمقى جۇڭگو تارىخچىلىرى «تەڭرى تېغى» نى خەنسۇچىغا تەرجىمە قىلىشىپ «تەنشەن» (天山) دەپ يېزىشقان. كېيىنكى چاغدىكى ياۋروپا ئالىملىرى «تەنشەن» سۆزىنى «تىيانشان» دەپ يېزىشقان. ھازىر ئادەتتە «تەڭرى تېغى» نى «تىيانشان» دەپ ئاتىساقمۇ، ئۇنىڭ چوقىسى قەدىمقى چاغدىكى ئەينى نامى بويىچە-

چە ھازىرقى «ساي ئەدرى چۈنۈسى» دېيىلىدۇ.

«قۇت» سۆزى ھەققىدە گەپ ئاچقاندا، ئۇيغۇرلار ھازىرمۇ «قۇتلۇق بولسۇن»، «قۇتاتسۇن» دېيىشىدۇ. ھەتتا ئىسىملىرىگە «قۇتلۇق» دەپ ئىسىممۇ قويىشىدۇ. مانا بۇ مىسال «قۇت» سۆزىنىڭ ھازىرمۇ ئىستېمالدىن قالمىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

«تارىخى خاتىرىلەر. ھونلار ھەققىدە قىسسە»دىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، مىلادىدىن 3ئەسىر بۇرۇن ھونلار بىلەن تۇڭگۇسلار ئارىسىدا ئارىلىقى مىڭ يول (500 كىلومېتىر-ئا) كېلىدىغان جاي بوش قالدۇرۇلغان. مانا شۇ بوش قالدۇرۇلغان جايدا ھونلارمۇ، تۇڭگۇسلارمۇ چارۋا ماللىرىنى باقمايتتى. بۇ جاينى «ئوتتۇرا» دەپ ئاتىغان. بۇ «ئوتتۇرا» ئەمەلىيەتتە ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى چېگرا ئىدى. قەدىمقى جۇڭگو تارىخچىلىرى ھونچە (تۈركچە) «ئوتتۇرا» (بىتەرەپ جاي. چېگرا مەنىسىدە-ئا) سۆزىنى خەنزۇ يېزىقى بىلەن «ئوتتۇ» دەپ يېزىشقان.

جۇڭگونىڭ قەدىمقى تارىخچىلىرىدىن پاڭشۇەنلىڭ «جىن يىلنامىسى»دا ئىككى مىسرا ھون قوشىقىنى خەنزۇ يېزىقى بىلەن ئەينى ئاھاڭى (ھون ئاھاڭى) بويىچە يېزىپ قالدۇرغان. قوشاق مۇنداق:

秀支替疾冈

仆谷秃勾当

فىرانسۇز ئالىمى فىللىئوت بۇ قوشاقنىڭ ھونچە (قەدىمقى تۈركچە) ئوقۇلۇشى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، ئاخىرى مۇۋەپپەقىيەت قازانغان.

秀支替疾冈

su gi ti lai gən

仆谷秃勾当

pugü tu ra qan

قوشاقنىڭ ھازىرقى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمىسى مۇنداق:

قوشۇن چىقتى يولغا،

فۇگۇ چۈشتى قولغا.

مىلادىنىڭ 90-يىللىرى تۈرلۈك سەۋەبلەرگە كۆرە ھونلارنىڭ بىر قىسمى غەربكە قاراپ كۆچۈپ كەتكەندىن كېيىن ئورخۇن ۋە سېلېنگا ۋادىلىرىدا قالغانلار ئاساسەن شەرقى ئۇيغۇرلار ئىدى. مانا شۇ شەرقى ئۇيغۇرلارنى جۇڭگونىڭ قەدىمقى تارىخچىلىرى «تۇرالار» ۋە «ئىگىز ھارۋىلىقلار» (ئىگىز چاقلىق ھارۋىلاردا يۈرگەنلىكى ئۈچۈن) دەپ يېزىشقان. تارىخچى ۋېيشۇ (مىلادى 6-ئەسىردە ياشىغان) مۇنداق دەپ يازغان ئىدى: «ئىگىز ھارۋىلىقلارنىڭ تىلى ھونلارنىڭ تىلىغا ئوخشاش بولۇپ، بەزىدە

ئازراق پەرق بار ئىدى.»(30) بۇيەردىكى «ئازراق پەرق» تەتەللىسورلەرنى كۆرسەتسە كېرەك. مىلادىنىڭ 90 ـ يىللىرى هونلارنىڭ بىرقىسمى غەرپكە قاراپ كوچكەن مەزگىلدە، غەرپكە كېتەلمىۋاتقان هونلارنىڭ بىر قىسمى كۇچارنىڭ شىمالىدىكى كۈنەس، تېكەس يايلاقلىرىدا قېپ قالغان. مانا شۇ هونلار (200 مىڭ كىشى) مىلادى 1 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا «زابىندىرلار دولىتى» (悦般国) نى قۇرغان. تارىخچى لىيەنشۇ (8 ـ ئەسىردە ياشىغان): «زابىندىرلارنىڭ ئۆرپە ئادەتلىرى، تىلى ئېگىز هارۋىلىقلار (شەرقى ئۇيغۇرلار) بىلەن ئوخشاش ئىدى.» (31) دەپ يازىدۇ. تارىختا «ئېگىز هارۋىلىقلار» دەپ ئاتالغانلار ـ قەدىمقى چاغدىكى شەرقى ئۇيغۇرلارنىڭ (بايكول، ئۇرخۇن، تۇغلا دەريالىرىنىڭ بويىدا ياشىغان ئۇيغۇرلار) دەل ئۆزى ئىدى. قەدىمقى چاغلاردا شەرقى ئۇيغۇرلار مۇڭغۇلىيەنىڭ ئالاھىدە بولغان جۇغراپىيە شارائىتىنى (يايلاق، دالا، چول، قۇم) هىساپقا ئېلىپ، ئۆزھاياتىدا ئېگىز چاقلىق هارۋىلارنى ئىشلەتكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن قەدىمقى تارىخچىلارنىڭ بەزىلىرى ئۇلارنى «ئېگىز هارۋىلىق تۇرالار» دەپمۇ يېزىشقان. ئەپسۇسكى يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئۇيغۇر تارىخىنى تەتقىق قىلىشقا هەۋەس قىلىۋاتقانلارنىڭ بەزىلىرى تارىخنى نىهايىتى ئۆزەلا تەتقىق قىلىپ، «ئېگىز هارۋىلىقلار» نى «قاهىللار» ياكى «قاڭلى» لار دەپ ئاتاشماقتا. بۇنداق تەتقىقاتچىلار تارىخ ئىلمىغا سەممىيەت، كەمتەرلىك، ئېهتىياتچانلىق بىلەن مەسئۇللۇق پوزىتسىيەسىدە تۇرۇپ، تارىخنى چوڭقۇر، ئەتراپلىق ئۆگۈنۈشى لازىم. ياۋروپا ئالىملىرىمۇ هونلارنىڭ قەدىمقى تۈرك تىلىدا (قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدا) سوزلەشكەنلىكىنى ئالغا سۈردى. بۇنداق ئالىملارقاتارىغا فىرانسوز ئالىمى رىمۇسات، كىلافلوت، نىكتا، لىۋگىراما تىك گىئورگى (بۇلار فىرانسىيە تارىخچىلىرى) لەر كىرىدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى هونلار، تۈركلەرنىڭ ئاتا بوۋىسى دىيىشسە، بەزىلىرى (ۋىنگىرلەر هەققىدىكى خاتىرلەرگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ) ۋىنگىرلەر تىلىدىكى ئۇيغۇر سوزىگە مۇناسىۋەتلىك ئىسىملارنى مىسال كەلتۈرۈپ، هونلارنىڭ قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدا سوزلەشكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. مەسىلەن: «ئونىغۇر»، «ئوتىغۇر»، «سادىغۇر» غا ئوخشاش.

يوقۇرقى بىر قاتار پاكىتلار هونلارنىڭ تىلى، قەدىمقى ئۇيغۇر تىلى ئىكەنلىكىنى تولۇق ئىسپاتلايدۇ.

## يېزىق

يېقىنقى چاققىچە شەرق ۋە غەرپ تۈركشۇناسلىرى ئارىسىدا، هونلارنىڭ يېزىغى مەسىلىسى هەققىدە بىر ـ بىرىگە ئوخشايدىغان هەر خىل قاراشلار هوكۇم سۈردى. بۇنداق قاراشلارنى ئاساسلىغى 3 خىلغا ئايرىش مۇمكىن.

1) بەزى تارىخچىلار، «ھونلارنىڭ يېزىقى يوق ئىدى، تىل بىلەنلا چەكلىنەتتى»(32) دېگەن پىكىرنى ئالغا سۈرىدۇ.

2) بەزى تارىخچىلار «ھونلار خەنسۇ ـ يېزىقىنى قوللانغان بولۇشى مۇمكىن» دېيىشىدۇ.

3) بەزى تارىخچىلار «ھونلار ئۆزلىرى ئىجات قىلغان يېزىقنى قوللانغان ياكى باشقا ئىلغار مىللەتلەرنىڭ يېزىقىنى قوبۇل قىلغان يىغىپ ئېيتقاندا ھونلار يېزىق قوللانغان.» (33) دېيىشىدۇ.

تارىخى تەرەققىيات باسقۇچلىرىنىڭ ئورتاق خۇسۇسىيەتكە ئىگە قانۇنىيىتى ۋە جۇڭگونىڭ قەدىمقى يىلنامىلىرىدىكى پاكىتلار، يېقىنقى يىللاردا تېپىلغان يازما يادىكارلىقلارغا ئاساسلىنىپ، ھونلار مىلادىدىن 5 ئەسىر بۇرۇنلا يەنسەي ئورخۇن يېزىقىنى قوللانغان. دەپ قەتئى ھۆكۈم قىلىش ئاساسىغا ئىگىمىز. شۇنداق ئىكەن، ئۇ چاغدا، بىرىنچى ۋە ئىككىنچى خىل قاراشلارنى ئۆزۈل-كېسىل رەت قىلىش لازىم. ئەمدى پاكىتلارغا نەزەر سالايلى.

(1) مەدەنىيەت بولسا جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ تەرەققى قىلىدۇ. ھونلار مىلادىدىن بىر نەچچە ئەسىر بۇرۇنلا فېئوداللىق جەمئىيەتكە قەدەم قويغان، ئۇلار شۇ چاغلاردىن باشلاپلا تۆمۈر، مىس، ئالتۇن قاتارلىق قارا ۋە رەڭلىك مېتاللاردىن ھەربى قورال، سەنئەت بويۇملىرى قاتارلىق تۈرلۈك نەرسىلەرنى ياساشتا خېلى يۇقىرى سەۋىيەگە كۆتۈرۈلگەن. تۆمۈر قوراللارنىڭ ياسىلىشى (ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتەرگەن، بۇنداق تەرەققىيات باسقۇچىدا ئاللاقاچانلا يېزىق قوللانغان. ف ئېنگېلس مۇنداق دەپ يازىدۇ. «تۆمۈر رودىسىنى ئېرىتىشتىن تارتىپ، ھەرپلىك يېزىقنىڭ كەشىپ قىلىنىشى ۋە ئۇنىڭ يېزىقلار ئۈچۈن قوللىنىلغان ئارقىلىق مەدەنىيەتكە ئۆتىدۇ.» (34) تارىخى تەرەققىيات قانۇنى بويىچە ئېيتقاندا، مىلادىدىن نەچچە ئەسىر بۇرۇن، مېتال ئېرىتىپ (مىس، تۆمۈر، ئالتۇن) تۈرلۈك قوراللار ۋە سايمانلار ياساشتا ئالاھىدە يۇقىرى سەۋىيەگە يەتكەن قۇدرەتلىك ئۇلۇغ ھون تەڭرىقۇتلىقىنى قۇرۇپ، دۆلەتنىڭ تەشكىلىي تۈزۈمىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ماددى ۋە مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ خىلمۇ-خىل تۈرلىرىنى ياراتقان ھونلارنىڭ يېزىق قوللانماسلىقى تارىخى تەرەققىيات قانۇنىيىتىگىمۇ، ئەقىلغىمۇ زادى سىغمىسا كېرەك.

(2) ھونلارنىڭ يېزىق قوللانغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان تارىخى پاكىتلارمۇ ئاز ئەمەس. باتۇر تەڭرىقۇتنىڭ مىلادىدىن 192-يىل بۇرۇن خەن قىرالىچىسى (ئايال پادىشاسى) لۈيخۇغا، مىلادىدىن 176-يىل بۇرۇن خەن پادىشاسى ۋىندىغا يازغان مەكـ

www.uyghurkitap.com

تۇپلىرى، كېيىنكى تەڭرىقۇتنىڭ مىلادىيىدىن 162 يىل بۇرۇن خەن پادىشاسى ۋېندىغا يازغان مەكتۇبى، غۇلىقۇ تەڭرىقۇتنىڭ مىلادىيىدىن 89 يىل بۇرۇن خەن پادىشاسى خەنۋۇدىغا يازغان مەكتۇبى، بۇلارنىڭ ھەممىسى دەلىل بولالايدۇ. مەكتۇبلارنىڭ بىرىسىدە كېيىنكى تەڭرىقۇت خەنۋۇدىغا مۇنداق دەپ يازغان: «كۆك تەڭرى بىلەن يەر تەڭرىسى تەرىپىدىن ھايات بېرىلگەن، كۈن تەڭرى بىلەن ئاي تەڭرى تەرىپىدىن تەختكە چىقىرىلغان ئۇلۇغ ھون تەڭرىقۇتى خەن پادىشاسىنىڭ سالامەتلىكىنى ئېھتىرام بىلە سورايدۇ.» قامان دىنىغا ئېتىقات قىلىدىغان ھونلار ئاسمانغا، يەرگە، كۈنگە، ئايغا ئېتىقات قىلىدىغان ئادەتكە ئىگە ئىدى. شۇڭا ئۇلارنىڭ يازغان مەكتۇبلىرى قامان دىنىنىڭ ناھايىتى كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچرىغاندىن تاشقىرى بەدىئىي جەھەتتىمۇ ئوبرازلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئىدى.

③ ھونلار مىلادىيىدىن بۇرۇنلا ئۆز دۆلىتىنىڭ ھەربىي ۋە مەمۇرى خەرىتىلىرىنى سىزغان ۋە ئۇنى قوللانغان. مىلادىيىدىن 36 يىل بۇرۇن قوتىمۇش تەڭرىقۇت (36-56) ئولتۇرۇلگەندە، خۇشاللىقىنى باسالماي قالغان خەن پادىشاسى يەندى (33—48) ۋەزىرلىرىگە بەرگەن زىياپىتىدە، قوتىمۇش تەڭرىقۇت ھايات چېغىدا ئىشلەتكەن خەرىتىنى ئۆز ئەمەلدارلىرىغا كۆرسەتكەن ئىكەن، مانا شۇ خەرىتىگە ھونلار تېررىتورىيەسىدىكى تاغلار ۋە دەريالار چۈشۈرۈلگەن. شۇ خەرىتە قوتىمۇش تەڭرىقۇتنىڭ سىياسى، ھەربىي، ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرغان خەرىتە بولۇشى مۇمكىن. مىلادىنىڭ 48-يىلى ھونلارنىڭ باتىس خانى بەي، خەن پادىشاسى گۇۋاڭ ئۇدىغا گۆخلىك ئاتلىق خەنسۇ ئارقىلىق ھونلار دۆلىتىنىڭ خەرىتىسىنى مەخپىي ھالدا ئەۋەتىپ بەرگەن ㉟ مانا بۇ خەرىتىنىڭ قوتىمۇش تەڭرىقۇتنىڭ خەرىتىسى بىلەن ئوخشاش خەرىتە بولۇشى تەبىئىي، ھونلار سىياسى ۋە ھەربىي ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇشتا خەرىتىلەرنى سىزىپ، ئۇنى قوللانغان ئىكەن، ئۇچاغدا خەرىتىلەردىكى شەرتلىك بەلگۈلەرنى يېزىق ئارقىلىق ئىزاھلىغانلىقىدا قىلچە شەك يوق.

④ مىلادىنىڭ 250 يىللىرى جۇڭگو پادىشاسى (بۇ مەزگىل 3 دۆلەت مەزگىلى ئىدى) كامبودژىغا ۋەكىللەر ئەۋەتكەن. ۋەكىللەر ئۆمىگىدىكى كاڭتەي ئاتلىق ئادەم ئۆز دۆلىتىگە قايتىپ كەلگەندە، كامبودژالىقلارنىڭ يېزىقى ھونلارنىڭ يېزىقىغا ئوخشايدىكەن ㊱ دېگەن. چاغلاردا كامبودژالىقلار ھىندى يېزىقىنى قوللانغان ئىدى. ئەلچى كاڭتەي كامبودژالىقلار قوللانغان ھىندى سانسكرىت يېزىقى (ياكى قاروشتى يېزىقى) بىلەن قەدىمقى چاغلاردا ھونلار قوللانغان يېنسەي ئۇرخۇن يېزىقىنىڭ پەرقىنى تازا ئايرىيالماي، شۇنداق دېگەن بولۇشى مۇمكىن. ئەڭ مۇھىمى ھونلارنىڭ يېزىقى بارلىقىنى 3-ئەسىردە ياشىغان خەنسۇلارمۇ بىلىدىكەن.

يۇقۇرىدا كەلتۈرۈلگەن تارىخى يازما پاكىتلار (ھونلارنىڭ يازغان مەكتۇبلىرى،

ھون خەرىتىلىرى، كاڭتەيننىڭ بەرگەن مەلۇماتلىرى) ھونلارنىڭ يېزىقى بارلىقىنى ئىسپاتلاشقا يارىسىمۇ، لېكىن ھونلارنىڭ زادى قانداق يېزىق قوللانغانلىقى ھەققىدە بىر نەرسە دېيىش قىيىن ئىدى. مانا شۇ ئەڭ قىيىن، ئەڭ جىددى ھەل قىلغۇچ مەسىلە ھازىر ئۈزۈل-كېسىل ھەل بولدى. پاكىتى تۆۋەندىكىچە؟

⑤ «كېيىنكى يىللاردا رۇسلار قازاقىستان جەمھۇرىيىتىنىڭ ئالمۇتادىن 50كىلومېتىر نېرىسىدىكى ئىسسىقكول ئەتراپىدا بىر قورغان خارابىسىنى قازدى. بۇ قېزىش ئىشلىرىدا ئارخېلوگىيە تارىخىغا «ئالتۇن كىيىملىك ئادەم» دەپ يېزىلغان ۋە ياش ئۆلۈپ كەتكەن بىر تۈرك شاھزادىسىنىڭ مازىرى تېپىلدى. شاھزادىنىڭ يېنىدا تېپىلغان كۈمۈش تاۋاقتا كوكتۈرك ئېلىپبەسىنىڭ دەسلەپكى شەكلى دەپ ھېساپلانغان ۋە تۈركچە ئىكەنلىكى ئالغا سۈرۈلگەن ئىبارىلار بار. بۇ تېپىلما مىلادىيىدىن 5ئەسىر بۇرۇنقى تارىخقا مەنسۇپ بولۇپ، تۈرك مەدەنىيىتىنىڭ قەدىملىكىنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈردى. بۇ ئەھۋال قەدىمقى تۈرك مەدەنىيىتى ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان ئەڭ ئۇلۇغ كەشپىياتلاردىن بىرى ھېساپلىنىدۇ.» ㊲ مانا بۇ ھونلارنىڭ قوللانغان يېزىقى يەنەي ئۇرخۇن يېزىقى (كوكتۈرك يېزىقى) ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشتا رەت قىلغىلى بولمايدىغان پاكىت. ھونلار تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغان ۋە ھونلارغا قېرىنداش بولغان تۈركلەرنىڭ يېزىقىنى ھونلارنىڭ قوبۇل قىلىپ، ئۇنى قوللانماسلىقى زادى مۇمكىن بولمىدىغان ئىش ئەمەس. قىتانلار دۆلىتى (916-1211)، ئۇلۇق موڭغۇللار ئىمپېرىيىسى (1209-1368) قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنى دۆلەت يېزىقى سۈپىتىدە قوللانغان ئەمەسمۇ؟ تىبەتلەرمۇ موڭغۇللار ئارقىلىق قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىنى قوبۇل قىلىپ تاكى ھازىرغىچە قوللىنىپ كەلمەكتە

بەزىلەرنىڭ ئۇرخۇن بويلىرىدىن تېپىلغان كوكتۈرك مەڭگۈ تاشلىرى ۋە ئۇيغۇر خانلىقىغا دائىر مەڭگۈ تاشلارغا ئاساسلىنىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ يازما ئەدەبىياتى 7-ئەسىردىن باشلىنىدۇ، ئۇيغۇرلار 7-ئەسىردىن باشلاپ يېزىققا ئىگە بولغان دېيىشلىرى ئەمدى بازار تېپىشتىن قالسا كېرەك.

خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا ھونلار مىلادىيىدىن بىر نەچچە ئەسىر بۇرۇنلا يەنەي ئۇرخۇن يېزىقىنى قوللانغان.

## ئەدەبىيات

ھازىرغىچە ھونلار ئەدەبىياتىنىڭ يازما يادىكارلىقى تېپىلمىغان بولسىمۇ ھونلار تەرىپىدىن توقۇلغان قوشاقلار ساقلىنىپ قالغان. مەسىلەن:

ئايرىلىپ قالغاندا تەڭرى تاغىدىن،

AltunOq

ئاۋۋاس بۇپ قالدى چارۋا-مالىمىز.
ئايرىلىپ قالغاندا ئالچى تاغىدىن،
مۇڭلۇنۇپ سارغايدى قىز، ئايالىمىز.

بۇ قوشاقنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە ئۇنىڭ مەزمۇنى ھەققىدە ئانچە-مۇنچە چۈشەنچە بېرىشكە بولىدۇ.

باشتا توختۇلۇپ ئۆتكۈنۈمىدەك خەن سۇلالىسى ھونلارغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئىقتىسادى، ھەربى ۋە باشقا جەھەتلەردىن ئۇزۇن مۇددەت پۇختا تەييارلىق كورگەن. خەنۇدي پادىشالىق قىلغان چاغدا (87—140) ھونلارغا قارشى ئۇزۇنغا سوزۇلغان قانلىق ئۇرۇشلار يۈز بەرگەن. بۇنداق ئۇرۇشلارنىڭ بىرى مىلادىدىن 121يىل بۇرۇن بولغان. شۇ ئۇرۇشتا مەشھۇر ساغۇن خوچۇبىڭ باشچىلىغىدىكى بىر نەچچە يۈز مىڭ ئاتلىق، پىيادىدىن تەركىپ تاپقان خەن قوشۇنلىرى ھونلارنى ئىككى قېتىم گەنسۇنىڭ شىمالىغا قوغلاپ بېرىپ، خېشى كارىدورىنى تارتىپ ئالغان. گەنسۇدىكى تەڭرى تېغى (چىلەنشەن)، ئالچى تېغى (يەنجىژشەن) بوك-باراخسان ئارچا-قارىغايلار قاپلاپ تۇرغان، ياپ-يېشىل ئوتلار يەلپۈنۈپ تۇرىدىغان، قىشتا-ئىللىق، يازدا سالقىن، چارۋىچىلىققا ناھايىتى باپ، ياپلاقلىرى ئۇزۇندىن - ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ كەتكەن تاغلار ئىدى. ھونلار مانا شۇ گۈزەل ياپلاقلىرىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىغا بېغىشلاپ يۇقۇرىدىكى قوشاقنى توقۇغان. قوشاقتا ھونلار ھاياتىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان چارۋىچىلىق بىلەن رېئال ھاياتىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى بىرلەشتۈرۈلگەن. قوشاقتا „ئالچى تېغى» بىلەن «مۇڭلۇنۇپ سارغايدى قىز، ئايالىمىز» دىگەن قۇرلارنىڭ باغلىنىپ تەسۋىرلىنىشى ناھايىتى چوڭقۇر مەناغا ئىگە. چۈنكى ھونلارنىڭ خوتۇن—قىزلىرى رەڭگى سۈزۈك قىزىلغا مايىل بىر تۈرلۈك گۈلدىن ئوپا ياساپ، چىرايىنى گۈزەللەشتۈرۈش ئۈچۈن يۈزىگە ئەڭلىك سۈركەتتى. ھونلار مانا شۇ ئوپىنى ئالچى (قىزىلچى-ئا) ئوپىسى دەپ ئاتىشاتتى. شۇنىڭدەك ھون تەڭرىقۇتىنىڭ رەسمى بىكەسى (خانىش—ئا) ئالچى دەپ ئاتىلاتتى. ھازىرقى زامان تىلشۇناسلىرىنىڭ ئىسپاتلىشىچە، ھازىرقى رۇس تىلىدىكى „ئالى» (قىزىل-ئا) سوزى ھون (تۈرك) لەرنىڭ „ئالچى» سوزىدىن كېلىپ چىققان ئىكەن.

ھونلار ئالچى تېغىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىنى، ھون خوتۇن - قىزلىرىنىڭ گويا ئوپا-ئەڭلىكتىن ئايرىلىپ قالغانلىقىغا ئوخشىتىپ، بۇندىن كېيىن خوتۇن — قىزلىرىمىز چىرايى گۈزەل ئالچى بولالمايدىغان بولۇپ قالدى، دەپ ھەسرەتلەنگەن.

## مۇزىكا

مىلادىنىڭ 89-يىلى خەن سۇلالىسىنىڭ سانغۇنلىرىدىن بىرى دۈشمەن غەربىي هونلار (شىمالىي هونلار)بىلەن ئۇرۇشقان چاغدا، هونلارنىڭ ئوردا سېپىلىدىن چىقىۋاتقان نەي ئاۋازىنى ئاڭلىغان. (38) مىلادىنىڭ 200-يىلى مەشھۇر ئەدىپ، خەتتات سەييۇڭنىڭ قىزى سەۋىنجى شەرقىي هونلار (جەنۇبىي هونلار) تەرىپىدىن بۇلاپ كېتىلگەن. ئۇ شەرقىي هونلارنىڭ سولقۇل بىلگە خانىغا ياتلىق قىلىنغان بولۇپ، هونلاردا 20يىل تۇرغان. مىلادىدىن 220يىل بۇرۇن ساۋساۋ تەرىپىدىن قايتۇرۇپ كېلىنگەن. ئۇ «هونلار يىنىگە 18غەزەل» دىگەن شېرى ئەسىرىدە «كەچ كىرگەندىن تارتىپ تاڭ ئاتقانغا قەدەر داقا-دۇمباقنىڭ ئاۋازى ياڭراپ تۇرىدۇ» (39) دىگەن.

مانا شۇيۇقۇرىدا كەلتۈرۈلگەن پاكىتلارغا قارىغاندا، هونلاردا نەي، دۇمباق، ناغرا قاتارلىق مۇزىكا(ساز) ئەسۋاپلىرى بولغان. بۇھەقتىكى مەلۇمات مىلادىنىڭ 1-ئەسىردە بىرىلگەن بولسىمۇ هونلارنىڭ مىلادىدىن بىر نەچچە ئەسىر بۇرۇنلا مۇزىكىلىرى بولغانلىقىغا گۇمانلانمىسىمۇ بولىدۇ.

## سەنئەت

هونلاردا سەنئەتنىڭ خىلمۇ - خىل تۈرلىرى (رەسساملىق، نەققاشلىق، ھەيكەلچىلىك) ئالاھىدە تەرەققىي قىلغان.

1-رەسساملىق: نويان تاغلىرىدىكى قەدىمىي هون خانلىرىنىڭ قەۋرىلىرىدىن تېپىلغان مەدەنىي يادىكارلىقلار ئىچىدە هونلارنىڭ رەسساملىق سەنئىتىدىن گۇۋالىق بېرىدىغان پاكىتلار خېلى كۆپ. قاچىلار قىزىل، قارا سىرلار بىلەن سىرلانغان. قاچىلارنىڭ بىرىدە قارا سىرنىڭ ئۈستىگە كەينىنى مايمۇن تەرەپكە قىلىپ تۇرغان بىر شىرنىڭ سۈرىتى قىزىل رەڭ بىلەن سىزىلغان. ياغاچتىن ياسالغان تاۋۇتلارنىڭ سىرتى قارا سىر بىلەن سىرلانغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە قىزىل، سېرىق، يېشىل، نەشرەڭدىن ئىبارەت 4خىل رەڭ بىلەن گۈزەل رەسىملەر سىزىلغان. بۇلار ئىچىدە بىر تورنانىڭ بولۇت ئىچىدە پەرۋاز قىلىپ كېتىۋاتقانلىقى تەسۋىرلەنگەن.

2-نەققاشلىق: هونلار مىسقا، سۆڭەككە ئادەملەرنىڭ، هايۋانلارنىڭ خىلمۇ-خىل هالەتلىرىنى تەسۋىرلەيدىغان قىياپەتلىرىنى نەپىس قىلىپ نەقىشلەپ (ئويۇپ) چۈشۈرۈشكە ئۇستا ئىدى. ئۇلار قاشتېشىدىنمۇ چىرايلىق سەنئەت بۇيۇملىرىنى ياسىغان. نويان تاغلىرىدىكى قەدىمىي هون خانلىرىنىڭ قەۋرىلىرىدىن چىققان مەدەنىي يادىكارلىقلار ئىچىدە ياقۇت ئات، قاشتېشى تاقالغان كەمەرلەر بار. مانا شۇ كەمەرگە تاقالغان قاشتېشىغا بىر-بىرىگە قاراپ ئۇسسۇل ئويناپ تۇرغان بىر جۈپ ئەجدىھار نەقىش قىلىپ چۈشۈرۈلگەن.

3ـ ھەيكەلتاراچلىق: ھونلار قامان ئەقىدىسىگە كۆرە ئۆزلىرى چوقۇنىدىغان تەڭرىلىرىنىڭ (خۇدالىرىنىڭ) بۇتلىرىنى (ھەيكىلىنى) ئالتۇندىن، ياغاچتىن ياساشقان. مەسىلەن: مىلادىدىن 121 يىل بۇرۇن خەن سانغۇنى خوچۇبىڭ گەنسۇدا ھونلارنى مەغلۇپ قىلغان ۋاقىتتا غەنىمەت ئالغان ئالتۇن بۇتنى ئەسكە ئېلىش شۇنىڭغا مىسال بولىدۇ. ھون قەۋرىلىرىدىن خېلى كۆپ ياغاچ بۇتلارمۇ چىققان.

## بىناكارلىق

1929—1928 ـ يىللىرى سوۋېت ئارخېئولوگىيە ئالىملىرىدىن سوسنوۋىسكى 1956—1955ـ يىللىرى ئوكلارنكوۋ تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىك قېزىشلار نەتىجىسىدە، سېلىنگا دەرياسىنىڭ بويىدىن ھونلارنىڭ بىر شەھەر خارابىسى تېپىلغان. بۇ خارابىنىڭ ئورنى ھازىرقى بۇريات ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ پايتەختى ئۇلان ئۇدە شەھرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىن 16 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى سېلىنگا دەرياسىنىڭ بويىغا جايلاشقان. شەھەرنىڭ تۆرت ئەتراپى سېپىل بىلەن ئورالغان. سېپىل بويلاپ كەتكەن چوڭقۇر خەندەكمۇ بار. شەھەرنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى سېپىلنىڭ ئۇزۇنلىقى 348 مېتىر كېلىدۇ. شەرق تەرىپىدىكى سېپىلنى سېلىنگا دەرياسىنىڭ سۈيى يالاپ ۋەيران قىلىۋەتكەن. شەھەرنىڭ شەكلى تۆرت چاسا بولۇپ، ئۇنىڭدىن تېپىلغان ئۆيلەرنى ئىككى خىلغا ئايرىش مۇمكىن. 1ـ خىلدىكى ئۆيلەر، ئادەتتىكى ئۆيلەر بولۇپ، ھەر بىرىنىڭ ئىگەللىگەن ئورنى 20 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ. ئۆيلەرنىڭ ھولىغا تاشتىن ئىككى قەۋەت ھول تۇتۇلغان. ھول ئۈستىگە ناھايىتى نۇرغۇن ياغاچ تۈۋرۈكلەر ئورنىتىلغان. تۈۋرۈكلەرنىڭ ئارىسى لاي، توپا بىلەن تولدۇرۇلۇپ، قاڭدالغان. ئۆيلەرنىڭ ئىشىكى جەنۇپ تەرەپكە قويۇلغان. ئارخېئولوگلار: بۇ ئۆيلەردە ئاددىي كىشىلەر ھايات كەچۈرگەن، دەپ تونۇشقان.

ئىككىنچى خىلدىكى ئۆيلەرنىڭ كۆلىمى بىرىنچى خىلدىكى ئۆيلەرگە قارىغاندا چوڭ بولۇپ، ياسىلىشىمۇ بىر قەدەر سىلىق، بۇنداق ئۆيلەردە ھون ئاق سۆڭەكلىرى ياشىغان. بۇ خىل ئۆيلەر تۆت چاسا بولۇپ، ئىشىكى جەنۇپ تەرەپكە قويۇلغان. بۇ ئۆيلەرنىڭ ئادەتتىكى ئۆيلەردىن پەرقلىنىدىغان ئالاھىدىلىكى شۇكى بۇنداق ئۆيلەرنى قىشتا ئىسسىتىش ئۈچۈن كاڭدىن پايدىلانغان. (40)

بۇ شەھەردىن ساپالدىن ياسالغان ناھايىتى نۇرغۇن سايمانلار چىققان. بۇ ساپال سايمانلارنىڭ شەكلى، چوڭ ـ كىچىكلىكى ھەر خىل بولۇپ، چىكىلگەن گۈللىرىمۇ بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدۇ. ساپال سايمانلار قول ۋە چاق بىلەن ياسىلاتتى. شەھەردىن ساپال سايمانلارنى ياسايدىغان چاقلارمۇ چىققان. (41)

تاشقى مۇڭغۇلىيەدىكى قۇرۇلۇن دەرياسىنىڭ ئوڭ قىرغىقىدىن ھونلارنىڭ بىر شەھەر خارابىسى تېپىلغان. خارابىنىڭ جەنۇپ ۋە شىمال تەرىپىنىڭ ئۇزۇنلۇقى (ھەر بىر تەرىپىنىڭ 767 مېتىر بولۇپ، شەرق ۋە غەرپ تەرىپىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 360 مېتىر كېلىدۇ. شەھەر سېپىلىنىڭ ھازىرقى ساقلىنىپ قالغان خارابىسىنىڭ قېلىنلىقى 3.7 مېتىر ئېگىزلىكى 0.7 مېتىر كېلىدۇ. شەھەرنىڭ مەركىزىدە ناھايىتى چوڭ بىر قۇرۇلۇش بولۇپ، ئۇ «گۇۋا — دوبۇ» دەپ ئاتىلىدىكەن. ئېھتىمال بۇ قۇرۇلۇش ھونلارنىڭ ئىبادەتخانىسى بولسا كېرەك. بۇ شەھەر خارابىسىدىن ناھايىتى نۇرغۇن مەدەنىي يادىكارلىقلار چىققان. (42)

1925 — يىلى سوۋېت ئارخېئولوگى ۋىلادىمىروۋ، قۇرۇلۇن دەرياسىنىڭ دىزجىن ئېرىقىنىڭ سول قىرغىقىدىن يەرلىك خەلقلەر «خاسار» (ھازار؟) دەپ ئاتايدىغان بىر شەھەرنى تاپقان. ۋىلادىمىروۋ بۇ شەھەرنى «ھەربىي قورغان خارابىسى» دەپ تونىغان. شەھەر سېپىلىنىڭ كەڭلىكى 15—10 مېتىر، ئېگىزلىكى 80—50 سانتىمېتىر (ھازىر ساقلىنىپ قالغان ئېگىزلىكى) كېلىدۇ. سېپىل ئەتراپىدىكى خەندەكنىڭ كەڭلىكى 6—3 مېتىر، چوڭقۇرلۇقى 70—30 سانتىمېتىر كېلىدۇ. شەھەر ئىچىدە كۆلىمى ھەر خىل بولغان قۇرۇلۇشلار بار. ھون شەھەرلىرىنىڭ خارابىلىرىدىكى ئۆيلەرنىڭ ئۈستى ساپال خىشلار بىلەن يېپىلغان (43) مىلادىيىدىن 119 — يىل بۇرۇن خەن سانغۇنى ۋېي چىڭ ھونلارغا ھۇجۇم قىلىپ، تاشقى مۇڭغۇلىيەدىكى خاڭگەي تاغلىرىنىڭ جەنۇبىي تىزمىسىدىكى جاۋشىن شەھىرى دەپ ئاتىلىدىغان ھون شەھىرىگە بېسىپ كىرگەن. بۇ يەردىكى ئاشلىق ساقلىرىنى كۆيدۈرگەن. يۇقىرىدىكى بىر قاتار پاكىتلارغا قارىغاندا ھونلاردا بىناكارلىقمۇ ئالاھىدە تەرەققىي قىلغان.

## تىبابەتچىلىك

خەن ئۇدى مىلادىيىدىن 100 يىل بۇرۇن سۇئۇ باشچىلىقىدا 100 كىشىدىن تەركىپ تاپقان چوڭ بىر ئەلچىلەر ئۆمىكىنى ھونلارغا ئەۋەتىدۇ. سۇئۇ ھونلار دۆلىتىگە يېتىپ كەلگەندە ھون تەڭرىقۇتى قۇتغۇ (96-101) سۇئۇنى ياخشى قارشى ئالمايدۇ. شۇ چاغدا، بۇرۇن ھونلارغا ئەلچى بولۇپ كەلگەندە ئۆز دۆلىتىگە قايتۇرۇلمىغان ئۇچاڭ قاتارلىق خەن ئەمەلدارلىرى سابىق قۇنيې خان (مىلادىيىدىن 121 يىل خەن سۇلالىسىغا تەسلىم بولغان ھون خانى — ئا) نىڭ سىڭلىسىنىڭ ئوغلى غۇۋان بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ يوشۇرۇن سۈيىقەست ئويۇشتۇرۇشقا كىرىشىدۇ. سۈيىقەستچىلەر تەڭرىقۇتنىڭ ئەقىللىق ۋەزىرى ۋى لۈينى ئۆلتۈرۈپ، تەڭرىقۇتنىڭ ئانىسىنى بۇلاپ، خەن سۇلالىسىغا قېچىشنى پىلانلايدۇ. سۈيىقەستچىلەردىن ئۇچاڭ سۇئۇنىڭ ئورۇن باسارى جاڭشىنغا (ئۇنىڭ

بىلەن كونا تونۇش ئىكەن) سۇيقەستنى ئۇقتۇرۇپ، ئۇنىڭ مەسلىھەتىنى ئالىدۇ. جاڭشىن سۇيقەستچىلەرنى قوللاپ ئۇچاڭغا مەدەت بېرىدۇ. سۇيقەستچىلەر بىر نەچچە ئايدىن كېيىن، قۇتىغۇ تەڭرىقۇتنىڭ ئوۋغا چىقىپ كەتكەن پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، 70دىن ئارتۇق ئادەمنى تەييارلاپ، ھەركەتنى باشلىماقچى بولىدۇ. دەل شۇ پەيتتە ئۇلار— نىڭ ئىچىدىن بىر كىشى كىچىسى قېچىپ چىقىپ، سۇيقەستنى تەڭرىقۇتنىڭ ئوغۇللىرىغا مەلۇم قىلىدۇ. تەڭرىقۇتنىڭ ئوغۇللىرى ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان ھامان قوشۇن تارتىپ كېلىپ، غۇۋان باشچىلىقىدىكى سۇيقەست— چىلەرنى قىرىپ تاشلايدۇ. ئۇلاردىن ئۇچاڭلاتىردىك قولغا چۈشىدۇ. جاڭشىن ئۆزى قوللاپ مەدەت بەرگەن سۇيقەستنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىنى ئاڭلاپ قورقۇپ كېتىدۇ. ئەھۋالنى سۇئۇغا مەلۇم قىلىدۇ. ئۆز ئورۇنباسارى جاڭشىن قوللىغان سۇيقەستنىڭ جىنايى جاۋابكارلىقىدىن قورققان سۇئۇ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈپ ئالماقچى بولىدۇ. سۇيقەس— تىن خەۋەر تاپقان قۇتىغۇ تەڭرىقۇت خەن ئەلچىلىرىنى ئۆلتۈرۈپ تاشلىماقچى بولىدۇ. لېكىن تەڭرىقۇتنىڭ ۋەزىرى ئىلقىسەي خەن ئەلچىلىرىنى ئۆلتۈرگەندىن كۆرە، ئۇلارنى تەسلىم قىلدۇرۇش پايدىلىق دەپ مەسلىھەت بېرىدۇ. تەڭرىقۇت ۋىلوينى ئەۋەتىپ سۇئۇ— نى تەسلىم قىلدۇرماقچى بولىدۇ. سۇئۇ تەسلىم بولمايدۇ. ۋە ئۆزىنى ئۆلتۈرۈپ ئالىدۇ. شۇ چاغدا ۋىلوي قامان تېۋىپلىرىنى چاقىرتىپ كېلىپ سۇئۇنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇشقا ھەركەت قىلغان. قامان تېۋىپلىرى دەرھال يەرنى كولاپ بىر ئورا قازغان، ئوت قالاپ ئورىنىڭ تېگىنى ئىسسىتقان. ئاندىن ئىسسىقلىق چىقىپ تۇرغان ئورىنىڭ ئاغزىغا سۇئۇنى ياتقۇزۇپ، قامان تېۋىپ ئۇنىڭ مۈرىسىگە دەسسەپ قان چىقارغۇزغان. ئەسلىدە سۇئۇنىڭ نەپەسى توختاپ قالغان بولسىمۇ، يېرىم كۈندىن كېيىن سۇئۇ ھوشىغا كەلگەن. بۇنىڭغا قارىغاندا ھونلارنىڭ قامان تېۋىپلىرىنىڭ جىددى كېسەللەرنى قۇتقۇزۇپ ئې— لىش ۋە تىغ تېگىپ يارىدار بولغان ئادەملەرنى ساقايتىشتا تاشقى ئوپراتسىيە ئىش— لىرى قولىدىن كېلىدىكەن.

سۇئۇ ئۆلۈمدىن قۇتۇلغاندىن كېيىنمۇ تەسلىم بولۇشقا ئۇنىمىغان. بۇنىڭدىن ئاچچىقلانغان ھون تەڭرىقۇتى ئۇنى بايكول (بايقال) بويىغا سۈرگۈن قىلىپ، قوي باقتۇرغان. سۇئۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە «ئۆز يۇرتۇمغا قاچان قايتىپ كېتىمەن» دەپ سورىغاندا، تەڭرىقۇت «قوچقار تۇغقان چاغدا قايتىپ كېتىسەن» دەپ ھاقارەتلىگەن. قەيسەر، قەتئىي ئىرادىلىك سۇئۇ بايكول بويىدا 19يىل قوي باققان. ئۇ قۇتىغۇ (96—101)، غۇلىقۇ (85—96)، غۇيانىدى (68—85) قاتارلىق 3تەڭرىقۇتنىڭ خورلاشلىرىغا بەرداشلىق بېرىپ، مىلادىنىڭ 81—يىلى ئۆز ۋەتىنىگە قايتىپ كەتكەن. خەن جاۋدى (74—86) مىلادىدىن 81يىل بۇرۇن ھونلار بىلەن بولغان قۇدىلىشىشنى ئىسلىگە كەل—

تۈرگەن. ئىككى دۆلەت ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت ياخشىلىنىشقا باشلىغان. خەن جاۋدى ئەلچى ئارقىلىق، هونلاردىن سۇئۇنى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغاندا، غويانىدى تەڭرىقۇت (68—85) «سۇئۇ ئۆلگەن» دەپ جاۋاپ قايتۇرغان. لېكىن بۇرۇن هونلاردا قالدۇرۇلۇپ، ئۆز دۆلىتىگە ئىۋەتىلمىگەن چاڭ خوي ئاتلىق ئەمەلدار كېچىسى ئوغۇرلۇقچە خەن ئەلچىسى بىلەن ئۇچرۇشۇپ، ئۇنىڭغا مۇنداق ئەقىلنى كۆرسەتكەن. شۇ ئەقىل بويىچە تەڭرىقۇتقا مۇنداق دېگەن. «سۇئۇ ئۆلمىگەن پادىشايىمىز كۆلنىڭ بىرىدە ئوۋ قىلىپ، بىر تۇرنانى قولغا چۈشۈرگەن. تۇرنانىڭ پۇتىغا يىپەك رەختىگە يېزىلغان خەت باغلانغان ئىكەن. خەتتە سۇئۇ ئۆزىنىڭ مەلۇم بىر كۆلنىڭ بويىدا بارلىغىنى ئېيتقان». مانا شۇنداق تەدبىر ئارقىلىق قۇتقۇزۇلغان سۇئۇ مىلادىدىن 81 يىل بۇرۇن ئۆز ۋەتىنىگە قايتىپ كەلگەن. (44)

ئىشەنچلىك تارىخى پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا، خەنسۇلار مىلادىدىن 60 يىل بۇرۇن چىچەك چىكىشنى هونلاردىن ئۆگەنگەن. (45)

يوقۇرىدا كەلتۈرۈلگەن ئىككى پاكىت هونلاردا تىبابەتچىلىكنىڭ خېلى يوقۇرى سەۋىيەگە يەتكەنلىگىنى ئىسپاتلايدۇ.

## دىن

هونلار قاماندىنىغا ئېتىقات قىلاتتى. قامان دىنى كۆپ خۇدالىق دىنلارنىڭ بىرى بولۇپ، هونلاردا، ئاسمانغا، يەرگە، كۈنگە، ئايغا، يۇلتۇزلارغا چوقۇنۇش ئادىتى بار ئىدى. بۇنداق ئادەت هونلار هاياتىدىكى سىياسى ھەربى ئىشلارغىچە سىڭىپ كەتكەن.

هون تەڭرىقۇتلىرى چىدىرلىرىنى تىككەندە، ئىشىكنى كۈن چىقىش تەرەپكە قارىتىپ ئاچاتتى. هون تەڭرىقۇتلىرى تاڭ سەھەردە كۈنگە قاراپ چوقۇناتتى. كېچىسى ئايغا چوقۇناتتى، هونلار ناھايىتى جىددى مۇھىم ئىشلارنى قىلىشتا يۇلتۇز ۋە ئايغا قاراپ بىر تەرەپ قىلاتتى، هونلار ئاي تولغاندا دۈشمەن ئۈستىگە بېسىپ بېرىپ هۇجۇم قىلاتتى. ئاي تۇتۇلغاندا قوشۇنلىرىنى چىكىندۈرۈپ كېتەتتى. هون تەڭرىقۇتلىرى خەن پادىشالىرىغا يازغان مەكتۇبلىرىدا كۆك تەڭرى بىلەن يەر تەڭرى تەرىپىدىن هايات بېرىلگەن كۈن تەڭرى بىلەن ئاي تەڭرى تەرىپىدىن تەختىگە چىقىرىلغان «ئۇلۇغ هون تەڭرىقۇتى»، دېگەن سۆزلەرنى قوللۇناتتى. هونلارنىڭ كۆك، يەر، ئاي، كۈنگە چوقۇنۇشى بۇت پەرەسلىكنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. يوقۇرقى باپلاردا تىلغا ئېلىنغان ئالتۇن بۇت، ياغاچ بۇتلار شۇنى ئىسپاتلايدۇ.

قامان ئەقىدىسى بويىچە تۆت تۈرلۈك رەڭ ئارقىلىق شەرق، جەنۇپ، غەرىپ، شىمالدىن ئىبارەت تۆت تەرەپنى بەلگۈلەيتتى. ياكى تۆت تۈرلۈك رەڭ شۇ تۆت تە—

رەپىنىڭ ئالامىتى ئىدى. مەسىلەن:

1ــ كۆك رەڭ ــ شەرق تەرەپنى، 2ــ قىزىل رەڭ ــ جەنۇب تەرەپنى، 3ــ ئاق رەڭ ــ غەرب تەرەپنى، 4ــ قارا رەڭ ــ شىمال تەرەپنى كۆرسىتەتتى.

قامان دىنىدىكى ئېتىقات كېيىنكە كېلىپ كىشىلەرنىڭ مەلۇم رەڭگە بولغان ئامراقلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. بۇ خىلدىكى ئامراقلىق تۈرك خەلقلىرىنىڭ چېدىرلىرى، بايراق، كىيىم-كېچەكلىرى، ئات جابدۇقلىرىنىڭ رەڭگىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. مىلادىدىن 200يىل بۇرۇن باتۇر تەڭرىقۇت خەنگاۋزۇ (لىيۇباڭ) نى ھازىرقى داتوڭ شەھىرى يېنىدا يەتتە كېچە-كۈندۈز قورشاۋغا ئالغان. خەن گاۋزۇ باشلىق بىر نەچچە يۈزمىڭ خەن قوشۇنلىرىنىڭ شەرق تەرىپىنى كۆك ئاتلىق، غەرب تەرىپىنى ئاق بوز ئاتلىق، شىمال تەرىپىنى قارا ئاتلىق، جەنۇب تەرىپىنى قىزىل تۆرۈق ئاتلىقتىن ئىبارەت 400مىڭ ھون ئاتلىقلىرى قورشاپ ئالغان.

قامان ئېتىقادىغا كۆرە ئاسماندىكى تەڭرى پەرىشتىلەر بىلەن يەر يۈزىدىكى ئادەملەرنىڭ مۇناسىۋەت باغلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇنداق ئالاقىنى باغلاش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن قامانلار پەيدا بولغان. بۇنداق قامان (شامان) لار ئۇسۇل ئويناپ، ئاسماندىن چۈشۈۋاتقان پەرى قىز قىياپىتىدە تەسەۋۋۇر قىلىناتتى. ھونلارنىڭ سىياسى، ھەربى ئىشلىرىدا قامانلارنىڭ تەسىرى ناھايىتى كۈچلۈك ئىدى.

## ئۆرپ ئادەت ـ 1

ھونلارنىڭ توي قائىدە يوسۇنلىرى ئۆزگىچە ئىدى. ئادەت بويىچە، بىر ئۇرۇغدىن بولغان قىز ئۆز ئۇرۇغىنىڭ ئوغۇللىرىدىن بىرىگە ياتلىق قىلىنمايتتى. بىر ئۇرۇغدىن بولغان قىز باشقا ئۇرۇغىنىڭ ئوغۇللىرى بىلەن توي قىلىشاتتى. بۇندىن باشقا تۇل قالغان ئۆگەي ئانىسىغا ئۆگەي ئوغۇل، تۇل قالغان يەڭگىسىگە مەرھۇمنىڭ ئىنىسى ئۆيلىنىدىغان ئادەتمۇ بار ئىدى. بۇنداق ئادەت ئاۋارلار، تۈركلەردىمۇ بار ئىدى.

ھونلاردا (ئىسكىپ، تۈرك، ئۇيغۇرلاردا) كىشى ئۆلسە چىكىسىنى تىلىپ قان چىقىرىپ، پەريات چېكىپ يىغلاش ئادىتى ئىدى. ھونلار مىللى ۋە دىنى بايراملارنى ئۆتكۈزەتتى. بۇنداق بايراملارنىڭ بىرى باش باھاردا، يەنە بىرى كۈز پەسلىدە بولاتتى. بۇنداق بايراملاردا ھونلار ئاتا بالىلىرىغا نەزىر چىراق قىلىشاتتى. ئەڭ مۇھىمى كۈز پەسلىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان بايرامدا، ئەل بويىچە خەلقنىڭ نوپۇسىنى، چار-

ۋا—ماللارنىڭ سانىنى ھېساپلاپ كورەتتى. بۇنداق بايراملار ئورخۇن دەرياسىنىڭ بىر تارمىغى بولغان تامىر دەرياسىنىڭ بويىدا ئوتكوزۇلەتتى.

ھونلار باش كېيىملىرىگە (ئەر—ئايال) ياۋايى — يىرتقۇچ قۇشلارنىڭ پەيلىرىنى قاداپ ئالاتتى. ئۇلار ئاتنىڭ كوكولىسىغىمۇ يىرتقۇچ قۇشلارنىڭ پەيلىرىنى قادايتتى. بۇنداق ئادەت ھازىر قازاق، قىرغىز قېرىنداشلاردا ساقلىنىپ قالغان.

بۇ يەردە شۇنى ئېيتىش لازىمكى، ھونلار مەدەنىيىتى ياۋرۇپا ۋە ئاسىيا خارەكتىرىنى ئالغان مەدەنىيەت، ئۇ بوز قىر ئىستىلىنى ئاساس قىلىپ، جۇڭگو، يۇنانىستان، ئىران مەدەنىيىتىنىڭ تەركىپلىرىدىن قوشۇلۇپ ۋۇجۇتقا كەلگەن دۇنياۋى مەدەنىيەت، نۇيان تاغلىرىدىكى قەدىمى ھون خانلىرىنىڭ قەۋرىلىرىدىن چىققان مەدەنى يادىكارلىقلار شۇنى ئىسپاتلايدۇ.

## ھون تەڭرىقۇتلىرى

مىلادىدىن بۇرۇنقى يىللار

1—چۇڭۋي 1800

بۇ ھونلارنىڭ ئەڭ قەدىمقى بوۋىسى بولۇپ، ھازىرقى كۈندىن3800يىل بۇرۇن ياشىغان.

2— ××× تەڭرىقۇت 270—240

بۇ تەڭرىقۇتنىڭ نامى مەلۇم ئەمەس.

| | | |
|---|---|---|
| 3 | تومەن | 240—210 |
| 4 | باتور (ئوغۇرخان) | 210—174 |
| 5 | كىيوك | 174—161 |
| 6 | كونچىن | 161—126 |
| 7 | ئىلچىس | 126—114 |
| 8 | ئوۋي | 114—105 |
| 9 | ئويشىلور | 105—102 |
| 10 | قولىغو | 102—101 |
| 11 | قۇتىغو | 101—96 |
| 12 | غۇلىغو | 96—85 |
| 13 | غۇياندى | 85—68 |
| 14 | شولوي قاندوي | 68—60 |
| 15 | ئۇيانقوتى | 60—58 |
| 16 | قوغوشار (خوخەينى I) | 58—31 |

17— قۇتىنۇش ........ 56—36

18— پوجولونوتى ........ 31—20

19— سۇجۇنوتى ........ 20—12

20— قىيانوتى ........ 12—8

21— ئوجىلونوتى ........ (مىلادى 13— يىلىغىچە) 8—13

مىلادى يىللىرى

22— ئولونوتى ........ 13—18

23— غودوئارداۋگانوتى ........ 18—46

24— ئوراتقو ........ 46—?

شەرقى هون تەگرىقۇتلىرى

**25— بەي (خوخەيىنى I) ........ 48—56**

26— چوپىيوتى ........ 56—57

27— ئىلغا يولوتى ........ 57—59

28— خىتوگشى سويغوتى ........ 59—63

29— قوچقلىندى 63—

30— غۇشى شىسۇقوتى 63—85

31— ئىل تودۇلوتى 85—88

32— سولانشىسۇقوتى 88—93

33— ئارقۇ 93—94

34— تىندۇرشىسۇقوتى 94—98

35— ۋاپخىشىسۇتى 98—124

36— ئۇجىقۇشىسوتى 124—127

37— قوتنۇشىسۇقو 127—140

قۇتىنو ئۇزىنى ئولتۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، 140— يىلدىن 143—يىلغىچە شەرقى (جەنۇبى) هونلار تەختى بوش قالغان.

38— غۇرانشىسۇقو 143—147

39— ئىلىقشىسۇقو 147—172

40— توتىنوشىيقۇ 172—177

41— غوجىن 177—179

42 — قانقوي 179 — 188
43 — قىزىشپىقۇ 188 — 195
44 — خوچوچىشان 195 — 216

× × ×

غەربى هون تەگىرىقۇتلىرى

45 — پاتو 46 — 83
46 — سانىۇلونۇتزى 83 — 84
47 — ئۇلۇغ 84 — 89
48 — شىمالىيتەڭرىقۇت 89 — 91
49 — ئىچىگىن 91 — 93
50 — پانقو 93 — 118

مۇشۇ تەڭرىقۇتتىن باشلاپ غەربى هونلارنىڭ تەڭرىقۇتلىرىنىڭ نامى تارىختا مەلۇم ئەمەس.

( ئىزاھلار )

(1) (2) پەنۋىنلەن: «جۇڭگو ئومۇمى تارىخى» خەنسۇچە، 337— ۋە 338 بەتلەرگە قاراڭسۇن.

(3) «هونلار تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى»، سۇچە.خەن 223— بەتكە قاراڭسۇن.

(4) «هونلار تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى» خەنسۇچە، 214— بەتكە قاراڭسۇن.

(5) «مۇنغۇللا تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا پايدىلىنىدىغان ماتىرىياللار» خەنزۇچە، 10— بەتكە قارالسۇن.

(6) ف ئىنگىلىس: «ئائىلە، خۇسۇسى مۈلۈك ۋە دولەتنىڭ كېلىپ چىقىشى» ئۇيغۇرچە، 276— بەتكە قارالسۇن.

(7) «هون تارىخىغا دائىر ماتىرىياللار تـوپلىمى» خەنزۇچە، 216—بەتكە قارالسۇن.

(8) ف ئىنگىلىس: «ئائىلە، خۇسۇسى مۈلۈك ۋە دولەتنىڭ كېلىپ چىقىشى» ئۇيغۇرچە، 294—295— بەتلەرگە قارالسۇن.

(9) لىنگەن: «هون تارىخى» خەنزۇچە، 156—بەتكە قارالسۇن.

(10) بەنگۇ: «خەن يىلنامىسى. چاۋسۇ ھەققىدە قىسسە»گە قارالسۇن.

(11) لىيۇباۋ: «شىمالى جى يىلنامىسى، خوروجىنا ھەققىدە قىسسە» گە قارالسۇن.

(12) «هون تارىخىغا دائىر ماتىرىياللار توپلىمى»، خەنزۇچە، 242- بەتكە قاراسۇن.

(13) بەنگۇ: «خەن يىلنامىسى، ۋىيچىڭ، خۇچۈبىڭ ھەققىدە قىسسە» گە قارالسۇن.

(14) بەنگۇ: «خەن يىلنامىسى، هونلار ھەققىدە قىسسە»گە قارالسۇن.

(15) بەنگۇ: «خەن يىلنامىسى، غەربى رايون ھەققىدە قىسسە، «ئۇيسۇن تارىخى» غا قارالسۇن.

(16) «هون تارىخىغا دائىر ماتىرىياللار توپلىمى»، خەنزۇچە، 243— بەتكە قارالسۇن.

(17) ف ئىنگىلىس: «ئائىلە، خۇسۇسى مۈلۈك ۋە دولەتنىڭ كېلىپ چىقىشى»، ئۇيـ غۇرچە، 276-بەتكە قارالسۇن.

(18) كوزلوۋ: «مۇنغۇلىيە ۋە ئىمبەتنى تەكشۈرۈش ئەترىتىنىڭ تاشقى مۇنغۇلىيە ھەققىـ دىكى دوكلاتى» (رۇسچە نەشرى) غا قارالسۇن.

(19) ماچاڭشۇ: «شىمالى تۇرالار ۋە هونلار» خەنزۇچە، «هونلار مەدەنىيىتى» بابىغا قارالسۇن.

(20) ف ئىنگىلىس: «ئائىلە، خۇسۇسى مۈلۈك ۋە دولەتنىڭ كېلىپ چىقىشى»، ئۇيـ غۇرچە 280—بەتكە قارالسۇن.

(21) يىلماز ئۆزتۇنا: (تۈركىيە تارىخچىسى) «بۈيۈك تۈركىيە تارىخى» تۈركچە، 1-

توم 85-بەتكە قارالسۇن.

(22) «هون تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى» خەنزۇچە 277-بەتكە قارالسۇن.

(23) لىنگەن: «هون تارىخى» خەنزۇچە 149-بەتكە قارالسۇن.

(24) بەنگۇ: «خەن يىلنامىسى. هونلار ھەققىدە قىسسە» خەنزۇچە، 11-كىتاپ، 3803-بەتكە قارالسۇن.

(25) بەنگۇ: «هون يىلنامىسى. هونلار ھەققىدە قىسسە» خەنزۇچە، 11-كىتاپ، 3810-بەتكە قارالسۇن.

(26) بەنگۇ: «خەن يىلنامىسى. جىيىلىڭ ھەققىدە قىسسە» گە قارالسۇن.

(27) «هون تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى» خەنزۇچە 250-بەتكە قارالسۇن.

(28) «ئۆزبېكىستان سسر تارىخى» ئۆزبېكچە، 1- توم 105-بەتكە قارالسۇن.

(29) «هون تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى»، خەنزۇچە، 252-بەتكە قارالسۇن.

(30) ۋېيشۇ: «ۋېي يىلنامىسى. ئىگىز هارۋىلىقلار ھەققىدە قىسسە»، خەنزۇچە، 2307-بەتكە قارالسۇن.

(31) لىيەنشۇ: (شىمالى سۇلالىلار يىلنامىسى، غەرپ ئەللىرى ھەققىدە قىسسە» گە قارالسۇن.

(32) سىماچەن: «تارىخى خاتىرلەر. هونلار ھەققىدە قىسسە» بابىغا قارالسۇن.

(33) «هون تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى» خەنزۇچە، 213-بەتكە قارالسۇن.

(34) ف ئىنگىلىس: «ئائىلە، خۇسۇسى مۈلۈك ۋە دولەتنىڭ كېلىپ چىقىشى»، ئۇيغۇرچە، 39-38- بەتلەرگە قارالسۇن.

(35) پەنخۇا: «كېيىنكى خەن يىلنامىسى، جەنۇبى هونلار ھەققىدە قىسسە» بابىغا قارالسۇن.

(36) چېڭ شۇ: «ئۈچ دولەت بايانى» نىڭ «كامبۇدژا تارىمىغىغا ۋە «مۇنغۇل تارىخىنى تەتقىق قىلىشقا پايدىلىنىدىغان ماتېرىياللار»، خەنزۇچە، 37- بەتكە قارالۇن.

(37) يىلماز ئۆزتۇنا: «بۈيۈك تۈركىيە تارىخى»، تۈركچە، 1-توم، 85-بەتكە قارالسۇن-

(38) پەنخۇا: «كېيىنكى خەن يىلنامىسى، دۇشەن ھەققىدە قىسسە گە قارالسۇن.»

(39) پەنخۇا: «كېيىنكى خەن يىلنامىسى، سەيۋىنجى ھەققىدە قىسسە» گە قارالسۇن.

(40) «هون تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى»، خەنزۇچە. 344-بەتكە قارالسۇن.

(41) «هون تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى» خەنزۇچە، 345-343-بەتلەرگە قارالسۇن.

(42) «هون تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى»، خەنزۇچە، 351-350- بەتلەرگە

(ئاخىرى 148- بەتتە)

# ماددىنىڭ ئاتوم مالېكۇلىدىن تۈزۈلگەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان بىر قانچە فىزىكىلىق مىقدارلار

رەھىم سايىت

فىزىكا ۋە خىمىيەدە ماددىنىڭ ماسسىسى گىرام(g) ياكى كىلوگىرام (Kg) قاتارلىق بىرلىكلەر بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. ماددىلار مەيلى گاز ھالەت، سۇيۇق ھالەت ياكى قاتتىق ھالەتتە بولسۇن، ئۇلار مالېكۇلىلاردىن تۈزۈلگەن، مالېكۇلىلارنىڭ ئاگرېگات (ئۇيۇشقان) ھالىتىدە ماۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. خالىغان بىر ئېلېمېنت ئۆزىنىڭ ئاتومى شەكلىدە ماۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئاتوم ئېلېمېنتنى تەشكىل قىلىدىغان ئەڭ كىچىك بىرلىكتۇر. ئەڭ كىچىك بىرلىك دەپ ئاتاشتىكى سەۋەپ: ئۇنى يەنە پارچىلاشقا بولمايدۇ، يەنە پارچىلانسا، ئۇ ئەسلىدىكى ئېلېمېنت بولماي قالىدۇ. ئازساندىكى ئاتوملار بىرلىشىپ ماددىنىڭ ئەڭ كىچىك قورۇلما بىرلىكى — مالېكۇلانى تەشكىل قىلىدۇ. ئەڭ كىچىك دەپ ئاتاشتىكى سەۋەپ: ماددىغا نىسبەتەن مالېكۇلانى يەنە پارچىلاشقا بولمايدۇ، يەنە پارچىلانسا ئۇ ئەسلىدىكى ماددا بولماي قالىدۇ. خالىغان بىر ماددا ئۆزىنىڭ مالېكۇلىسى شەكلىدە ماۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. دېمەك بۇ ماددانىڭ 3 خىل ئاگرېگات ھالىتىدە ئۇنىڭ مالېكۇلىلىرى مۇستەقىل ماۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ، ۋە ئەسلىدىكى ماددىنىڭ تۈزۈلۈشى، خىمىيەلىك خۇسۇسىيىتىنى ساقلاپ قالالايدۇ.

ئاتوم ناھايىتى كىچىك ۋە ناھايىتى يەڭگىل بولىدۇ. ئاتومنىڭ رادىئوسى تەخمىنەن $10^{-10}$m، ئەڭ يەڭگىل ئاتوم ھىدروگېن ئاتومى بولۇپ، ئۇنىڭ ئېغىرلىقى $1.673\times10^{-24}$g بىر قەدەر، ئېغىر ئاتوم مەسىلەن ئۇران ئاتومىنىڭ ئېغىرلىقى $3.53\times10^{-22}$g چىكىت بىر قانچە ئاتومدىن تۈزۈلگەن مالېكۇلانىڭ ئېغىرلىقىمۇ ناھايىتى يەڭگىل بولىدۇ. بۇنداق يەڭگىل ئاتوملارنىڭ ئېغىرلىقىنى ناھايىتى ئېنىقلىق بىلەن ئۆلچىگىلى

بولمىسىمۇ لېكىن ئىككى خىل ئاتومنىڭ ئېغىرلىق نىسبىتىنى ناھايىتى ئېنىقلىق بىلەن ئۆلچىگىلى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەلۇم بىر ئاتومنىڭ ئېغىرلىق سانلىق قىممىتىنى بەلگىلەپ ئېلىپ، بۇ سانلىق قىممەتنىڭ بىر ئۈلۈشىنى بىر بىرلىك قىلىپ باشقا ئاتوملارنىڭ نىسبىي ئېغىرلىغىنى بەلگىلىگىلى بولىدۇ. خەلقئارادا ئاتوم ئېغىرلىغىنى بەلگىلەشتە «كاربون بىرلىكى» بىرلىك قىلىپ تاللاپ ئېلىنغان.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئاتوم (ياكى مالېكۇلا) ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغاندا، تاللاپ ئېلىنغان ماددا مىقدارىدا بىر - ئىككى ئاتوم (ياكى مالېكۇلا ياكى ئىيون ياكى ئېلېكترون قاتارلىقلار) بولماي، بەلكى تىرىليونلىغان ئاتوم بولىدۇ. بۇ سان بىلەن ئاتومنىڭ سانلىق مىقدارىنى ئىپادىلەش ناھايىتى ئەپسىز بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇۋاپىق بىر سانلىق مىقدار تاللاپ ئېلىپ، ئاتومنىڭ سانلىق مىقدارىنى ئىپادىلەش زۆرۈر. خەلقئارا بىرلىكلەر سىستېمىسىدا بۇ سانلىق مىقدار بىرلىكىنى مول دەپ ئاتىلىدۇ. ماددىنىڭ ئاتوم ۋە مالېكۇلىدىن تۈزۈلگەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان بۇ بىرلىكلەرنى تۆۋەندە قىسقىچە تونۇشتۇرىمىز.

### 1. ئاتوم ئېغىرلىغى ۋە مالېكۇلا ئېغىرلىغى:

(1) ئاتوم ئېغىرلىغى: كاربون ئاتومى ($^{12}C$) نىڭ ئاتوم ئېغىرلىغىنى 12 قىلىپ بەلگىلەپ ئېلىپ، ئاندىن ئۇنىڭ $\frac{1}{12}$ نى ئېغىرلىق بىرلىكى قىلىپ ھېساپلانغان باشقا ئاتوملارنىڭ نىسپى ئېغىرلىغى شۇ ئاتومنىڭ (ياكى ئېلېمېنتنىڭ) ئاتوم ئېغىرلىغى دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن: ھىدروگېننىڭ ئاتوم ئېغىرلىغى 1.008، ئوكسىگېننىڭ ئاتوم ئېغىرلىغى 16. ئوراننىڭ ($^{238}U$) ئاتوم ئېغىرلىغى 238 دېگەنلىك، ھىدروگېننىڭ، ئوكسىگېننىڭ، ئوراننىڭ ئاتوم ئېغىرلىقلىرى ئايرىم - ئايرىم ھالدا كاربوننىڭ ئاتوم ئېغىرلىغى $\frac{1}{12}$ نىڭ 1.008 ھەسسىسىگە، 16 ھەسسىسىگە 238 ھەسسىسىگە باراۋەر دېگەنلىكتۇر.

بۇنىڭدىن مەلۇمكى: خالىغان بىر ئېلېمېنتنىڭ ئاتوم ئېغىرلىغى دېگىنىمىز، كاربوننىڭ ئاتوم ئېغىرلىغىنى 12 قىلىپ بەلگىلىگەندىن كېيىن شۇ ئېلېمېنت ئاتومىنىڭ كاربون ئاتومىغا نىسبەتەن ئېغىرلىغىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاتوم ئېغىرلىغى نىسبىي بولۇپ، ئۇنىڭ بىرلىكى بولمايدۇ.

كاربون ئاتومىنىڭ ئاتوم ئېغىرلىغىنى 12 قىلىپ بەلگىلەپ ئېلىشنىڭ ئەھمىيىتى شۇكى: ئۇنى ئۆلچەم قىلغاندا، ئەڭ يەڭگىل بولغان ھىدروگېننىڭ ئاتوم ئېغىرلىغى 1 گە يېقىنلىشىدۇ. مۇتلەق كۆپ سانىدىكى ئېلېمېنتلەرنىڭ ئاتوم ئېغىرلىقلىرى پۈتۈن

سانىغا يېقىنلىشىدۇ — دە ئۇنى ئەستە قالدۇرۇشقا، قوللىنىشقا قولايلىق بولىدۇ. ھەر قايسى ئېلېمېنتنىڭ ئاتوم ئېغىرلىقى مىندىلىپ جەدۋىلىدە كورسىتىلگەن.

(2) مالېكۇلا ئېغىرلىقى: كاربون ئاتومى ($^{12}C$) نىڭ ئاتوم ئېغىرلىقىنى 12 قىلىپ بەلگىلەپ ئېلىپ، ئاندىن ئۇنىڭ $\frac{1}{12}$ نى ئېغىرلىق بىرلىكى قىلىپ ھېساپلىغان باشقا مالېكۇلالارنىڭ نىسپىي ئېغىرلىقى، شۇ مالېكۇلانىڭ (ياكى ماددىنىڭ) مالېكۇلا ئېغىرلىقى دەپ ئاتىلىدۇ. مۇنداق بەلگىلەنگەن مالېكۇلا ئېغىرلىقى ئەمەلىيەتتە شۇ مالېكۇلىنى تەشكىل قىلغان ئاتوملارنىڭ ئاتوم ئېغىرلىقلىرىنىڭ ئومۇمىي يىغىندىسىغا باراۋەر بولىدۇ. مەسىلەن: ئوكسىگېن گازى ($O_2$) نىڭ مالېكۇلا ئېغىرلىقى: $32 = 16 \times 2$ گە، سۇ ($H_2O$) نىڭ مالېكۇلا ئېغىرلىقى: $1.008 \times 2 + 16 = 18.016$ گە تەڭ بولۇپ، بۇ ئوكسىگېن گازىنىڭ ۋە سۇنىڭ مالېكۇلا ئېغىرلىقلىرى كاربوننىڭ ئاتوم ئېغىرلىقى $\frac{1}{12}$ نىڭ 32 ھەسسىسىگە ۋە 18.016 ھەسسىسىگە باراۋەر ئىكەنلىكىنى كورسىتىدۇ. مالېكۇلا ئېغىرلىقىمۇ ئاتوم ئېغىرلىقىغا ئوخشاش نىسپىي ئېغىرلىقتۇر، شۇڭا ئۇنىڭ بىرلىكى بولمايدۇ.

## 2 . مول بىرلىكى ۋە ئاۋاگادرو تۇراقلىق سانى

مول بىرلىكى — ماددىنىڭ سانلىق مىقدار بىرلىكى بولۇپ، ھەر قانداق ماددىنى تەشكىل ئەتكۈچى زەرىچىلەر (مەسىلەن: ئاتوم، مالېكۇلا، ئىيون، ئېلېكترون، فوتون قاتارلىق) گە قوللىنىشقا بولىدۇ. مولنىڭ ئېنىقلىمىسى مۇنداق: ماددا سىستېمىسى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۈزگۈچى زەرىچە سانى 12g كاربون ($^{12}C$) دىكى ئاتوم سانىغا باراۋەر بولسا، بۇ سىستېمىدىكى ماددا مىقدارى 1 مول بولىدۇ. مول (mOI) بىلەن بەلگىلىنىدۇ.

ئېنىقلىمىغا ئاساسەن: 1 mOI ماددىنى تەشكىل قىلغۇچى زەرىچە سانى 12g كاربوندىكى ئاتوم سانىغا باراۋەر بولىدۇ. بىر دانە كاربون ئاتومىنىڭ ماسسىسى بەلگىلىك بولغانلىقتىن، 12g كاربون ئۆز ئىچىگە ئالغان ئاتوم سانىمۇ بەلگىلىك بولىدۇ. بۇ سان ئاۋاگادرو تۇراقلىق سانى دەپ ئاتىلىدۇ، ۋە NO بىلەن بەلگىلىنىدۇ. بۇ بەلگىلىمە بويىچە 1 مول ماددا ئىچىدە ئاۋاگادرو تۇراقلىق سانىغا باراۋەر بولغان تەشكىل قىلغۇچى زەرىچە بولىدۇ. باشقىچە ئېيتقاندا، بىرەر ماددىنىڭ ئاۋاگادرو تۇراقلىق سانىغا باراۋەر بولغان تەشكىل قىلغۇچى زەرىچە سانى بىر مول زەرىچە دەپ ئاتىلىدۇ.

ئاۋاگادرو تۇراقلىق سانى زادى قانچىلىك چوڭلۇقتا بولىدۇ؟ ھەرخىل ئۇسۇل-

لار ئارقىلىق ئاۋاگادرو تۇراقلىق سانىنىڭ $6.022\times10^{23}$ بولىدىغانلىقىنى ئۆلچەشكە بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن 1 مول ماددىدا $6.022\times10^{23}$ دانە تەشكىل قىلغۇچى زەررىچە بولىدۇ.

## 3 . بىر مول ماددىنىڭ ماسسىسى — مول ماسسا

بىر مول ئاتوم (ياكى مالېكۇلا) بەلگۈلۈك سانىدىكى (يەنە ئاۋاگادرو تۇراقلىقىغا باراۋەر) ئاتوم (ياكى مالېكۇلا) نى كۆرسەتكەنلىكتىن، ئۇنىڭ بەلگۈلۈك ماسسىسى بولىدۇ. لېكىن ھەرخىل ئېلېمېنت (ياكى ماددا) نىڭ ئاتوم ئېغىرلىق (ياكى مالېكۇلا ئېغىرلىق) لىرى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، ھەر خىل ئېلېمېنت (ياكى ماددا) نىڭ بىر مول ئاتومى (ياكى مالېكۇلىسى) نىڭ ماسسىلىرىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. ئۇنداق بولسا ھەر خىل ئېلېمېنت (ياكى ماددا) نىڭ بىر مول ئاتومى (ياكى مالېكۇلىسى) نىڭ ماسسىسى قانچىلىك بولىدۇ؟ بۇ مەسىلىنى ھىدروگېننى مىسالغا ئېلىپ مۇزاكىرە قىلايلى.

مول بىرلىكىنىڭ ئېنىقلىمىسىغا بىنائەن: 12g كاربوندىكى ئاتوم سانى بىر مول كاربون ئاتومى بولىدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە بىر مول كاربون ئاتومىنىڭ ماسسىسى 12g بولىدۇ. يەنە بىزگە مەلۇمكى كاربوننىڭ ئاتوم ئېغىرلىقى 12. ھىدروگېننىڭ ئاتوم ئېغىرلىقى 1.008. ئاتوم ئېغىرلىقى نىسپىي ئېغىرلىق بولغانلىق ئۈچۈن بىر مول ھىدروگېننىڭ ماسسىسى 1.008g بولىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش بىر مول ئوكسىگېن ئاتومىنىڭ ماسسىسى 16g، بىر مول ئۇران ($^{238}U$) ئاتومىنىڭ ماسسىسى 238g بولىدۇ.

بۇنىڭدىن مەلۇمكى، بىرەر ئېلېمېنتنىڭ بىر مول ئاتومىنىڭ ماسسىسى گىرام (g) نى بىرلىك قىلغان شۇ ئېلېمېنتنىڭ ئاتوم ئېغىرلىقىغا باراۋەر بولىدۇ. بىرەر ئېلېمېنتنىڭ بىر مول ئاتومىنىڭ ماسسىسى ماھىيەتتە شۇ ئېلېمېنتنىڭ $6.022\times10^{23}$ دانە ئاتومىنىڭ ماسسىسىنى كۆرسىتىدۇ.

ھەر قانداق ئېلېمېنتنىڭ بىر مول ئاتومىنىڭ ماسسىسى گىرامنى بىرلىك قىلغان شۇ ئېلېمېنتنىڭ ئاتوم ئېغىرلىقىغا باراۋەر بولغانلىقتىن، ھەمدە مالېكۇلا ئېغىرلىقى شۇ مالېكۇلىنى تەشكىل قىلغان ئاتوم ئېغىرلىقلىرىنىڭ يىغىندىسىغا باراۋەر بولغانلىقتىن، ھەر قانداق ماددىنىڭ بىر مول مالېكۇلىسىنىڭ ماسسىسى — گىرامنى بىرلىك قىلغان شۇ ماددىنىڭ مالېكۇلا ئېغىرلىقىغا باراۋەر بولىدۇ. مەسىلەن: ئوكسىگېن گازىنىڭ ماسسىسى 32g، سۇنىڭ مول ماسسىسى 18.016g بولىدۇ. بىرەر ماددىنىڭ بىر مول مالېكۇلىسىنىڭ ماسسىسى ماھىيەتتە شۇ ماددىدىكى $6.022\times10^{23}$ دانە مالېكۇلىنىڭ ماسسىسىنى كۆرسىتىدۇ.

بىرەر ئېلېمېنت (ياكى ماددا) نىڭ گىرام بىلەن ئېلىنغان ئاتوم ئېغىرلىقى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

(ياكى مالىكولا ئېغىرلىغى) نى — يەنى مول ماسسىنى، ئاۋاگادرو تۇراقلىق سانىغا بولۇپ بېرىش ئارقىلىق بىر دانە ئاتوم (ياكى مالىكولا) نىڭ ماسسىسىنى ھېساپلاپ چىقىلى بولىدۇ.

يوقۇرىدىكى بىر قانچە بىرلىكلەر ۋە ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى موناسىۋەت ئۈستىدە چۈشەنچىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن تۆۋەندە ئۈچ مىسال كەلتۈرىمىز:

1 . بىر گىرام ئاش تۇزى ($NaCl$) 10 مىليارت كوپ مېتىر سۇ ئامبىرىغا تاشلانسا، ئاش تۇز مالىكوللىرى سۇ ئامبىرىغا تەكشى تەخسىملەنگەندىن كېيىن $1Cm^3$ سۇدا قانچە دانە ئاش تۇزى مالىكولىسى بولىدۇ؟

يېشىش: ئاش تۇزىنىڭ مالىكولا ئېغىرلىغى: $23+35.46=58.46$ شۇنىڭ ئۈچۈن بىر مول ئاش تۇزى مالىكولىسىنىڭ ماسسىسى $58.46g$ بولىدۇ. ئاۋاگادرو تۇراقلىغى $NO=6.022\times10^{23}$ . شۇنىڭ ئۈچۈن بىر گىرام ئاش تۇزىدىكى مالىكولا سانى

$$\frac{6.022\times10^{23}}{58.46}$$ بولىدۇ.

$10^{10}m^3=10^{16}Cm^3$ بولغانلىقتىن $1Cm^3$ سۇدىكى ئاش تۇزى مالىكولا سانى

$$\frac{6.022\times10^{23}}{58.46\times10^{16}}=1.03\times10^{6}$$ دانە بولىدۇ.

2 . ھىدروگىن گازى ($(H_2)$) ، ئوكسىگىن گازى ($O_2$)، ، ئازوت گازى ($N_2$) ۋە كاربون4ئوكسىدى ($CO_2$) نىڭ مالىكولا ئېغىرلىغىنى تېپىڭ. ئاندىن ئۇلارنىڭ بىر مالىكولىسىنىڭ ماسسىسىنى تېپىڭ.

يېشىش:

| ماددا | مالىكۇلا ئېغىرلىغى | مول ماسسا ($\mu$) | بىردانە مالىكومالىكوماسسىسى $mH_2=\frac{\mu}{N_0}$ |
|---|---|---|---|
| $H_2$ | $1+1=2$ | $\mu H_2=2g$ | $mH_2=\frac{2g}{6.022\times10^{23}}=3.3\times10^{-24}g$ |
| $O_2$ | $16+16=32$ | $\mu O_2=32g$ | $mO_2=\frac{32g}{6.022\times10^{23}g}=5.3\times10^{-23}g$ |
| $N_2$ | $14+14=28$ | $\mu N_2=28g$ | $mN_2=\frac{28g}{6.022\times10^{23}}=4.8\times10^{-23}g$ |
| $CO_2$ | $12+16\times2=44$ | $\mu CO_2=44g$ | $mCO_2=\frac{44g}{6.022\times10^{23}}=8\times10^{-23}g$ |

3 . سولفات كىسلاتاسىنىڭ خىمىيەلىك بەلگۈسى $H_2SO_4$

ھىدروگىن ($H$) نىڭ ئاتوم ئېغىرلىغى 1.008، گۈڭگۈرت ($S$) نىڭ ئاتوم ئېغىرلىغى 32.066، ئوكسىگىن ($O$) نىڭ ئاتوم ئېغىرلىغى 15.999،

(1) بىر مول كىسلاتانىڭ ماسسىسى $\mu$ نى، (2) 15 مول كىسلاتانىڭ ماسسىسى $M_1$ نى (3) ھەر بىر كىسلاتا مالىكولىسىنىڭ ماسسىسى m نى، (4) بىر گېرام كىسلاتادا قانچە گېرام مالىكولانىڭ بارلىغىنى ھىساپلاڭ؟

يېشىش:

1) $\mu=2\times1.008+32.66+4\times15.999=98.078g$

2) $M_1=15\mu=15\times98.078=1471.17g$

3) $m=\frac{\mu}{No}=\frac{98.078g}{6.022\times10^{23}}=16.28\times10^{-23}g$

4) $N=\frac{M_2}{m}=\frac{1g}{16.28\times10^{-23}}=6.1425\times10^{21}$ دانە

مول ئېنىقلىمىسى مۇنداق: 0.012Kg لىق C—12 دىكى ئاتوم سانى $No=6.022\times10^{23}/mol$ دۇر. C—12 ئاتومىنىڭ ماسسىسىنىڭ $\frac{1}{12}$، ئاتومىنىڭ ماسسا بىرلىكى قىلىپ ئېلىنغان بولۇپ ئۇ U بىلەن بەلگۈلىنىدۇ.

$$1u=\frac{0.012Kg}{12No}=\frac{1}{No}\times10^{-3}Kg=1.660\times10^{-27}Kg$$

شۇنىڭ ئۈچۈن مالىكولىلاردىن تەشكىل تاپقان ماددىدىغا نىسبەتەن 1 مول ماددا شۇ ماددانىڭ No دانە مالىكولىدىن تەشكىل تاپقان قوشۇلمىسىدۇر. قوشۇلمىنىڭ ئومۇمى ماسسىسى شۇ ماددىنىڭ مول ماسسىسى دەپ ئاتىلىدۇ. مول ماسسا گىرام بىرلىكىدە ئېلىنغاندا، ئۇنىڭ سان قىممىتى دەل شۇ ماددىنىڭ مالىكولا ئېغىرلىغىغا تەڭ بولىدۇ. مەسىلەن ئۇكسىگىنىنىڭ مالىكولا ئېغىرلىقى 32 بولغاچقا $32g=32\times10^{-3}Kg$ لىق ئۇكسىگىن بىر مول ئۇكسىگىن بولىدۇ.

---

( بېشى 142-بەتتە )

قارالسۇن.

(43) «ھون تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى»، خەنزۇچە، 355-356-بەتلەرگە قارالسۇن.

(44) «خەن يىلنامىسى، سۇئۇ ھەققىدە قىسسە» بابىغا قارالسۇن.

www.uyghurkitap.com

# 3 - تەرتىپلىك ماترىتسا ۋە ۋىكتورلۇق بوشلۇق

ئىسمايىل تالىپ

بىز بۇ يەردە پەقەت ئۈچ ئۆلچەملىك ۋىكتورلار ئۈستىدە توختۇلىمىز. ئانالىتىك گېئومېتىرىيەدە بوشلۇقتىكى ئىككى ۋىكتورنى قوشۇشقا بولىدىغانلىقىنى ۋە يەنە بىر ھەقىقىساننى بىر ۋىكتورغا كۆپەيتىشكە بولىدىغانلىقىنى كۆرگەن ئىدۇق. بۇ خىل قوشۇش ۋە ساننى ۋىكتورغا كۆپەيتىش بەلگۈلۈك ئەمەللەر قانۇنىنى قانائەتلەندۈرىدۇ. ۋىكتورلۇق بوشلۇق ئانالىتىك گېئومېتىرىيەدىكى ۋىكتورلار چۈشەنچىسىنىڭ ئومۇملىشىشىدۇر.

1- ئېنىقلىما: $V$ بوش بولمىغان توپلام، $F$ بىر سان ساھاسى بولسۇن،

$1°$. $V$دا بىر قوشۇش ئەمەلى ئېنىقلانغان بولۇپ $V$دىكى خالىغان ئىككى ۋىكتور $\alpha$، $\beta$ غا نىسبەتەن $V$دا بىردىن-بىر بولغان بىر ۋىكتور ئۇلارغا ماس كېلىدۇ. بۇ ۋىكتورنى $\alpha$ بىلەن $\beta$ نىڭ يىغىندىسى دەيمىز ھەمدە ئۇنى $\alpha+\beta$ بىلەن كۆرسىتىمىز.

$2°$. سان ساھاسى $F$ بىلەن توپلام $V$ ئارىسىدا يەنە بىر كۆپەيتىش ئەمەلى ئېنىقلانغان بولۇپ، $F$دىكى ھەر بىر سان $\alpha$ بىلەن $V$دىكى ھەر بىر ۋىكتور $a$گە نىسبەتەن $V$دا بىردىن بىر بولغان بىر ۋىكتور ئۇلارغا ماس كېلىدۇ. بۇ ۋىكتورنى $a$ بىلەن $\alpha$ نىڭ كۆپەيتمىسى دەيمىز ئۇنى $\alpha a$ بىلەن كۆرسىتىمىز. ئەگەر قوشۇش بىلەن سانلىق كۆپەيتىش تۆۋەندىكى قانۇنلارنى قانائەتلەندۈرسە ئۇ ھالدا $V$نى سان ساھاسى $F$ دىكى ۋىكتورلۇق بوشلۇق دەيمىز.

1) $\alpha+\beta=\beta+\alpha$

2) $(\alpha+\beta)+\nu=\alpha+(\beta+\nu)$

3) $V$دا تۆۋەندىكى خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغان بىر نۆل ۋىكتور مەۋجۇت. $V$ دىكى خالىغان بىر ۋىكتور $\alpha$گە نىسبەتەن ئېيتقاندا $0+\alpha=\alpha$ بولىدۇ.

4) $V$دىكى ھەر بىر ۋىكتور $\alpha$گە نىسبەتەن $\alpha+\alpha'=0$ نى ئورۇنلۇق قىلىدىغان بىر ۋىكتور $\alpha'$ مەۋجۇت. بۇنداق $\alpha'$ نى $\alpha$ نىڭ تەتۈر ۋىكتورى دەيمىز.

5) $a(\alpha+\beta)=a\alpha+a\beta$

6) $(a+b)\alpha=a\alpha+b\alpha$

7) $(ab)\alpha=a(b\alpha)$

8) $1\alpha=\alpha$

بۇ يەردە $\alpha$، $\beta$، $\nu$ لار $V$دىكى ۋىكتور، $a$، $b$ لار سان ساھاسى $F$دىكى سان.

13. مىسال: ئۈچ ئۆلچەملىك بوشلۇق ئىككى ۋىكتورنى قوشۇش ۋە ھەقىقىي ساننى ۋىكتورغا كۆپەيتىشكە نىسبەتەن، ھەقىقىي سان ساھاسىدا ۋىكتورلۇق بوشلۇقنى تۈزىدۇ. بۇنى $V_3$ بىلەن كۆرسىتىمىز.

14. مىسال: سان ساھاسى $F$دا بارلىق 3 ـ تەرتىپلىك ماترىتسالاردىن تۈزۈلگەن توپلام، ماترىتسانى قوشۇش بىلەن ساننى ماترىتساغا كۆپەيتىشكە نىسبەتەن $F$دا بىر ۋىكتورلۇق بوشلۇقنى تۈزىدۇ.

15. مىسال: سان ساھاسى $F$دىكى بىر نامەلۇملۇق كۆپ ئەزالىقلار ھالقىسى $F[x]$، كۆپ ئەزالىقنى قوشۇش بىلەن ساننى كۆپ ئەزالىققا كۆپەيتىشكە نىسبەتەن $F$دا بىر ۋىكتورلۇق بوشلۇقنى تۈزىدۇ.

ۋىكتورلۇق بوشلۇقتا تۆۋەندىكىدەك خۇسۇسىيەتلەر مەۋجۇت.

1. نول ئېلېمېنت بىردىن ـ بىر بولىدۇ.

2. تەتۈر ئېلېمېنت بىردىن ـ بىر بولىدۇ.

3. نول بىلەن ۋىكتورنىڭ، نول ۋىكتور بىلەن ساننىڭ كۆپەيتمىسى نول ۋىكتور بولىدۇ. 1 ـ بىلەن ۋىكتورنىڭ كۆپەيتمىسى تەتۈر ۋىكتور بولىدۇ.

$$0\cdot\alpha=0 \quad , \quad K0=0 \quad , \quad (-1)\alpha=-\alpha$$

4. ئەگەر $K\alpha=0$ بولسا ئۇ ھالدا $K=0$ ياكى $\alpha=0$ بولىدۇ.

2. ئېنىقلىما: $W$ سان ساھاسى $F$دىكى ۋىكتورلۇق بوشلۇق $V$نىڭ بىر بوش بولمىغان قىسمىي توپلىمى بولسۇن ئەگەر $W$دا $V$نىڭ قوشۇش ۋە سانلىق كۆپەيتىش ئەمەللىرى بىجىرگىلى بولسا ئۇ ھالدا $W$نى $V$نىڭ بىر قىسمىي بوشلۇقى (ۋىكتورلۇق بوشلۇق) دەپ ئاتايمىز.

16. مىسال: ئاساسىي دىياگونال سىزىقىنىڭ تۆۋەن قىسمى پۈتۈنلەي نول بولغان ماترىتسالاردىن (3 ـ تەرتىپلىك ماترىتسا) تۈزۈلگەن توپلام 14 ـ مىسالدىكى ۋىكتورلۇق بوشلۇقنىڭ قىسمىي بوشلۇقى بولىدۇ.

17. مىسال: بوشلۇق $V_8$دا بىر مۇقىم سىزىققا پاراللېل بولغان بارلىق ۋىكتورلاردىن تۈزۈلگەن قىسمىي توپلام $V_3$ نىڭ قىسمىي بوشلۇقى بولىدۇ.

Altun0q

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

3. ئېنىقلىما: $W$ سان ساھاسى $F$ دىكى ۋېكتورلۇق بوشلۇق $V$ نىڭ بىر قىسمى بوشلۇقى بولسۇن $W$ نىڭ بىر گۇرۇپپا تەرتىپلەنگەن (بەلگۈلۈك تەرتىپ بويىچە تىزىلغان) سىزىقلىق باغلانمىغان تۈزگۈچىسىنى $W$ نىڭ بىر بازىسى دەپ ئاتايمىز.

18. مىسال: $F^3$ دىكى ۋېكتورلار گۇرۇپپىسى $\{\varepsilon_1, \varepsilon_2, \varepsilon_3\}$ بولسا $F^3$ نىڭ تۈزگۈچىسى بولىدۇ روشەنكى بۇ گۇرۇپپا ۋېكتورلار سىزىقلىق باغلانمىغان شۇنىڭ ئۈچۈن $\{\varepsilon_1, \varepsilon_2, \varepsilon_3\}$ بولسا $F^3$ نىڭ بىر بازىسى بولىدۇ.

بۇ بازىسىنى $F^3$ نىڭ ئۆلچەملىك بازىسى دەپ ئاتايمىز.

19. مىسال: $M_3(F)$ سان ساھاسى $F$ دىكى بارلىق 3-تەرتىپلىك ماتىرىتسالاردىن تۈزۈلگەن ۋېكتورلۇق بوشلۇق بولسۇن.

ماتىرىتسانى قوشۇش بىلەن ساننى ماتىرىتساغا كۆپەيتىشكە ئاساسەن ھەر بىر 3-تەرتىپلىك ماتىرىتسانى

$$A=(a_{ij})=\sum_{i=1}^{3}\sum_{j=1}^{3} a_{ij} E_{ij}$$

كورسۈتۈشكە بولىدۇ. ئەگەر $\sum_{i=1}^{3}\sum_{j=1}^{3} a_{ij}E_{ij}=0$ بولسا ئۇ ھالدا $(\alpha_{ij})$ نۆل ماتىرىتسا بولىدۇ. بۇنىڭدىن بارلىق $\alpha_{ij}=0$ گە ئېرىشىمىز. ←

→ بۇ $\{E_{ij} | i=1,2,3, j=1,2,3\}$ نىڭ $M_3(F)$ نىڭ بىر بازىسى بولىدىغانلىغىنى چۈشەندۈرىدۇ. $E_{ij}$ بولسا j-يول j-ستوندىكى ئېلېمېنتى 1، قالغان ئېلېمېنتلىرىنىڭ ھەممىسى نول بولغان 3-تەرتىپلىك ماتىرىتسادۇ.

4. ئېنىقلىما: بىر ۋېكتورلۇق بوشلۇق $V$ نىڭ بازىسى ئۆز ئىچىگە ئالغان ۋېكتورلارنىڭ سانىنى $V$ نىڭ ئۆلچەم سانى دەپ ئاتايمىز. بوشلۇق $V$ نىڭ ئۆلچەم سانىنى $\dim V$ بىلەن كورسىتىمىز. روشەنكى 18- مىسالدىكى ۋېكتورلۇق بوشلۇقنىڭ ئۆلچەم سانى 3 بولىدۇ. 19-مىسالدىكى ۋېكتورلۇق بوشلۇقنىڭ ئۆلچەم سانى 9 بولىدۇ.

بىزگە مەلۇمكى ھەر قانداق بىر ۋېكتورنى ئۆزى تەۋە بولغان ۋېكتورلۇق بوشلۇقنىڭ بازىسى ۋېكتورلىرىنىڭ سىزىقلىق كامبىناتسىيەسى بىلەن كورسۈتۈشكە بولىدۇ.

يەنى $\{\alpha_1, \alpha_2, \alpha_3\}$، $F^3$ نىڭ بىر بازىسى بولسا ئۇ ھالدا $\alpha \in F^3$ نى مۇنداق كورسۈتۈشكە بولىدۇ. $\alpha=a_1\alpha_1+a_2\alpha_2+a_3\alpha_3$

$a_1, a_2, a_3$ نى $\alpha$ نىڭ بازىس $\{\alpha_1, \alpha_2, \alpha_3\}$ دىكى كوردىناتى دەيمىز. بىرەر ۋېكتورنىڭ كوردىناتى ئەلۋەتتە بازىسنى تاللاپ ئېلىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ۋېكتورلۇق بوشلۇق $F^3$ نىڭ ئىككى بازىسىغا نىسبەتەن ئېنىقلاندا بىر ۋېكتورنىڭ

كوردىناتى ئادەتتە ئوخشاش بولمايدىغان بولسىمۇ ئاما ئۇلار ئارىسىدا بەلگۈلۈك باغلىنىش بار. $\{\alpha_1, \alpha_2, \alpha_3\}$ بىلەن $\{\beta_1, \beta_2, \beta_3\}$، 3 ئۆلچەملىك ۋېكتورلۇق بوشلۇق $F^3$ نىڭ ئىككى بازىسى بولسۇن ئۇ ھالدا $\beta_j$ نى $\alpha_1, \alpha_2, \alpha_3$ لار بىلەن سىزىقلىق كورسۇتۇشكە بولىدۇ. $j=1,2,,3$،

$$\begin{aligned} \beta_1 &= a_{11}\alpha_1 + a_{21}\alpha_2 + a_{31}\alpha_3 \\ \beta_2 &= a_{12}\alpha_1 + a_{22}\alpha_2 + a_{32}\alpha_3 \qquad (21) \\ \beta_3 &= a_{13}\alpha_1 + a_{23}\alpha_2 + a_{33}\alpha_3 \end{aligned}$$

بۇ يەردە $(a_1j, a_2j, a_3j)$ بولسا $\beta_j$ نىڭ بازىسى $\{\alpha_1, \alpha_2, \alpha_3\}$ دىكى كوردىناتىنىڭ بۇ 3 كوردىناتىنى ستون قىلىپ بىر 3-تەرتىپلىك ماترىتسا تۈزسەك

$$T = \begin{pmatrix} a_{11} & a_{12} & a_{13} \\ a_{21} & a_{22} & a_{23} \\ a_{31} & a_{32} & a_{33} \end{pmatrix}$$

بولىدۇ. ماترىتسا $T$ نى بازىس $\{\alpha_1, \alpha_2, \alpha_3\}$ دىن بازىس $\{\beta_1, \beta_2, \beta_3\}$ غىچە بولغان ئوتكۈنچى ماترىتسا دەپ ئاتايمىز. (21) نى ماترىتسالىق تەڭلىك

$$(\beta_1, \beta_2, \beta_3) = (\alpha_1, \alpha_2, \alpha_3)T \qquad (22)$$

بىلەن كورسۇتۇشكە بولىدۇ. $\xi \in F_3$ نىڭ بازىس $\{\alpha_1, \alpha_2, \alpha_3\}$ دىكى كوردىناتىنى $(x_1, x_2, x_3)$ بىلەن بازىس $\{\beta_1, \beta_2, \beta_3\}$ دىكى كوردىناتىنى $(y_1, y_2, y_3)$ بىلەن كۆرسەتسەك، بىر تەرەپتىن

$$\xi = \sum_{i=1}^{3} x_i \alpha_i = \alpha_1, \alpha_2, \alpha_3) \begin{pmatrix} x_1 \\ x_2 \\ x_3 \end{pmatrix} \qquad (23)$$

يەنە بىر تەرەپتىن

$$\xi = \sum_{i=1}^{3} y_i \beta_i = (\beta_1, \beta_2, \beta_3) \begin{pmatrix} y_1 \\ y_2 \\ y_3 \end{pmatrix} \qquad (24)$$

كورسۇتۇشكە بولىدۇ. (22) نى (24) گە قويۇش ئارقىلىق

$$\xi = ((\alpha_1, \alpha_2, \alpha_3)T) \begin{pmatrix} y_1 \\ y_2 \\ y_3 \end{pmatrix} = (\alpha_1, \alpha_2, {}_3\alpha) \left( T \begin{pmatrix} y_1 \\ y_2 \\ y_3 \end{pmatrix} \right) \qquad (25)$$

غا ئېرىشىمىز تەڭلىك (25) ۋېكتور $\xi$ نىڭ بازىس $\{\alpha_1, \alpha_2, \alpha_3\}$ دىكى كوردىناتى $T \begin{pmatrix} y_1 \\ y_2 \\ y_3 \end{pmatrix}$ بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. ۋېكتور $\xi$ نىڭ بازىسى

$\{\alpha_1,\alpha_2,\alpha_3\}$ دىكى كوردىناتى بىردىن — بىر بەلگۈلىنىدىغان بولغانلىقتىن (23)
بىلەن (25) نى سېلىشتۇرۇپ

$$\begin{pmatrix}x_1\\x_2\\x_3\end{pmatrix} = T\begin{pmatrix}y_1\\y_2\\y_3\end{pmatrix} \qquad (26)$$

غا ئېرىشىمىز.

ئەگەر $\{\alpha_1,\alpha_2,\alpha_3\}$ بىلەن $\{\beta_1,\beta_2,\beta_3\}$، 3 ئۆلچەملىك ۋېكتورلۇق بوشلۇق $F^3$ نىڭ بازىسى بولسۇن ئۆلچەملىك بازىس $\{\varepsilon_1,\varepsilon_2,\varepsilon_3\}$ دىن $\{\alpha_1,\alpha_2,\alpha_3\}$ غىچە بولغان ماتىرىتسانى $A$، $\{\beta_1,\beta_2,\beta_3\}$ غىچە بولغان ماتىرىتسانى $B$ دېسەك ئۇ ھالدا
$(\beta_1,\beta_2,\beta_3) = (\alpha_1,\alpha_2,\alpha_3)A^{-1}B$ بولىدۇ.

20. مىسال: $R^3$ نىڭ ۋېكتورلىرى

$$\alpha_1=(1,1,1),\ \alpha_2=(-2,-1,-2),\ \alpha_3=(1,0,2)$$

$R^3$ نىڭ بىر بازىسىنى تۈزىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ ھەمدە ۋېكتور $\xi=(4,7,6)$ نىڭ بۇ بازىستىكى كوردىناتىنى تېپىڭ.

يېشىش: (1). $(\alpha_1,\alpha_2,\alpha_3) = (\varepsilon_1,\varepsilon_2,\varepsilon_3)\begin{pmatrix}1&-2&1\\1&-1&0\\2&-2&2\end{pmatrix} = (\varepsilon_1,\varepsilon_2,\varepsilon_3)A$

يېزىشقا بولىدۇ. $|A|=1$ بولغانلىقتىن $A$ نىڭ ئەكسى بار. شۇڭا ئۇچۇن $\{\alpha_1,\alpha_2,\alpha_3\}$ بولسا $R^3$ نىڭ بىر بازىسى بولىدۇ. $\xi$ نىڭ بازىس $\{\alpha_1,\alpha_2,\alpha_3\}$ دىكى كوردىناتىنى $(x_1,x_2,x_3)$ دېسەك

$$\begin{pmatrix}x_1\\x_2\\x_3\end{pmatrix} = A^{-1}\begin{pmatrix}4\\7\\6\end{pmatrix} = \begin{pmatrix}-2&2&1\\-2&1&1\\-1&0&1\end{pmatrix}\begin{pmatrix}4\\7\\9\end{pmatrix} = \begin{pmatrix}12\\5\\2\end{pmatrix}$$

بولىدۇ. شۇڭا ئۇچۇن $\xi$ نىڭ بازىس $\{\alpha_1,\alpha_2,\alpha_3\}$ دىكى كوردىناتى $(12,5,2)$ بولىدۇ.

يېشىش: (2). ۋېكتورلار $\alpha_1,\alpha_2,\alpha_3$ سىزىقلىق باغلانمىغانلىقتىن $R^3$ نىڭ بىر بازىسىنى تۈزىدۇ. ۋېكتور $\xi$ نىڭ بۇ بازىستىكى كوردىناتىنى $(x_1,x_2,x_3)$ دېسەك ئۇ ھالدا $\xi = x_1\alpha_1+x_2\alpha_2+x_3\alpha_3$ بولىدۇ.

$$(4,7,6)=x_1(1,1,1)+x_2(-2,-1,-2)+x_3(1,0,2)$$
$$=(x_1-2x_2+x_3,\ x_1-x_2,\ x_1-2x_2+2x_3)$$

$$\begin{cases}x_1-2x_2+x_3=4\\x_1-x_2=7\\x_1-2x_2+2x_3=6\end{cases} \quad \begin{pmatrix}1&-2&1&4\\1&-1&0&7\\1&-2&2&6\end{pmatrix} \to \begin{pmatrix}1&-2&1&4\\0&1&-1&3\\0&-1&2&-1\end{pmatrix} \to \begin{pmatrix}1&0&0&21\\0&1&0&5\\0&0&1&2\end{pmatrix}$$

$$x_1=12,\quad x_2=5,\quad x_3=2$$

بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن $\xi$ نىڭ $\{\alpha_1, \alpha_2, \alpha_3\}$ دىكى كوردىناتى $(12, 5, 2)$ بولىدۇ.

21. مىسال: $\{x^2, x+2, 1\}$ بولسا $F_2[x]$ نىڭ بىر بازىسى بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاڭ ($F_2[x]$، سان ساھاسى $F$ دىكى بارلىق دەرىجىسى 2 دىن چوڭ بولمىغان كوپ ئەزالىق بىلەن، نول كوپ ئەزالىقنى ئوز ئىچىگە ئالىدۇ.) ھەمدە كوپ ئەزالىق $x-1$ نىڭ بۇ بازىسىدىكى كوردىناتىنى تېپىڭ.

يېشىش: (1)

$$(x^2, x+2, 1)=(1, x, x^2)\begin{pmatrix} 0 & 2 & 1 \\ 0 & 1 & 0 \\ 1 & 0 & 0 \end{pmatrix}=(1, x, x^2)A$$

يېزىشقا بولىدۇ. $|A|=-1$ بولغانلىقتىن $A$ نىڭ ئەكسى بار. شۇنىڭ ئۈچۈن $(x^2, x+2, 1)$ بولسا $F_2[x]$ نىڭ بازىسى بولىدۇ. كوپ ئەزالىق $x-1$ نىڭ بۇ بازىسىدىكى كوردىناتىنى $(y_1, y_2, y_3)$ دېسەك.

$$\begin{pmatrix} y_1 \\ y_2 \\ y_3 \end{pmatrix}=A^{-1}\begin{pmatrix} -1 \\ 1 \\ 0 \end{pmatrix}=\begin{pmatrix} 1 & -2 & 0 \\ 0 & 1 & 0 \\ 0 & 0 & 1 \end{pmatrix}\begin{pmatrix} -1 \\ 1 \\ 0 \end{pmatrix}=\begin{pmatrix} -3 \\ 1 \\ 0 \end{pmatrix}$$

بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن $x-1$ نىڭ بۇ بازىسىدىكى كوردىناتى $(-3, 1, 0)$ بولىدۇ.

يېشىش: (2) ئەگەر كوپ ئەزالىق $x^2$، $x+2$، 1 لەرنى ۋېكتور دەپ قارىساق پەقەتلا $K_1=K_2=K_3=0$ بولغاندىلا ئاندىن $K_1x^2+K_2(x+2)+K_3=0$ ئورۇنلۇق بولىدىغانلىقتىن $x^2$، $x+2$، 1 سىزىقلىق باغلانمىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن $F_2[x]$ نىڭ بازىسى بولىدۇ. كوپ ئەزالىق $x-1$ نىڭ بۇ بازىسىدىكى كوردىناتىنى $(y_1, y_2, y_3)$ دېسەك ئۇ ھالدا $x_1-1=y_1x^2+y_2(x+2)+\lambda_3$ بولىدۇ. بۇنىڭدىن $y_1x^2+\lambda_2x+(2y_2+y_3)=x-1$ گە ئېرىشىمىز ئىككى كوپ ئەزالىقنىڭ تەڭلىك شەرتىگە ئاساسەن.

$$\begin{cases} y_1=0 \\ y_2=1 \\ y_3+2y_2=-1 \end{cases}\qquad\qquad \begin{cases} y_1=0 \\ y_2=1 \\ y_3=-3 \end{cases}$$

غا ئېرىشىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن كوپ ئەزالىق $x-1$ نىڭ بازىس $\{x^2, x+2, 1\}$ دىكى كوردىناتى $(-3, 1, 0)$ بولىدۇ.

5. 3 ـ تەرتىپلىك ماترىتسا ۋە سىزىقلىق ئالماشتۇرۇش. بىز تۆۋەندە پەقەت 3 ئۆلچەملىك ھەقىقى ۋېكتور بىلەن 3 ـ تەرتىپلىك ماترىتسا چەكلىمىسى بويىچە ئالدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سىزىقلىق ئالماشتۇرۇش چۈشەنچىسىنى تونۇشتۇرىمىز، ئاندىن ماتىرىتسا بىلەن سى— زىقلىق ئالماشتۇرۇشنىڭ مۇناسىۋىتىنى ۋە ئالماشتۇرۇشنىڭ ئەمەللىرىنى مۇھاكىمە قىلىمىز.

1. ئېنىقلىما: $F$ بىر سان ساھاسى، $R_3$ بولسا $F$ دىكى ۋېكتورلۇق بوشلۇق بول— سۇن. ئەگەر $R_3$ دىن ئۇنىڭ ئۆزىگىچە بولغان بىر قېتىملىق ئەكس ئەتتۈرۈش $\sigma$ تۆۋەندىكى ئىككى شەرتنى؛ يەنى

$1^0$. خالىغان $\xi, \eta \in R_3$ نىسپەتەن $\sigma(\xi+\eta)=\sigma(\xi)+\sigma(\eta)$ بولسا $2^0$. خالىغان $a \in F$ ، $\xi \in R_3$ غا نىسبەتەن $\sigma(a\xi)=a\sigma(\xi)$ بولسا—نى قانائەتلەندۈرسە ئۇ، ھالدا بىز $\sigma$ نى سىزىقلىق ئالماشتۇرۇش دەيمىز.

22. مىسال: $R_3$ نىڭ ھەر بىر ۋېكتورى $\xi=(x_1, x_2, x_3)$ غا نىسبەتەن

$$\sigma(\xi)=x_1+x_2, x_2, 2x_3) \in R_3$$

ئېنىقلانغان بولسا ئۇ ھالدا $\sigma$، $R_3$ دىن ئۇنىڭ ئۆزىگىچە بولغان بىر قېتىملىق ئەكس ئەتتۈرۈش بولۇپ ئۇ ئىككى شەرتنى قانائەتلەندۈرىدۇ.

$1^0$. $\xi=(x_1, x_2, x_3)$، $\eta=(y_1, y_2, y_3)$، $R_3$ نىڭ خالىغان ئىككى ۋېكتورى

$$\begin{aligned}\sigma(\xi+\eta)&=\sigma(x_1+y_1, x_2+y_2, x_3+y_3)\\&=(x_1+y_1+x_2+y_2,\ x_2+y_2,\ 2x_3+2y_3)\\&=(x_1+x_2, x_2, 2x_3)+(y_1+u_2, y_2, 2y_3)\\&=\sigma(\xi)+\sigma(\eta)\end{aligned}$$

$2^0$. $a \in F$، $\xi \in R_3$ $\xi=(x_1, x_2, x_3)$

$$\begin{aligned}\sigma(a\xi)&=\sigma(ax_1, ax_2, ax_3)\\&=(ax_1+ax_2, ax_2, 2ax_3)\\&=a(x_1+x_2, x_2, 2x_3)=a\sigma(\xi)\end{aligned}$$

شۇنىڭ ئۈچۈن $\sigma$ بولسا سىزىقلىق ئالماشتۇرۇش بولىدۇ.

23. مىسال: $A$ سان ساھاسى $F^3$ دىكى 3—تەرتىپلىك ماترىتسا بولسۇن ۋە ئېلې— مېنتلىق ۋېرتىكال بوشلۇق $F^3$ نىڭ ھەر بىر ۋېكتورى

$$\xi=\begin{pmatrix}x_1\\x_2\\x_3\end{pmatrix}$$

غا نىسبەتەن $\sigma(\xi)=A\xi$ دەپ بەلگۈلىسەك، $\sigma$ بولسا $F^3$ نىڭ بىر قېتىملىق

سىزىقلىق ئـالماشتۇرۇشى بولىدۇ. چۈنكى $a \in F$ ، $\xi, \eta \in F^3$ گە نىسبەتەن

$$1^0 \qquad \sigma(\xi+\eta)=A(\xi+\eta)=A\xi+A\eta=\sigma(\xi)+\sigma(\eta)$$

$$2^0 \qquad \sigma(a\xi)=A(a\xi)=(Aa)\xi=a(A\xi)=a\sigma(\xi)$$

ئورۇنلۇق بولىدۇ. يەنى $1^0$ ، $2^0$ شەرتىنى قانائەتلەندۈرىدۇ. بۇ يەردە $\sigma(\xi)$ بىر ئۈچ يول بىرسىتونلۇق ماترىتسا بولۇپ $F^3$ گە تەۋە.

24. مىسال: $F_2[x]$ نىڭ ھەر بىر كۆپ ئەزاسى $f(x)$ گە نىسبەتەن

$$\sigma(f(x))=f'(x)$$

دەپ بېكىتسەك ھاسىلىنىڭ ئاساسلىق خۇسۇسىيىتىگە ئاساسەن $\sigma$ بولسا $F_2[x]$ نىڭ بىر قېتىملىق سىزىقلىق ئالماشتۇرۇشى بولىدۇ. چۈنكى:

$f(x), g(x) \in F_2[x]$ ، $a \in F$ غا نىسبەتەن.

$$1^0. \qquad \sigma(f(x)+g(x))=(f(x)+g(x))'=f'(x)+g'(x)=\sigma(f(x))+\sigma(g(x))$$

$$2^0. \qquad \sigma(af(x))=(af(x))'=af'(x)=a\sigma(f(x))$$

ئورۇنلۇق بولىدۇ. يەنى $1^0$، $2^0$ شەرتىنى قانائەتلەندۈرىدۇ. ۋېكتورلۇق بوشلۇق $R_3$ دىكى تەپمۇ-تەڭ ئالماشتۇرۇشنى بىرلىك ئـالماشتۇرۇش دەپ ئاتايمىز ئۇنى E بىلەن

$E(\alpha)=\alpha \qquad \alpha \in R_3$ كۆرسىتىمىز.

$0(\xi)=0$ نى نوللۇك ئالماشتۇرۇش دەپ ئاتايمىز.

2. ئېنىقلىما: ئەگەر بىر ئالماشتۇرۇش $\varphi$ ئالدى بىلەن ئالماشتۇرۇش $\sigma$ نى ئېلىپ بېرىپ ئاندىن ئالماشتۇرۇش $\tau$ نى ئېلىپ بارغاندىن كېيىن ئېرىشىلگەن بولسا ئۇ ھالدا ئالماشتۇرۇش $\tau$ بىلەن $\sigma$ نىڭ كۆپەيتمىسى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇنى $\varphi=\tau\sigma$ يازىمىز. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا $R_3$ نىڭ خالىغان بىر ۋېكتورى $\xi$ غا نىسبەتەن $\varphi(\xi)=\tau(\sigma(\xi))$ نى كۆرسىتىدۇ. سىزىقلىق ئالماشتۇرۇشنىڭ كۆپەيتمىسى يەنىلا سىزىقلىق ئالماشتۇ- رۇش بولىدۇ. چۈنكى

$$1^0. \qquad \varphi(\xi+\eta)=\tau(\sigma(\xi+\eta))=\tau(\sigma(\xi)+\sigma(\eta))$$
$$=\tau(\sigma(\xi))+\tau(\sigma(\eta))=\varphi(\xi)+\varphi(\eta)$$

$$2^0. \varphi(a\xi)=\tau(\sigma(a\xi))=\tau(a\sigma(\xi))=a\tau(\sigma(\xi))=a\varphi(\xi)$$

سىزىقلىق ئالماشتۇرۇشنىڭ كۆپەيتمىسى ئورۇن ئالماشتۇرۇش قانۇنىنى قانائەتلەن- دۈرمەيدۇ. $\sigma$ بولسا 22-مىسالدىكى ئالماشتۇرۇش،

$\tau(x_1, x_2, x_3)=(x_1, x_1-x_2, x_3)$ ئالماشتۇرۇش بولسۇن،

$$(\sigma\tau)(\xi)=\sigma(\tau(\xi))=\sigma(x_1, x_1-x_2, x_3)=(2x_1-x_2, x_1-x_2, 2x_3)$$

$$(\tau\sigma)(\xi)=\tau(\sigma(\xi))=\tau(x_1+x_2, x_2, 2x_3)=(x_1+x_2, x_1, 2x_3)$$

$(x_1+x_2, x_1, 2x_3)\neq(2x_1-x_2, x_1-x_2, 2x_3)$ بولغانلىقتىن $\tau\sigma\neq\sigma\tau$ بولىدۇ.

3. ئېنىقلىما: بىر ئالماشتۇرۇش $\varphi$، $R_3$ دىكى ھەر بىر ۋېكتور $\xi$ نى $\sigma(\xi)+\tau(\xi)$ غا ماس قىلالىسا يەنى $\varphi=\sigma+\tau$، $R_3$ دىكى خالىغان بىر ۋېكتور $\xi$ غا نىسبەتەن $\varphi(\xi)=\sigma(\xi)+\tau(\xi)$ نى كۆرسىتەلىسە ئۇ ھالدا بىز $\varphi$ نى سىزىقلىق ئالماشتۇرۇش $\sigma$ بىلەن $\tau$ نىڭ يىغىندىسى دەيمىز. ئىككى سىزىقلىق ئالماشتۇرۇشنىڭ يىغىندىسى يەنىلا سىزىقلىق ئالماشتۇرۇش بولىدۇ. چۈنكى ئۇ $1^0$، $2^0$، شەرتىنى قانائەتلەندۈرىدۇ. سىزىقلىق ئالماشتۇرۇشنىڭ قوشۇش ئەمەلى بىلەن كۆپەيتىش ئەمەلى

$$\sigma+\tau=\tau+\sigma$$

$$(\sigma+\tau)+\rho=\sigma+(\tau+\rho)$$

$$(\sigma+\tau)\rho=\sigma\rho+\tau\rho$$

$$\rho(\sigma+\tau)=\rho\sigma+\rho\tau$$

نى قانائەتلەندۈرىدۇ.

سان ساھاسى $F$ دىكى سان $K$ بىلەن $R_3$ نىڭ بىر سىزىقلىق ئالماشتۇرۇش $\sigma$ نىڭ كۆپەيتمىسى $K\sigma$ يەنىلا بىر سىزىقلىق ئالماشتۇرۇش بولىدۇ. بۇنى سانلىق كۆپەيتىلمىلىك ئالماشتۇرۇش دەپ ئاتايمىز. تۆۋەندىكى ئەمەللەر قانۇنىنىڭ ئورۇنلۇق بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاش ئوڭاي

$$K(\sigma+\tau)=K\sigma+K\tau$$

$$(K+l)\sigma=K\sigma+l\sigma$$

$$(Kl)\sigma=K(l\sigma)$$

$$1\sigma=\sigma$$

4. ئېنىقلىما: ئەگەر $\sigma\tau=\tau\sigma=E$ بولسا ($E$ بىرلىك ئالماشتۇرۇش) ئۇ ھالدا ئالماشتۇرۇش $\tau$ نى ئالماشتۇرۇش $\sigma$ نىڭ ئەكس ئالماشتۇرۇشى دەپ ئاتايمىز. ئۇنى $\sigma^{-1}$ بىلەن كۆرسىتىمىز.

سىزىقلىق ئالماشتۇرۇش كۆپەيتىشكە نىسبەتەن بىرلەشتۈرۈش قانۇنىنى قانا—

ئەتلەندۇرگەنلىكتىن سىزىقلىق ئالماشتۇرۇش $\sigma$ نى قايتا—قايتا (تەكرار) كۆپەيتسەك ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نەتىجىسى پۈتۈنلەي بەلگۈلەنگەن بولىدۇ. ئۇ كۆپەيتمىنىڭ بىرلەشتۈرۈش ئۇسۇلى بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولىدۇ. شۇڭا $n$ ئوڭ پۈتۈن سان بولغاندا

$$\overbrace{\sigma\cdot\sigma\cdot\sigma\cdots\sigma}^{n\text{ دانە}}=\sigma^{n}$$

بولىدۇ. $$f(x)=a_0+a_1x+a_2x^2$$

$F[x]$ دىكى بىر كۆپ ئەزالىق، $\sigma$، $R_3$ نىڭ بىر ئالماشتۇرۇشى بولسۇن

بىز $$f(\sigma)=a_0E+a_1\sigma+a_2\sigma^2$$ بەلگىلەيمىز.

ئايدىڭكى $f(\sigma)$ بىر سىزىقلىق ئالماشتۇرۇش بولىدۇ. ئۇنى سىزىقلىق ئالماشتۇرۇش $\sigma$ نىڭ كۆپ ئەزاسى دەيمىز. ئەندى ئۈچ تەرتىپلىك ماترىتسا بىلەن سىزىقلىق ئالماشتۇرۇشنىڭ مۇناسىۋىتى ئۈستىدە توختىلىمىز.

$R_3$، سان ساھاسى $F$ دىكى بىر 3 ئۆلچەملىك ۋېكتورلۇق بوشلۇق بولسۇن $\sigma$ نى ئۇنىڭ بىر قېتىملىق سىزىقلىق ئالماشتۇرۇشى دېسەك $R_3$ نىڭ بىر بازىسى $\{\alpha_1,\alpha_2,\alpha_3\}$ نى بەلگۈلىگەندىن كېيىن خالىغان بىر ۋېكتور $\xi$ نى

$$\xi=x_1\alpha_1+x_2\alpha_2+x_3\alpha_3$$

كۆرسۈتۈشكە بولىدۇ. $\sigma(\xi)$ يەنىلا $R_3$ گە تەۋە بولىدىغانلىقتىن

$$\sigma(\xi)=y_2\alpha_1+y_2\alpha_2+y_3\alpha_3 \qquad (27)$$

يېزىشقا بولىدۇ. $(y_1, y_2, y_3)$ بولسا $\sigma(\xi)$ نىڭ $\{\alpha_1,\alpha_2,\alpha_3\}$ بازىسىدىكى كوردىناتىدۇر.

$$\sigma(\alpha_1)=a_{11}\alpha_1+a_{21}\alpha_2+a_{31}\alpha_3$$

$$\sigma(\alpha_2)=a_{12}\alpha_1+a_{22}\alpha_2+a_{32}\alpha_3 \qquad (28)$$

$$\sigma(\alpha_{13})=a_{13}\alpha_1+a_{23}\alpha_2+a_{33}\alpha_3$$

كۆرسەتسەك ھەمدە
$$\Lambda=\begin{pmatrix} a_{11} & a_{12} & a_{13} \\ a_{21} & a_{22} & a_{23} \\ a_{31} & a_{32} & a_{33} \end{pmatrix}$$

دەپ ئالساق 3—تەرتىپلىك ماترىتسا $\Lambda$ نى سىزىقلىق ئالماشتۇرۇش $\sigma$ نىڭ $\{\alpha_1,\alpha_2,\alpha_3\}$ بازىسىدىكى ماترىتساسى دەپ ئاتايمىز.

يۇقۇرقىلاردىن (29) $$\begin{pmatrix} y_1 \\ y_2 \\ y_3 \end{pmatrix}=\Lambda\begin{pmatrix} x_1 \\ x_2 \\ x_3 \end{pmatrix}$$ غا ئېرىشىمىز.

www.uyghurkitap.com

25. مىسال: سىزىقلىق ئۆزگىرىش $\sigma$، $\sigma(\xi)=K\xi$ بولغاندا ئۇنىڭ $R_3$ نىڭ خالىغان بىر بازىسىدىكى ماترىتساسى

$$\begin{pmatrix} K & 0 & 0 \\ 0 & K & 0 \\ 0 & 0 & K \end{pmatrix}$$

بولىدۇ. $\sigma(\xi)=\xi$ بولغاندا

$$\begin{pmatrix} 1 & 0 & 0 \\ 0 & 1 & 0 \\ 0 & 0 & 1 \end{pmatrix}$$

بولىدۇ. $\sigma(\xi)=0$ بولغاندا

$$\begin{pmatrix} 0 & 0 & 0 \\ 0 & 0 & 0 \\ 0 & 0 & 0 \end{pmatrix}$$

بولىدۇ. سىزىقلىق ئالماشتۇرۇش بىلەن ماترىتسا ئوتتۇرىسىدا تۆۋەندىكىدەك ماسلىق خۇسۇسىيەت مەۋجۇت.

1) سىزىقلىق ئالماشتۇرۇشنىڭ يىغىندىسى ماترىتسانىڭ يىغىندىسىغا ماس.

2) سىزىقلىق ئالماشتۇرۇشنىڭ كۆپەيتمىسى ماترىتسانىڭ كۆپەيتمىسىگە ماس.

3) سىزىقلىق ئالماشتۇرۇشنىڭ سانلىق كۆپەيتمىسى ماترىتسانىڭ سانلىق كۆپەيتمىسىگە ماس.

4) ئەكسى بار سىزىقلىق ئالماشتۇرۇش بىلەن ئەكسى بار ماترىتسا ماس. ھەمدە ئەكسى بار ئالماشتۇرۇش ئەكسى بار ماترىتساغا ماس.

$\sigma$، $\tau$ نىڭ بازىس $\{\alpha_1,\alpha_2,\alpha_3\}$ دىكى ماترىتساسىنى $B$، $A$ دىسەك

$$(\sigma\tau)(\alpha_1,\alpha_2,\alpha_3)=\sigma[\tau(\alpha_1\alpha_2,\alpha_3)]=\sigma[(\alpha_1,\alpha_2,\alpha_3)B]$$

$$[=\sigma(\alpha_1,\alpha_2,\alpha_3)]B=(\alpha_1,\alpha_2,\alpha_3)AB$$

بۇ 2) خۇسۇسىيەتنىڭ توغرىلىقىنى كۆرسىتىدۇ. قالغانلىرىنىمۇ مۇشۇ خىل ئۇسۇل بىلەن ئىسپاتلاشقا بولىدۇ.

ئەگەر $\sigma$ نىڭ $\{\alpha_1,\alpha_2,\alpha_3\}$ بازىسىدىكى ماترىتساسىنى $A$ بىلەن $\{\beta_1,\beta_2,\beta_3\}$ بازىسىدىكى ماترىتساسىنى $B$ بىلەن كۆرسەتسەك ئۇ ھالدا

$$B=T^{-1}\Lambda T \qquad (30)$$

بولىدۇ. $T$ بولسا بازىس $\{\alpha_1,\alpha_2,\alpha_3\}$ دىن بازىس $\{\beta_1,\beta_2,\beta_3\}$ غىچە بولغان ئۆتكۈنچى ماترىتسادۇر.

تەڭلىك (30) بىر سىزىقلىق ئالماشتۇرۇشنىڭ ئىككى بازىسىدىكى ماترىتسالىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئەگەر تەڭلىك (30) ئورۇنلۇق بولسا ئۇ ھالدا (ئەكسى بار ماترىتسا $T$ مەۋجۇت بولسا) $A$ بىلەن $B$ نى ئوخشاش دەپ $A\sim B$ كۆرسىتىمىز.

26. مىسال: $F$ دىكى 3 ئۆلچەملىك ۋېكتورلۇق بوشلۇقنىڭ سىزىقلىق ئالماشتۇرۇشى $\sigma$ نىڭ $\{\alpha_1,\alpha_2,\alpha_3\}$ بازىسىدىكى ماترىتساسى

$$A=\begin{pmatrix}4&6&0\\-3&-5&0\\-3&-6&1\end{pmatrix}$$

بېرىلگەن بولسا $\sigma$ نىڭ بازىسى

$$\beta_1=-2\alpha_1+\alpha_2$$
$$\beta_2=\alpha_3$$
$$\beta_2=-\alpha_1+\alpha_2+\alpha_3$$

دىكى ماترىتساسىنى تېپىڭ.

يېشىش: $\because \sigma(\alpha_1,\alpha_2,\alpha_3)=(\alpha_1,\alpha_2,\alpha_3)A$

$$(\beta_1,\beta_2,\beta_3)=(\alpha_1,\alpha_2,\alpha_3)\begin{pmatrix}-2&0&-1\\1&0&1\\0&1&1\end{pmatrix}=(\alpha_1,\alpha_2,\alpha_3)T$$

شۇنىڭ ئۈچۈن $\sigma$ نىڭ $\{\beta_1,\beta_2,\beta_3\}$ بازىسىدىكى ماترىتساسىنى $B$ دىسەك

$$B=T^{-1}AT$$

$$B=\begin{pmatrix}-1&-1&0\\-1&-2&1\\1&2&0\end{pmatrix}\begin{pmatrix}4&6&0\\-3&-5&0\\-8&-6&1\end{pmatrix}\begin{pmatrix}-2&0&-1\\1&0&1\\0&1&1\end{pmatrix}=\begin{pmatrix}-1&-1&0\\-1&-2&1\\-2&-4&0\end{pmatrix}$$ بولىدۇ.

$$\begin{pmatrix}-2&0&-1\\1&0&1\\0&1&1\end{pmatrix}=\begin{pmatrix}1&0&0\\0&1&0\\0&0&-2\end{pmatrix}$$

27. مىسال: $A$ بولسا 26-مىسالدىكىدەك بېرىلگەن $A^{15}$ نى تېپىڭ.

يېشىش: $\because B=T^{-1}AT \qquad \therefore A=TBT^{-1}$

$$\because \quad A=(T^{-1})^{-1}BT^{-1},\ \therefore A^{15}=[(T^{-1})^{-1}BT^{-1}]^{15}=TB^{15}T^{-1}$$

$$A^{15}=\begin{pmatrix}-2&0&-1\\1&0&1\\0&1&1\end{pmatrix}\begin{pmatrix}1&0&0\\0&1&0\\0&0&2^{15}\end{pmatrix}\begin{pmatrix}-1&-1&0\\-1&-2&1\\1&2&0\end{pmatrix}=\begin{pmatrix}-2&0&-2^{15}\\1&0&2^{15}\\0&1&2^{15}\end{pmatrix}$$

$$\begin{pmatrix}-1&-1&0\\-1&-2&1\\1&2&0\end{pmatrix}=\begin{pmatrix}2-2^{15}&2-2^{16}&0\\-1+2^{15}&-1+2^{16}&0\\-1+2^{15}&-2+2^{16}&1\end{pmatrix}$$

AltunOq

www.uyghurkitap.com

مۇقاۋىدىكى ھۆسنىخەتنى ئەخمەت ھاجى مۇھەممەدى يازغان


# قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى

1984-يىل 1-سان (ئومۇمىي 14-سان)

قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى

تەھرىر ھەيئىتى تەرىپىدىن تۈزۈلدى

يېزا ئىگىلىك 1 — دىۋىزىيە باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى